غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

# ياشلىق بېغى

(1992 — 2012 - يىللار)



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap

图书在版编目(CIP)数据

青春之园：维吾尔文 / 霍吉穆罕买提·穆罕买提著. —
喀什：喀什维吾尔文出版社，2014.12
ISBN 978-7-5373-3725-0

Ⅰ.①青… Ⅱ.①霍… Ⅲ.①短篇小说-小说集-中国-
当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第302754号

策　　划：艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任编辑：古丽巴哈尔·麦麦提依明
特约编辑：日孜万古力·喀哈尔
责任校对：热孜万古丽·阿不来提
封面设计：努尔买买提·吾买尔

青春之园

编　　者：霍吉穆罕买提·穆罕买提
出　　版：新疆人民出版总社
　　　　　喀什维吾尔文出版社
电　　话：0998-2653927
地　　址：喀什市塔吾古孜路14号
邮　　编：844000
发　　行：新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷：新疆新华印刷厂
开　　本：880×1230 毫米　1/32
印　　张：9.25
版　　次：2014年12月第1版
印　　次：2015年6月第1次印刷
定　　价：40.00元

# مۇندەرىجە

## نەسرلەر


گۆر ........................ 3
كۈتۈش دەملىرى ........................ 4
ئەتە... ........................ 5
ئېچىنىش ........................ 6
تۈن باغلىرى ........................ 7
يۈرىكىم تېپىرلايدۇ........................ 8
پىچىرلايدۇ لېۋىلىڭ شىرىكەيىپ ........................ 9
دوستۇم ........................ 10
كۈرەش ........................ 11
سەن سەھرانىڭ قوشاقلىرىدا ........................ 12
مۇھەببەت ئاچچىق، مۇھەببەت شېرىن ........................ 13
ھىجران ........................ 14
سىلەر بىلمەيسىلەر ........................ 15
كۆلەڭگەمنى ئۆلتۈرىۋەتتىم ........................ 16
شەيتان ........................ 17
يەنە، مۇھەببەت... ........................ 18
بوۋام ........................ 19
ئايرىلىش ........................ 20
ئېيتە، ئانا ........................ 21
ھىجران كېچىسى ........................ 23

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap


ئانامنىڭ مەن ئۆلگەن چۈشى ........................................ 24
سۆيگۈ داۋاملىشىۋاتقان جاي ........................................ 25
كۆردۈڭلارمۇ؟ ........................................ 26
كوچىدىكى ئايال ........................................ 27
تەنتەك شائىر ........................................ 28
ياق، ئۇنداق ئەمەس! ........................................ 29
خوش، لەيلى ........................................ 30
سامان يولى ........................................ 31
مۇناردىكى ئاي ........................................ 32
قاۋاق خاتىرىسى........................................ 37
ئوغلۇمغا دەيدىغانلىرىم ........................................ 39
ئۆلۈم دەرۋازىسىنى ئەتمەيدۇ ........................................ 43
مەيلى ........................................ 44
كۆك يۆتەل ........................................ 45
بىكەت ........................................ 46
كۆز يېشىنىڭ ئەسلىمىسى ........................................ 47
قەلەندەرخانا ........................................ 48
نالە ........................................ 49
شەھەر ـــ مېنىڭ مەغلۇبىيىتىم ........................................ 50
بىرىنچى كېچە ........................................ 52
بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان ........................................ 53
باھار ھىدى ........................................ 54
شائىرنىڭ مۇھەببىتى ........................................ 55
مۇمكىن ئەمەس... ........................................ 56
مەن نېمىشقا شېئىر يازىمەن ........................................ 57
ئۆزۈمگە قارشى ........................................ 58
مىسكىن ........................................ 59
شايى ـ ئەتلەس قىز ........................................ 60

ئوبۇل ھاشىم مۇنداق دېدى... .................... 61
سەھنىدىكى قەلەندەر .................... 62
ئېھ، دىلبەر .................... 64
دەڭلار... .................... 65
روھ ناخشىسى .................... 66
شاماللار، بىردەم توختا .................... 67
ياشلىق باغلىرى .................... 70
خىياللار .................... 72
ئاشىق رىۋايىتى .................... 74
تەنلەر تىلسىمى .................... 77
ئۆلۈم ئۈزۈندىلىرى .................... 81
بىرلا ئاپتوبۇسى بار بېكەت .................... 86
ئاتام ھەققىدە ھېكايىلەر .................... 88
كىتابلىرىمنى سېتىۋەتتىم .................... 91
تۇرمۇش پۇتۇكلىرى .................... 95
يامان ئادەم .................... 100
كامىلنىڭ 13 كېچىسى .................... 105

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

نەدىسەن مېھىر ـ مۇھەببەت؟! .................... 115
قىزىل توخۇ ۋە قارا توخۇ .................... 118
كىتاب ئارقىلىق.................... 121
مەن شۇنداق ئويلايمەن .................... 124
ئېتىقاد ھەققىدە .................... 126
پۇقرا .................... 128
يالغۇز ئاياغ يول .................... 129
خۇشال كىشىلەر .................... 131

## ئەركىن يازمىلار


قەلب خاتىرىلىرى ........................................ 135
بىر تاغقا چىقىپ، ھەممە تاغدىن چۈشكەن سەيياھ ............ 141
مېنى شائىر دېدىلەر ...................................... 153


## ئەسلىمە


ئۇنىڭ ئىسمىدىن كۆتۈرۈلمەس ئىككى ئىشى .................. 163


## سۆھبەتلەر


غوجىمۇھەممەدنىڭ بايانى .................................. 175
مەن ئۆزۈمنىڭ چىغىر يولىدا ماڭىمەن ........................ 197
شائىر بىلەن سۆھبەت ...................................... 223
شائىر قانداق ئادەم؟ ...................................... 231
شېئىر بىزگە ناتونۇش ئەمەس ................................ 272



KUTADGU BİLİG KİTAP EVİ
قۇتادغۇ بىلىك كىتاپخانىسى
0212 579 61 03
Kartaltepe Mah Geçit Sok No:19A Küçükçekmece İSTANBUL



# نەسرلەر

# گۆر

— گۆرنى ھېس قىلالامسەن؟ — سورىدى بىراۋ.

— قىلالايمەن، — دېدىم مەن، — ئۇ قەلبىمگە تەققاس، ئۇنىڭغا مېنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىم دەپنە قىلىنغان.

1992 ـ يىلى ماي، خوتەن

www.uyghurkitap

# كۆتۈش دەملىرى

— تۈن بويى ئىشىكىڭ ئالدىدا سېنى ساقلىدىم، — دېدىم جانانىمغا.

— تورۇكلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدىم، — دېدى جانانىم.

— سەن مېنىڭ بوسۇغاڭغا تامچىلاۋاتقان كۆز ياشلىرىمنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلاپسەن.

— تۈن بويى بوران توختىمىدى.

— ئۇ مېنىڭ تىنىقلىرىم ئىدى.

— ناگان ـ ناگاندا دەھشەتلىك چاقماق ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ تۇردۇم.

— ئۇ مېنىڭ ئاھ ئۇرۇشلىرىم.

— كېيىن قاتتىق يەر تەۋرەپ، بوران ۋە چاقماق بىراقلا توختىدى.

— ئۇ مېنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كۆلبەمگە يول ئالغان چاغلىرىم.

1992 ـ يىلى سېنتەبىر، خوتەن

# ئەته...

مەن ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالغىنىمنى، كۆرەر كۆزۈمنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتىم.

— تەخىر قىل، — دېدى ئۇ، — ئەته ئۆلۈپ كېتىمەن!

ئۇزاق يىللاردىن كېيىن يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق، ھەيرانلىق ۋە تەئەججۈپ ئىلكىدە ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— قانچە يىللار ئىلگىرىلا «ئەته ئۆلۈپ كېتىمەن!» دېگەن ئىدىڭ، ئەجەبا، بۈگۈنگىچە تىرىك يۈرسەنغۇ؟!

— ئەته ئۆلۈپ كېتىمەن! — دېدى ئۇ يەنە، — ھايات بۈگۈنگە تەئەللۇق، ئەته — ئۆلۈمنىڭ دەل ئۆزى.

ئۇ يەنە قوشۇپ قويدى:

— ئۆلگەندىن كېيىن ئەته بولمايدۇ.

1993 ـ يىلى مارت، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# ئېچىنىش

ئېچىنىمەن ھاياتنىڭ يېرىمىنى كۆرەلمەي يېتىپ كېتىۋاتقان قوياشقا؛ ئېچىنىمەن ھاياتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارغا؛ ئېچىنىمەن تەڭرىنىڭ ئۆلۈم ئاتلىق مەرھەمىتى ئۈچۈن تۇغۇلۇۋاتقانلارغا؛ ئېچىنىمەن يارىلالمىغان ئۆلمەس شېئىرلارغا؛ ئېچىنىمەن بارچە ئېچىنىشلىرىمغا...

ئىشەن ئەزىزىم، شېئىرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىسراسىدىن مېنىڭ قىلچە ئېچىنىشلىق بولمىغان ئۆلۈم خەۋىرىمنى ئاڭلايسەن!

1993 ـ يىلى 12 ـ دېكابىر، خوتەن

# تۈن باغلىرى

تۈن باغلىرىدىكى بۇلبۇل پىغانى تەكرار مۇقامىڭغا ئەسلا ئوخشىماس.

ئارىمىزدا مەۋجۇت شۇنداق بىر ئىشەنچ: تۈلكە ئۆز بالىسىغا ئىشەنمىگەندەك؛ جانان، چوققىدىكى بۈركۈت كۆزلىرى قەپەس سىملىرىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەس؛ ساڭا دەستە ـ دەستە نۇرىنى سوۋغا قىلغان باھادىر قۇياش ئەسلا ۋە ئەسلا تۈنلىرىڭگە ھامىي بولالماس؛ بېغىشلانغان نەرسىلەر ئۆلۈكتۇر ھامان، ئىلاھسىز ئىنسان ئىلاھتۇر شەكسىز، يۈرەك ئۇ قۇش ئەمەس، ئۇچالماس يۈرەك...

كالا ئېيتار: بويۇنتۇرۇقتا ساپان سۆرەيمەن، تاتلىق بولغاچقا سارغايغان سامان؛ ئىت ئېيتار: رەنجىرگە رازىمەن، يۇمشاق بولغاچقا ئاپئاق ئۇستىخان؛ سەن ئېيتارسەن: بەختلىكمەن، كالا، ئىت ئەمەس، بولغاچقا ئىنسان. لېكىن سەن ۋە كالا، ئىت ۋە سەن... ئايرىماق تەستۇر ئۆزگىچە ھامان!

1994 ـ يىلى 12 ـ فېۋرال، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# يۈرىكىم تېپىرلايدۇ

يۈرىكىم تېپىرلايدۇ.
نەپىسىم ئورمىنىنىڭ كۆچمەن قۇشلىرى ئۇنى چوقۇلاپ ئۆتەر.
سەرگەردان سۈپەتلەر قاسىراق تاشلىغان پېتى ئۇنى چۆرگىلەپ يۈرەر.
مۇھەببەت مېۋىلىرى مەي باغلاپ پىشار.
ھەۋەس شامالللىرى ئۇنى ئىرغىتار.
قەسەم ئوقلىرى تېگىپ تۇرار.
غۇرۇر تىغلىرى لەختە ـ لەختە قان قىلار.
تۇرمۇش غەملىرى زىندان كەبى قورشاپ ئالار.
...
شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ھەقىقەتكە قاراپ قويار، زىندانىنىڭ تاملىرىغا كىچىككىنە مۇشتۇمىنى تەڭلەپ قويار.

1994 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇن، خوتەن

# پىچىرلايدۇ لېۋىڭ شىركەيپ

پىچىرلايدۇ لېۋىڭ شىركەيپ، قەلبىڭدە بورانلار چىرقىرايدۇ، كىرپىكلىرىڭنىڭ ئارقىسىدا بىر كىم ئىسمىڭنى ۋارقىرايدۇ... ئىشىنىمەن، مېنى دىلدىن سۆيگىنىڭ يالغان.

كۆزلىرىڭدۇر دولقۇنلۇق دېڭىز، ساھىلدا، بىر مىسكىن بېلىقچى ئولتۇرىدۇ قارماق سېلىپ... ئۇ مەن، ئېزىپ سۆيگۈ تۇمانلىرىدا، كۆز يېشىڭغا سالىمەن قارماق.

...

تۆكمە بولدى سىرىڭنى، ئىشىنىمەن سىرلىرىڭ باشقا. ئەسلەيمەن ئاھ، سېنى بىر ئۆمۈر، ئىسمىڭنى ئويۇپ باغرىمدىكى تاشقا.

سۆيمە بولدى، سۆيمىگىن مېنى، ئىشىنىمەن سۆيگۈنىڭ باشقا. بېغىشلايمەن مېھرىمنى مەڭگۈ، كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن ياشقا.

پىچىرلايدۇ لېۋىڭ شىركەيپ...

1994 ـ يىلى 24 ـ ئىيۇن، خوتەن

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# دوستۇم

خۇشال كۈنلەرنى ئەسلىمىسەڭ مەيلى، پۈتۈن ئۆمرۈمدە تۆككەن بىر تامچە ئاچچىق يېشىمنى ئۇنتۇمىساڭلا رازىمەن دوستۇم.

سەندە بىر ناخشا بار، مەندىمۇ بىر ناخشا بار، ئاۋازىمىز بىرلەشمەي تۇرۇپ ئۇ ناخشىنى ئېيتالمايمىز. ئاشۇ ناخشىنى ئېيتماق بولغىنىڭدا يېنىڭدا بولمىسام، ئاۋازىڭدا پەقەت بىر لەھزىلا ھېسسىياتىم بولسا سەندىن رازىمەن دوستۇم.

تويغا ماڭغاندا ئالدىمدا ماڭساڭ مەيلى، ئۆلۈمگە ماڭغاندا مېنى ئالدىڭدا ماڭغىلى قوي.

كۈلكە ـ چاقچاقلىرىمغا تېز كەل، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىمدىن يىراق بول.

...

سەندىن تىلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى رازىلىقىم شۇكى: كۆڭلۈڭ باغلىرىدا ياشنىغان، يۈرەك قانلىرىڭدا ئايىنىغان، روھىڭ بورانلىرىدا سولمىغان ئاشۇ كىچىككىنە رازىلىقىڭنى بەرسەڭلا، سەندىن ئىككى دۇنيا رازىمەن دوستۇم!

1994 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇن، خوتەن

# كۆرەش

يېگانە ئەمەسسەن، سەندە يەنە بىر ئادەم بار، ئۇ روھىڭنىڭ روجەكلىرىدىن ساڭا ئەبەدىي قاراپ تۇرىدۇ.

بارچە دوقمۇشلار قەلبىڭدە، بارچە چىغىرلار قەلبىڭدە، قەبرەڭ ھەم قەلبىڭدىدۇر. پۇتلىرىڭدىن يوللار تۆكۈلىدۇ، كۆزلىرىڭدىن دۇنيا ماراپ تۇرىدۇ.

سەن ئۆزۈڭنى ئىككىنچى قېتىم ياراتقۇچى ئىلاھ، ئۆزۈڭنى تۇغقۇچى بۇزرۇك ئانا. سەن ئۆزۈڭنىڭ قاتىلى، سەن ئۆزۈڭنىڭ بىر ۋاق ئوزۇقى...

ئىچىڭدىكى ئادەم بىلەن مەڭگۈ چىقىشالمايسەن، تىركىشىسەن، جېدەللىشىسەن. تالىشىدىغىنىڭ «ئۆزۈك»مۇ؟

...

يېگانە ئەمەسسەن، سەن كۆرەشتە مەۋجۇتسەن ھامان، ئىچىڭدىكى ئۇ ئادەم بىلەن!

1994 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇل، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# سەن سەھرانىڭ قوشاقلىرىدا

سېنى ئۆزۈمنى بىلگەندەكلا بىلىمەن. لېكىن بىلمەيمەن، ئىسمىڭ نېمىدى؟ گۇمانلىنىپ يۈرىمەن دائىم: كۆردۈممۇ يا، كۆرمىدىم ئۇنى؟!

ئانام مېنى سارالڭ بوپ قالدى دەپ يىغلاپ يۈردى، دادام مەھەللىدىكى جىنلارنى قوغلاپ يۈردى. پىچىرلىشار قوشنىلار: ئاشىقمىدۇ ئۇ سەۋدا ئوغۇل؟!...

سەن...

سەن بىر قىزنىڭ تېنىدە ئەمەس.

دۇناي سۆگەتنىڭ شېخىدا، قىرى جىگدىنىڭ يوتقىدا، ئېرىقلارنىڭ شىلدىرلىغان سۆزىدە، كېپىنەكلەرنىڭ يولتۇز كۆزىدە...

سۇ تۇتقىلى چىقسام ئېتىزغا، بەلكىم سەندۇ ئېرىقتىكى سۇ، يا سۇدىكى ئاينىڭ شولىسى.

ئورما ۋاقتى، قولۇمدا ئورغاق ... چاقىرسەن مېنى ئەركىلەپ بۇغدايلارنىڭ باشاقلىرىدا. تولۇپ چەكسىز كۈچ ۋە غەيرەتكە ئاتلىنىمەن ئەمگەككە ... جامالىڭدۇر تەبىئەت، سەن سەھرانىڭ قوشاقلىرىدا...

شېرىن خىيال، چۈشىسەن ئېھتىمال، بۇ دۇنيادا يوقسەن ئېھتىمال، بارسەن لېكىن مېنىڭ قەلبىمدە، مەن بىلمەن سېنى ئۆزۈمدەك...

1994 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل، خوتەن

# مۇھەببەت ئاچچىق، مۇھەببەت شېرىن

باغرىمدىن چىقىپ كېتىسەن، ئاندىن كىرمەكنى ئىستەيسەن... قەلبىمدىن ئاياغ تىۋىشىڭ ئاڭلىنىدۇ، بىلىمەن، يىراقلاردىن ماڭا قاراپ كېلىۋاتىسەن...

سەندىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىمەن، بارغانچە... ... سېنى ئۆزۈمدە ھېس قىلىمەن. چىرايىڭنى ئۇنتۇشقا باشلايمەن، بىراق... روھىمنى ئىگىلەپ ئالىسەن......

يۈز يىللار كېيىن......

ئەرۋاھلىرىمىز قەبرىستانلىقتا ئۇچرىشىپ بىتاقەت چىرمىشىپ كېتىدۇ، ئىككى قەبرە چىرقىراپ يېرىلىدۇ، قەبرىلەردە تەشنالىقتىن قاغجىراپ كەتكەن جەسەتلىرىمىز...

مىڭ يىللار كېيىن...

1994 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇل، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# هىجران

سېنى يىراقلاردىن چاقىرىمەن، لېكىن سەن باغرىمدا بىغەم
ۋە تىمتاس ئۇخلايسەن.
سېنى مۇزلىغان جىسمىڭدىن ئىزدەيمەن، لېكىن روھىمدا
كۆز ياش بولۇپ ئاقىسەن.

...

كۆچكەن بىر يۇلتۇزنىڭ ئەرۋاھىسەن، كۆڭلۈم ھەسرەتكە
تولغان بىر ئاسمان.
سۆيگۈم كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ، قەلبىمدە
يىغلايدۇ ماكانسىز ھىجران.

...

قۇچاقلاپ تۇرۇپ «يار قېنى؟!» دەپ توۋلايمەن.
سۆيۈپ تۇرۇپ جۇدالىق ئازابىدا يىغلايمەن.
باغرىڭ گويا كەربالانىڭ چۆلىدۇر، قاچانغىچە... ئاھ
قاچانغىچە ئىزدەپ يۈرىمەن ئۇ چۆلدىن سېنى؟...

1994 ـ يىلى 23 ـ ئىيۇل، خوتەن

# سلەر بىلمەيسلەر

سىلەر بىلمەيسىلەر، ھەقىقىي شېئىر كېچىدىكى شېئىرلاردۇر، كۈندۈزدىكىسى يالغان شېئىرلار...

كېچىدە قۇياش ئۇچۇن ئاھ چېكىسىلەر، كۈندۈزى قۇياشنى ئۇنتۇپ قالىسىلەر...

...

سىلەر بىلمەيسىلەر، ھەقىقىي شېئىر سىلەر ئېيتالمايۋاتقان بىر لەبزە سۆز، يازالمايۋاتقان بىر مىسرادۇر، قەغەزدىكىسى يالغان شېئىرلار...

سىلەر بىلمەيسىلەر، بىلگەندە شېئىر يازمايسىلەر. ھەقىقىي شېئىر سىلەرنى مەشرەپ كەبى دارغا ئاسىدۇ، مەنسۇر كەبى ئوتتا كۆيدۈرىدۇ...

...

سىلەر بىلمەيسىلەر،
بىلمەڭلار...

1994 ـ يىلى 29 ـ ئىيۇل، خوتەن

# كۆلەڭگەمنى ئۆلتۈرىۋەتتىم

قۇچىقىمدا پورەكلەپ ئېچىلغان شەيتان گۈللىرى، ئۇنى ماڭا كىم سوۋغا قىلغاندۇ؟
يار ئىشتىياقىدا گۈزەل ناخشىلارنى ئېيتىۋاتسام، ناخشامنىڭ ئاخىرىنى تارتىۋالغان كىمدۇ؟
سۆيگىنىم بىلەن خىيالىمدا سۆيۈشۈۋاتسام، لەۋلىرىمنى ئېلىپ قاچقان قايسى كېپىنەكتۇ؟
قارا چاچلار بوستانىدا يارنىڭ گۈلدەك يۈزى كۆرۈنمەس، قىش كۈنلىرىنىڭ داستىخىنىدا قار ـ مۇزلاردىن باشقا قاناپ تۇرغان بىر ئىسسىق يۈرەك...
كۆلەڭگەمنى ئۆلتۈرىۋەتتىم.
ئەمدى، قۇياش مېنى قەيەردىن تاپار؟ ئاخشاملىرى ئاي ساراڭلارچە بولۇپ چېچىنى يۇلارمۇ؟!

1994 ـ يىلى 7 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

# شەيتان

شەيتاننى بىلمەيمەن، پەقەت سېنىلا بىلىمەن، ئەي قىزچاق!
روھىم چۆللىرىدە مەندىن سۇ سورىغان سەنغۇ؟
كۆڭلۈم كوچىلىرىدىن تەمەچ تېرىپ ئىسرىقلانغان سەنغۇ؟
ئۆلۈمدەك پىچىرلاپ ماڭا ھاياتنى تونۇشتۇرغان سەنغۇ؟
تۈنۈگۈنكى مەۋھۇم ئارمان، بۈگۈنكى قىرتاق بەخت، ئەتىكى شېرىن ئازاب!
سەن.... شەيتان!

1994 ـ يىلى 26 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

## يەنە، مۇھەببەت...

يەنە، مۇھەببەت......

چاڭقاق دىلنىڭ ئىگرىشى، جەزىرىنىڭ غۇۋا سايىسى، پىچەتلەنگەن قەلبىمدىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى......

يەنە، مۇھەببەت......

سۆيمىگەن قىزنى سۆيمەك ئاسانمۇ؟ ئاسمان يىقىلغان يوللاردا پاتقاقلارغا مىلىنىپ ياتقان يۇلتۇزلارغا نەزەر سالماي مېڭىش نەقەدەر قىيىن؟ يېنىڭدا بىر جان پىلىلداپ تۇرغاندا يېگانىلىك نەقەدەر ئازاب؟! نەقەدەر ئىغىر، يىغلاپ تۇرۇپ سۆيمەك بىراۋنى...

يەنە، مۇھەببەت...

ئۆلۈۋېرىپ جان تۈگەي دېگەندە، ھايات كۆلۈمسىرەپ قولىنى ئۇزاتتى. ئۇ قول نەقەدەر يۇمشاق، نەقەدەر ئاپئاق......

1994 ـ يىلى 29 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

# بوۋام

بوۋام ھايات چېغىدا مەككىگە بېرىپ شەيتانغا تاش ئاتقانىكەن. كېسەل تېگىپ سەكراتقا چۈشكىنىدە سەپەرداشلىرىغا: «ئۆلسەم يەردە قويماڭلار، مېنىڭ قەبرەم تەكلىماكاندا» دېگەنىكەن.

سەھرايى كەبىردە چاڭقىغان قەلبى يۈرۈكقاشنىڭ بىر يۇتۇم سۈيىدە قانغانىكەن. ۋەتەننىڭ دالا - تۈزلىرىنى كېزىپ، خۇداغا: «بۇ مېنىڭ تۇپرىقىم!» دېگەنىكەن.

بوۋام يەتتە ياشتا ئۆزى يالغۇز مەھەللىدىن ئون يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جاڭگالغا ئوتۇنغا بارغانىكەن. ئون يەتتە ياشتا خوتۇن ئېلىپ بىر ئۆيگە باش بولغانىكەن. يەتمىش ياشتا زاماندىن قېيىداپ يەتتىنچى خوتۇننى ئېلىپ مەھەللىدىن ئايرىلغانىكەن ۋە جاڭگىلىستاندا تۇلكە ئوۋلاپ، توشقان قوغلاپ جېنىنى تېخىمۇ جان ئەتكەنىكەن.

ئۇ چاغلاردا بوۋامنىڭ مەندەك نەۋرىسى بولمىغانىكەن، لېكىن ھەممىگە ئايان، مېنىڭ ئاشۇنداق بوۋام بولغان!

1994 - يىلى 30 - ئاۋغۇست، خوتەن

# ئايرىلىش

ئۆيۈمگە ئوت قويدۇم، تۇرمۇش كۆيۈپ كۈل بولدى. بىپايان تۈنلەرگە باش ئېلىپ كەتتىم، يورۇق تاڭلار ئەمدى بەربىر...

ھەممە ئىنسان سۆيگەن يارىدىن ئايرىلىدۇ؛ كەچۈرگىن، مەن ئەمدى ياشىشىم كېرەك! دېدىم ئۆزۈمگە. نەقەدەر بىمەنە، نەقەدەر بىمەنە ـ ھە! بۇ سۆزلەر...

قەيەردە يۈرەي، سۆيگۈ ۋە ھەسەتكە تولغان بىر جۈپ كۆز مېنى چارلايدۇ. بۇ يەردىن كېتىمەن، لېكىن ھەر كۈنى ئاراڭلاردا مەن، دېدىم ئۆزۈمگە. نەقەدەر بىمەنە......

ماڭا شۇ كۈنلەر نېسىپ بولارمۇ؟ بىلمەيمەن، قانداق كۈندۇ ئۇ؟ ياخشى قال ئەزىزىم، دېدىم ئۆزۈمگە. ئەگەر شۇ كۈنلەرگە ئېرىشسەم قۇياش ساڭا تەسەددۇق بولسۇن!

1994 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر، خوتەن

# ئېيتە، ئانا...

1

ئانا، گۇگۇم قاناتلىرىنى يېيىپ لەپىلدىتىپ مەھەللىمىزگە كىرىپ كەلگەندە، ئۆيىمىزدىكى كونا كىرسىن چىراغقا ئوت يېقىپ ئۈلگۈردۈڭمۇ؟ كوچىلاردىكى ئوغرى يۇلتۇزلارغا ئەگىشىپ پىرقىراپ يۈرگەنمىدۇ، دەپ تازا ئەنسىرىگەنسەن ـ ھە؟!

2

ئانا، سەھەر قۇياشنى شەرقىي تاغنىڭ كەينىدىن سەن چاقىرىپ كەلگەنمۇ؟

گۇگۇم چۈشۈپ ئاسمانغا تۈنجى يۇلتۇز چىققاندىن باشلاپ، مەھەللىمىزدىكى ئىتلار قاۋاپ، ئېشەكلەر ھاڭراپ، بالىلار قىرقىراپ يىغلاشقا باشلايتتى، يۇلتۇزلارنىڭ سانى كۆپەيگەنسېرى ئۇلارنىڭ ئاۋازى پەسىيەتتى. ئانا، يۇلتۇزلار بىرلىشىپ تاڭغىچە قۇياش بولىدۇ، دەپ ئۇلارنى سەن بەزلىگەنمىدىڭ؟

ئانا، قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرى قەلبىڭ سىغىنىش ئوتىدا ئۆرتەنگەندە، سىرتقا چىقىپ ئاسمانغا باقىسىن ـ دە، ئۇپۇق گەردىشىدىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزغا قارا، كۆزلىرىمىز ئاشۇ يۇلتۇزدا ئۇچرىشىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

3

سۆكۈتچان بىر يۇلتۇز ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ بارغان ئوقنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىنى ئەسلەتتى.

چۈش كۆرەلمەيدىغان بىر قىزنىڭ قاراڭغۇ كارىۋىتىنىڭ

يېنىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان مۇشۈك يۈرىكىمنى شىرىن تاتىلىماقتا.
ئەي... يوچۇن بىر سەھەردە ئۆلۈم بىلەن ناشتا قىلغۇچى ئىنسان!
ئەي... رەببى ئۆزىدە تۇرسا ئاسماندىن تۇڭلۇك ئىزدەۋاتقان ئىنسان!
ئەي... ئۆز ـ ئۆزىنى ۋاراقلاۋاتقان كىتاب!
ئەي... ئۆزىنى شارابتەك مەززە قىلىپ ئىچىۋاتقان ئازاب!

4

بىر قىزنىڭ دەردىدە تاماكا چېكىدىغان بولۇپ قالدىم.
بىر قىزنى دەپ ئۆلۈۋالغىلى تاس قالدىم.
بىر كۈنى سەھەردە «ۋەتەن!» دەپ ئويغىنىپ كېتىپ سىنىڭ
دەردلىك چىرايىڭنى ئېسىمگە ئالدىم.
ئانا!...
نېچۈن يىغلايدىغان ئادەم بولغانمەن؟
نېچۈن ئىسمىمنى غوجمۇھەممەد قويغانسەن؟
شېئىرلىرىمنى بىر ئىشەكلىك ئوتۇن قىلىپ باغلاپ يېنىڭغا
ئاپارسام، قىشنىڭ سوغۇق بىر كېچىسىدە قالغىلى بولۇر؟
كالاڭ يوق، مېنى ساپانغا قات.
پۇلۇڭ يوق، قول بازىرىغا ئاپىرىپ سات.
شېئىرلىرىم ياشلىقىڭنى تۆلەپ بېرەلمىسىمۇ...
پۈكۈلگەن قەددىڭنى يۆلەپ قويالمىسىمۇ...
قاراڭغۇ ئۆيۈڭنى يورۇتالمىسىمۇ...
كۆز ياشلىرىڭنى قۇرۇتالمىسىمۇ...
ئانا، مەن شائىر ئوغلۇڭمەن!

1994 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

# ھىجران كېچىسى

بۇ كېچە، ئىشىكىم ئېتىكلىك بولسا پەنجىرىدىن كىرىپ مېنى قۇچاقلا. پەنجىرەمۇ ئېتىكلىك بولسا مۇڭلىنىپ قالغان چۈشۈمگە كىرگىن ـ دە، مېنى سۆيگىن. ئەگەر بۇ كېچە چۈشمۇ كۆرمىسەم، باغرىڭدىن بىر قۇياشنى بالقىتىپ، قۇياشنىڭ نۇرلىرى قەلبىمنى يورۇتقۇچە كۈت...

1994 ـ يىلى 19 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

www.uyghurkitap

# ئانامنىڭ مەن ئۆلگەن چۈشى

ئانام مەن ئۆلۈپ كېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ. ئاندىن مېنى قايتا تۇغماق ئۈچۈن تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ قىزلىقىغا يېنىپتۇ.

بەخت مېنى سوراپتۇ:

— سەن تۇغماقچى بولغان ئوغۇل كىم؟

— سەن شۇ، — دەپتۇ ئانام.

ئازاب مېنى سوراپتۇ:

— سەن تۇغماقچى بولغان ئوغۇل كىم؟

— سەن شۇ، — دەپتۇ ئانام.

كۈرەش مېنى سوراپتۇ:

— سەن تۇغماقچى بولغان ئوغۇل كىم؟

— سەن شۇ، — دەپتۇ ئانام.

...

ئانام مېنى ھاياتلىقتىكى بارلىق ئىزگۈلۈكلەرنىڭ جەمگاھى قىلىپ تۇغماقچى ئىكەن، بىراق، بىمەھەل چۈشىدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

1994 ـ يىلى 25 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

# سۆيگۈ داۋاملىشۋاتقان جاي

بۇ يەرگە قارىماي ئۆتۈش ئۇچۇن، كۆزۈمنى ئويۇۋېتىشىم كېرەك. نە كۆزكى، قەلبىم ۋە ئۇنىڭدىكى قاپقاراڭغۇ دۇنيا، قاراڭغۇ دۇنيادىكى جىن چىراغدەك خىرە نۇر چېچىپ تۇرغان ھەقىقەت، يورۇق رەزىللىك، تەڭرىنى ئۆچۈرمەك بولغان شەيتان، ئاچ ئەرۋاھ، شادىمان ھەسرەت... لەر پۈتۈنلەي ئۆچۈشى كېرەك.

بۇ يەردە روھىمنى ئەبەدىي ئىلكىگە ئالغان، مەن تۇنجى يوقاتقان سۆيگۈ بار. كىمنىڭدۇر چىدىغۇسىز ئەبگان بىلەن يىغلىغان ئۈنىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن بۇ يەردىن ئۆتكەندە قۇلىقىمنى ئېتىۋېتىشىم كېرەك. نە قۇلىقىمكى، پۈتكۈل سەزگۈ ئەسەبلىرىم، تۇيغۇ ـ خىياللىرىم جىمجىت ھالدا مەندىن ئايرىلىشى كېرەك.

سۆيگۈ داۋاملىشىۋاتقان بۇ جايدا چاڭقىغان بىر قەدەھ شاراب، مۇزلىغان بىر تال چوغ بار. بۇ جايدا تۇرۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆلۈۋاتقان ئادەمنىڭ تۇيغۇسىدا ئۆزۈمنى ئاستا ـ ئاستا كۆككە ئۆرلىتىشىم، تېخىمۇ بۈيۈك بىر سۆيگۈنىڭ تەشنالىقىغا تۇتۇلۇشۇم كېرەك.

1995 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# كۆردۈڭلارمۇ؟...

مىليونلىغان ئادەملەر ئىچىدە تەنھا ياشاۋاتقان، مېنى تېپىش ئۈچۈن قەلبىگە سەپەر قىلغان بىر قىز بار. ئۇنى كۆردۈڭلارمۇ؟

شۇ تاپتا ئۇ دۇنيانىڭ قايسىدۇر بىر يېرىدىن ماڭا قاراپ كەلمەكتە.

شۇ تاپتا ئۇ چەكسىز مۇھەببەت ۋە ئىنتىزارلىق بىلەن كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرماقتا. ئىسمىمنى چاقىرماقتا...

غەمگە پاتقان چېغىمدا ئۇ ماڭا تەسەللى بېرىدۇ، ھاياجاندا تىترەپ تۇرۇپ ئۇنى باغرىمغا باسماقچى بولىمەن، لېكىن ئۇنى كۆرەلمەيمەن.

شېئىر يېزىۋاتقىنىمدا قۇلىقىمغا غايىب تۇيغۇلارنى پىچىرلاپ بېرىدۇ، ناخشا ئېيتىۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ لەرزان مېلودىيەسىگە ئەگىشىمەن.

سەھەر، ئۇيقۇدىن ئويغانغىنىمدا دېرىزىنى ئېچىپ ئۆيۈمنى ساپ ھاۋاغا تولدۇرغان ۋە مېنى جۇشقۇن تۇيغۇلارغا چۆمدۈرگەن ئۇ بولمىسا كىم بولاتتى؟!

ئىشىنىمەن، ئۇ يېنىمدىلا بار.

كۆردۈڭلارمۇ؟...

1995 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

## كوچىدىكى ئايال

كوچا سوغۇق، دۇنيا سوغۇق، ئادەملەر سوغۇق، مۇھەببەت سوغۇق، سەن ھەم سوغۇقسەن ئۆزۈڭگە... كەل، ماڭا ئەگەشكىن، بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلما.

كۆكسۈڭ ئەنسىز تىترەپ تۇرار، چىھرىڭدە ۋەھىمە لەيلەر. قورقما، بىر سەمىمىي ئەبلەخمەن. كەل، ماڭا ئەگەشكىن، سېنى ئازابقا باشلاپ كىرەي، قەلبىڭنى قايتا توقۇپ قوياي، تېخى ھېچ كىشى، ھەتتا ئۆزۈڭمۇ ھېس قىلالمىغان ئاياللىقىڭنى ئويغىتىپ قوياي.

ئاچ ـ يالىڭاچ كۆزلەرنىڭ تالان ـ تاراجىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرىۋەرمە. كىرپىكىڭنى قاق، كۆزلىرىڭنى ئاچ، باغرىڭنى يىغ، كۆڭلۈڭنى توختات، كەل، ماڭا ئەگەشكىن. مەن سېنى بۇ يىرگىنىشلىك ساختا ھاياتتىن ئېلىپ كېتەي. ماڭا ئەگەشكىن، كەل، بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلما!

1996 ـ يىلى 4 ـ يانۋار، خوتەن

www.uyghurkitap

# تەنتەك شائىر

ئەي تەنتەك شائىر، ياشاش سەن دىگەندەك ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەس. قەلبىڭنى كېزىۋاتقان ۋەھىمە شېئىرنىڭ قايغۇلۇق پىچىرلىشىدۇر، خالاس!

قانچە ئىزدىسەڭ، شۇنچە ناتونۇشكى، بىر مىسرا ئىلاھى ھايات ئۇچرىمايدۇ. كۆزۈڭنى يۇمساڭ كۆرىسەن، كۆزۈڭنى ئاچساڭلا غايىب بولىدۇ.

سەن ئۇچۇن رېئاللىق ئۆزگىچە ئەمەس، چۆكىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ زۇلمەتلىك تۈنى. شېئىرنىڭ رەھىمسىز غالجىر دولقۇنى سېنى ئەبەدىي باشقا بىر قىرغاققا تاشلىمايدۇ.

شېئىر ــ ئازاب، بۇ سۆزۈڭ بەرھەق. لېكىن ھايات شېئىر ئەمەس. سەن تەنھالىقتا بىر ئۆمۈر يىغلاپ ئۆتسەڭمۇ مەيلى، لېكىن بۇ ئالەمدە مۇھەببەت بار.

1996 ـ يىلى 28 ـ يانۋار، خوتەن

# ياق، ئۇنداق ئەمەس!

مۇھەببەت ــــ تەڭرىنىڭ ئادەملەرگە بەرگەن جازاسى. قەلب ــــ دوزاخ، قىز ــــ شەيتاندۇر. ئۇ سېنى ئېزىقتۇرۇپ جازا مەيدانى، يەنى قەلبىڭگە باشلاپ كىرىدۇ.

بەخت ــــ ئازابنىڭ بىردەملىك سۆكۈتى، ئادەملىكتىن كېچىشلا، قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى. چۈنكى، ھەقىقىي گۈزەللىك گۇناھلارنى ماكان ئەتكەن.

رېئاللىق يىرگىنىشلىك، كۆلكىلەر رەزىل، قايغۇلار ساختا...

...

ياق، ئۇنداق ئەمەس!

زادى قانداق؟!...

1996 ـ يىلى 1 ـ فېۋرال، خوتەن

www.uyghurkitap

# خوش، لەيلى

چىڭقى چۈش، ياۋۇزلاشقان ئىسسىق ھاۋادا بوشاشقان تېنىم بىر دۆۋە ئەخلەتكە ئايلىنىپ كەتتى. دۇنيادىكى بىردىنبىر ئەخمەق ھەم بەختسىز مەخلۇق ــ مېنى سۆيگەن شور پېشانە قىز سارائگلارچە ئۇنى قۇچاقلاشقا ئىنتىلمەكتە.

قوشنا ئورۇندۇقتا گىتار يىغلايدۇ. قولتۇقلىشىپ ئۆتكەن قىز ـ يىگىتنىڭ بىرسى ساختا. كېتىشىم كېرەك، لېكىن مۇھەببەتكە كىرىدىغاندا ئىشىك بار، چىقىپ كېتىدىغاندا ئىشىك يوق.

خوش، لەيلى. ياشاشتىن يەتتىنچى قېتىم ۋاز كەچتىم. سەن يەتتىنچى ئەزرائىل بولۇپ ماڭا ئۆلۈمنى سېغىندۇرماقتىسەن. ئەخلەتكە ئايلىنىپ كەتكەن تېنىمنى يۇغۇشتۇرۇۋەتسەڭچۇ... قەلبىمدىن قاچان چىقىپ كەتكەندىمەن؟ قەلبىمنىڭ سىرتىدا سېنى قانداق سۆيگەندىمەن؟ ئەخلەت تېنىمنى يىغىشتۇرۇۋەتسەڭچۇ...

1996 ـ يىلى 15 ـ ئاپرېل، خوتەن

## سامان يولى

سەن رەڭدار تانسىدىن قايتقاندا، مەن رېئاللىقنىڭ جەڭگاھلىرىدىن قايتىمەن. سەن ئېسىل پىكاپتىن چۈشكەندە، مەن موھتاجلىقنىڭ پەلەمپىيىدىن چۈشىمەن.

قەلبىمدىكى ئەخلەتخانىدا ئېچىلغان تەڭداشسىز گۈزەل بىر گۈلسەن. نازۇك بەرگىڭگە كېپىنەكتەك قونۇۋېلىپ، سۆيگۈ دېگەن جۇلدۇر ــ كېپەن ناخشىنى كۈيلەيمەن.

سېنى سېغىنىپ ياشاش بەختىم، ئۇچراشساق بەختسىزمەن. چۈنكى... ئۇچراشساق ئايىغىڭغا باش قويالمايمەن، بوينۇڭغا ئېسىلىپ يىغلىيالمايمەن. يېنىڭدا مەغرۇر تېنىمنى قالدۇرۇپ زۇلمەتلىك نىقابىمغا كىرىۋالىمەن.

...

ئەينەككە قارىسام ئۆزۈمنى ئەمەس، سېنى كۆرگەندەك بولىمەن. بەلكىم، بۇ بىر بىمەنە تۇيغۇدۇر....

1996 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇل، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# مۇناردىكى ئاي

(نەسرىي شېئىرلار)

## مەن ئۆزۈمنىڭ ئازابخانىسىدا

بۈگۈن مەن ئۆزۈم بىلەن جېدەللەشمەيمەن، تالاشمايمەن دۇن- يانىڭ شان - شەۋكىتى ۋە ھەق - ئادالىتى ھەققىدە. قۇياش خەن- جىرىدە ئۈمۈچۈك تور تارتقان تىلاۋىتىمنى يىرتىۋېتىشىم كېرەك. زېرىكمەكتىمەن ساختا ئۇمىدۋارلىقتىن، شاماللاردەك يالىڭاچ ئا- يال دېرىزەمنى تىرىقلاتماقتا. شەھۋەت يارىسىدىكى بىر تال قۇرت ئۆمىلەپ كىردى يالغۇزلۇقۇمغا. شېئىرلىرىمدا پەلەمپەي يوق، كەل، ئەي ئامرىقىم، مەن ئۆزۈمنىڭ ئازابخانىسىدا.

## چۈۋۈلغان دىل

بۈگۈن شېئىر يازمايدىغان كۈن.
ئىلاھى موھتاجلىق مېنى قەلبىمدىن سۈرەپ چىقتى.
كوچىلاردا ئۆلۈكلەرنىڭ نەپەسلىنىشى. ئاپتاپ شۇ قەدەر قىزغىن ۋە ساختا، قىز چېچىغا باغلاپ بىر ئىتنى سەيلە قىلغۇم كەلدى بىردىنلا...رېئاللىقنىڭ ھېچبىر سىرى يوق، ئۇ گويا بىر يالىڭاچ رەسىم، ئەما قىلىپ قويار ئۇ سېنى، كۆزلىرىڭگە تىقىپ ئۆزىنىڭ ھەددى - ھېسابسىز يالىڭاچلىقىنى. ۋارقىرايمەن بەزىدە، بەخت

دېگەن يوق نەرسە ئەمەس. ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە ئايال، ئېچىلىپلا يېپىلىپ قالغان شىلىمشىق ۋە سوْيۇق، هۆل ھەۋەس. تۇكلۇك ئادەم كۆكسىنى يىرتىپ ئويناتقاندا رەستىدە پىچاق، قورقۇپ كەتكەن گۈل ياكى ياپراق. دەپتەردىكى ۋەتەننىڭ ئىسمى، ماشىنىنىڭ بىر پاي چاقى، دەرد ـ ھەسرەتسىز ھەمدە شادلىقسىز بىر قېتىملىق قۇپقۇرۇق ناخشا.

## كېچە دەريا، مەن بېلىق

تۈن كېچىدە كەتتىم ئويغىنىپ، قىپيالىڭاچ چىقتىم تالاغا. ئاي ئاسماندا ئېيتماقتا ناخشا چېچى چۇۋۇق، چىرايى خاپا. روھىم يىلنى پەلەككە سويلاپ چىرماشتى ئاڭا. چالماقتا تېنىمنى ئەڭ مۇدھىش كۈيگە، بىر ئايال كۆرۈنمەس بارماقلىرىدا. ئالىتاغىل تۈۋلار يۇلتۇزلار، شاراب ئىچىپ پەلەك جامىدا... كېچە دەريا، مەن بېلىق. ئەمدى كىيىم كىيمەيمەن. دەرەخلەرنى ئالدىمغا سېلىپ، زۇلمەتلەرگە سىڭىپ كېتىمەن. مەيدەمدىكى ئەركەك تۈكلەرنى شاماللارغا سىلاتقۇزىمەن. چېقىپ تاشلاپ بارچە ئەينەكنى، تۈكلۈك شەھەرگە بۆسۈپ كىرىمەن... لىق تولدى كۆڭلۈمنىڭ ئەخلەتخانىسى يىرتىلغان خەتلەرگە، سولغان گۈللەرگە. خىيالىم مۈشۈكتەك مىياڭلار يالغۇز، مىلىنىپ سۆيگۈ ئۈچىقىدىكى سوغۇق كۈللەرگە. ئارمىنىم چىۋىندەك سانسىز ـ ساناقسىز. بولسامۇ بىر چۈمۈلە ئىشچى، يىڭناغۇچ قىزلارغا بەرمەيمەن يۈرەك. ئىچىمدە ئېشەكلەر ھاڭرايدۇ بەزەن، تۈۋلايدۇ تېنىمدە قويلار، كالىلار. كەتسە ئەگەشتۈرۈپ بالىلىقىمغا، ئىشتان كىيمىگەن ياۋا بالىلار... يالىڭاچمەن باشتىن ئاخىرى، كېچە دەريا، مەن بېلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

## يازدىم ساغا مۇھەببەت خېتى

كاككۇك سايراپ ئاخشامدا، يىرىلغاندا كۆكسى پىغاندا، بولۇپ گويا ۋەھشىي بىر قاتىل قانلىرىمنى چىچىپ تۆت تامغا... يازدىم ساغا مۇھەببەت خېتى.

شام پىلدىرلاپ كۆيۈپ تۇردۇ، پەرۋانىلەر ئۆلۈپ تۇردۇ. دېرىزىدىن چۈشكەن ئاي نۇرى، يورۇتىدۇ يالغان گۈللەرنى. تولۇپ چەكسىز گۈزەل ئارمانغا، مەن كۈتمەن ئۆتكەن كۈنلەرنى. قاراپ قويۇپ ماڭا بىر قىيا، ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى كىپلىچەك، بىلگەن ئىدىم قايتىپ كېلەر دەپ... سەن قەيەردە ئامرىقىم، كىملەر ئۈچۈن تۆكمەكتىسەن ياش، كىملەر ئۈچۈن كۈلدۈڭ سەن يالغان؟! مەن ئۆزۈمنى قىيناپ ئاجايىپ تېتىماقتىمەن ئازاب تەمىنى، چۈنكى بولار ئازاب راھىتى، بۇ دۇنيادا ھەممىدىن تاتلىق.

يازدىم ساغا مۇھەببەت خېتى، يىرتىۋېتىش ئۈچۈن پەقەتلا، تەسىرلىنەر سۆيگۈ خېتىدىن چۈنكى ئۇنى يازغان كىشىلا.

## ئۆلۈپ كەتكەن قىز

ئۆتۈپ كەتتىڭ غەمكىن، پەرىشان. لەۋلىرىڭدە سانسىز كىپىنەك، چىچەكلەرگە ياسار قەبرىستان. كۆزلىرىڭدە قاپقارا كېچە، يۇلتۇزلاردىن زېرىككەن ئاسمان... قىيا باقتىڭ، چۆچۈپ كەتكەن بىر توپ كىيىكلەر، قاچتى تاغقا بولۇپ سەرگەردان. تۇرار ئىدى چىقىلىپ دەمدە تەبەسسۇمىڭ ئەينىكى چۇل - چۇل. ئورمانلاردا سۇنغان كىرپىك ئاۋازى، ئادەملەردە يارىنىڭ ئۆلگەن ئازابى... مەرسىيەدەك كېتىپ باراتتىڭ، ئەگەشتۈرۈپ شېئىرلىرىمنى.

چاقىرمىدىم سېنى نېمىشقا، ئۆلۈپ كەتكەن بىر قىز ئىدىڭسەن.

## يوچۇن شەھەر

بۇ شەھەردە ئادەم ئەڭ تولا، ئادەملەردەك جەسەتلەر بىلەن پىچىرلىشار كېچىدە دالا. ئىشەنمەيدۇ تىلەمچى بالا رىۋايەتنىڭ ئۆلگەنلىكىگە. ئىشتىنىنى كىيىپ بىر چوكان ئار - نومۇسنى بولار قۇتقۇزماق... سىلىمايدۇ يالغۇز بولمىسا ئۆز - ئۆزىنى ھېچقانداق ئايال، ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرمەيدۇ ئەر تاپالىسا باشقا بىر ئامال... ئەقلىدىن ئازغان بىر ساراڭ شائىر توختىماستىن توقۇيدۇ قوشاق. ماشىنىلار پىيادە، يېتەلمەيدۇ مەڭگۇ مەنزىلگە. دېرىزىلەر ئولتۇرۇپ تامدا تۇكۇرمەكتە رەستىلەرگە. مەيخانىدىن چىققان مۇساپىر مۇھەببەتكە قالدى دۇچ كېلىپ. قۇتۇلالماس ئۆزىدىن ھېچكىم، ياشار پەقەت ئامالسىزلىقتىن. چىققىنىنى ھېچكىم كۆرمىدى، قۇياش چىقتى، تاڭ ئاتتى. ئاڭلىمىسىمۇ ھېچكىم بىر جۈملە، شەھەرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.

## زىمىستان

ئاپئاق - ئاپئاق قارلار ياغماقتا. مۇزلاپ قالدى يوللار، دەرەخلەر، مۇزلاپ قالدى ئۆيلەر، رەستىلەر، مۇزلاپ قالدى شاۋقۇنلۇق شەھەر... مېنىڭ قەلبىم ئىسسىق ئۆي، ھېچ كىشى يوق ئۆيدە ۋەلېكىن. كوچىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر مېڭىپ - مېڭىپ كەچكىچە چوقۇم بارالايدۇ ئىسسىق ئۆيىگە، بارالمايدۇ بەلكىم بىرسىمۇ قەلبىدىكى ئىللىق ماكانغا. ۋاز كېچىشنىڭ راھىتى گويا مېنىڭ قەلبىمدەك قۇرۇق. شاماللارنىڭ ئەتلەس كۆڭلىكى يىرتىلىدۇ كەلسە ئەتىياز. مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىم بىلەن يۈرىكىمنى تۇتتۇم ئاۋايلاپ.

# گۈزەل قەلب

مېنىڭدە بىر گۈزەل قەلب بار. سان ـ ساناقسىز گۈللەرگە تولغان، قۇشلار مۆڭلۈق سايرىشىپ تۇرغان. كېچىدە ئاي، كۈندۈزدە قۇياش بەس ـ بەس بىلەن نۇر چېچىپ تۇرغان. مۇزىكىنىڭ مەيىن ئاۋازى، مەست قىلغۇچى كەۋسەر بۇلاقلار، زوق ـ شوق بىلەن ناخشا ئېيتقۇچى، تىنچ ھەمدە چەكسىز بىر ئاسمان...

مېنىڭدە بىر گۈزەل قەلب بار. گۈزەل بولغاچ قەلبىم زىيادە، ئېرىشەلمەيمەن ھېچبىر نەرسىگە. ئېرىشىدۇ مەندىن تاش ـ تۇپراق، خازان ھەمدە بارلىق نەرسىلەر مۇھەببەتكە، خاتىرجەملىككە، كۈتكىنىگە ئېرىشەر ھەممە. مەن ئۆزۈمنىڭ گۈزەل قەلبىمنىڭ ھەسرىتىگە چۆمۈلۈپ يالغۇز ياشايمەن، ئاھ، يەككە ـ يېگانە. مەن دائىملا بېغىشلىنىمەن، بېغىشلايمەن ئۆزۈمنى، چۈنكى گۈزەل مېنىڭ بۇ قەلبىم.

كۈچلۈك ھەمدە رەھىمسىز بولسا كۈتكىنىگە ئېرىشەر بەلكىم، مۇھەببەتكە، خاتىرجەملىككە تەشنا بولسا دۇنيادا ھەركىم.

مېنىڭدە بىر گۈزەل قەلب بار.

1999 ـ يىلى ئىيۇن، خوتەن

# قاۋاق خاتىرىسى

— تەكلىماكانغا

— چەكسىز ئورمانغا

— ھۇررا!...!

ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيتتىم، ئۇلار زورلاپ ئاپاردى. ئىچمىسەڭ بوپتۇ، ئىچكەنلەرنىڭ تاماشاسىنى كۆر، مايمۇن بولارمىز، يولۋاس بولارمىز، ئىت بولارمىز، ئېشەك بولارمىز... مەست بولغاندا ھەرنېمە بولۇپ، يېشىلگەندە ئادەم بولارمىز... بىز يېگەننى ھەرقانداق ھايۋان يەيدۇ، بىراق ھاراقنى بىزلا ئىچەرمىز. يېمەك - ئىچمەكتىكى ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى — ھاراق ئىچىش ۋە ئىچمەسلىكتىدۇر... ھەي، بۇ ئۆمرۈڭدە ھايۋان قىلىدىغان تالاي ئىشلارنى قىلدىڭكى، ئىنسانغا خاس بولغان ئىشتىن بىرەرنى قىلىپ باقمىدىڭ - دە!... ھەي، كەيپلىك ئىستىمگەن تۇرمۇشتا ناخشا - مۇزىكا نېمە قىلىدۇ؟... بۇنداق ئۇزاق ياشاپ نېمە قىلىسەن، ھارمىدىڭمۇ، بىردەم بولسىمۇ ئۆزۈڭنى ئۆز ئىختىيارىڭغا تاپشۇرمامسەن؟... ھەي!!! ... ئۇلار كەلتۈرگەن پولاتتەك پاكىتلار ئىدىيەمدىن ئۆتتى. ... ئىت بولغان بولسام كېرەك، ئېسىمگە كەلسەم يالاقتا بېشىمنى ساڭگىلىتىپ يېتىپتىمەن. بەستلىك كەلگەن بىر سادىر پالۋان پول، ئۇستەللەرنى سۇرتۇۋېتىپتۇ. نازۇككىنە بىر نۇزۇگۇم پۇتلىرىمنى قۇچىقىغا ئېلىۋاپتۇ. كۆيىنكىنىڭ تۈگمىلىرىنى تولۇق ئېچىۋەتكەن بىر سىيىت نوچى ھېسابات دەپتىرىنى پۇلاڭلىتىپ

دېۋەيلەپ تۇرۇپتۇ. يانچۇقۇمنى ئاختۇردۇم، بىر تىيىنمۇ يوق. ئۇلار يانچۇقۇمنى قۇرۇقداپ، ھېساباتنى ماڭا دۆڭگەپلا قېچىپتۇ ئەمەسمۇ؟!... كۆزلىرىمدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ نىدا قىلدىم:

ـــ كىروران ئانا!!!......

# ئوغلۇمغا دەيدىغانلىرىم

1

ئوغلۇم، سەن چوڭ بولغانسېرى دۇنيامۇ چوڭىيىپ بارىدۇ، چۈشەنگەنسېرى سىرلىقلىشىدۇ، بىلگەنسېرى بىلمىگەنلىرىڭ كۆپىيىدۇ... تەمتىرىمە، ئەڭ مۇرەككەپ سىر — ئۆزۈڭنى چۈشەنسەڭلا، باشقا سىرلارغا يول ئېچىلىدۇ.

2

ئائىلەڭنى قوغدا، سەندە ئاستا ـ ئاستا مەھەللەڭنى قوغداش تۇيغۇسى يېتىلىدۇ.

3

تارىخلارنى ۋاراقلاۋەرمە، ئېزىپ قالىسەن، چۈنكى يات ئىز چۈشمەيدىغان يول يوق.

4

ھاياتنىڭ مەنىسى ئۆلۈمدە، بەزىدە ياشاش ئۈچۈن ئۆلۈمگە ئاتلانماق كېرەك. ئوغلۇم، پەيتى كەلگەندە مەندىن رازىلىق سورايمەن دەپ ۋاقتىنى كېچىكتۈرمە، تۇغۇلۇشىڭدىلا ئۆلۈمىڭگىمۇ رازىلىق بەرگەنمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

5

يەرنى قەدىرلە، ھەتتا قوشناڭدىنمۇ قىزغان. تۈزنى قەدىرلە، ياتلارغا بەرمە. چۈنكى، يەر ــــ ۋەتەن، تۈز ــــ ئەرك دېمەكتۇر.

6

ئوغلۇم، ئەركىنى كىشەنلەنگەن قۇللاردىن، ھەقىقىي بايلىقنىڭ نېمىلىكىنى ئاچ ـ يالىڭاچلاردىن سورا. بايلار ۋە ھۆرلەرنىڭ پۈتكۈل نەرسىسى قۇللار ۋە ئاچ ـ يالىڭاچلاردۇر.

7

قاقىر ئېتىزدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كېلىپ ۋەيرانە كەپىلەردە يىرتىق چاپانلىرىنى سىلىۋېتىپ، پۈچۈق داپلىرىنى داراڭشىتىپ ئاچلىق ئازابىنى قوغلاۋاتقانلارغا قاراپ، ئۆزۈڭنىڭ ئېسىل كىيىملىرىڭ ۋە كاتتا سەنئىتىڭدىن زوقلانما. چۈنكى مەدەنىيەتنى ئاشۇلار ياراتقان...

8

دۇنيانى چۈشىنىمەن دەپ ئارتۇقچە ئاۋارە بولما، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئەخلاق ۋە تىنچلىق پەردىسىنى قايرىۋەتسەڭلا، ئۇ كۆز ئالدىڭدا نامايان بولىدۇ.

9

بەزىدە مەردلىك ــــ ئۆلۈم سىگنالى، سەممىيلىك ــــ سىرتماق، ۋىجدان ــــ دار بولۇپ قالىدۇ.

10

ساڭا قالدۇرغان مىراسلىرىمنىڭ ئىچىدە بىر دانە ئويۇنچۇق سائەت بار، ئۇ ۋاقىتقا مەڭگۈ سادىق، چۈنكى ئۇ ماڭمايدۇ. ھاياتقا، سۆيگۈگە، ئۆلۈمگە كېچىكىش يوق، ھەربىر دەم سەن قىلماق بولغان ئىشنىڭ دەل ۋاقتىدۇر. ھەممە ئادەمنىڭ بىردىن سائىتى بولغاچقا، بۇ دۇنيا كېچىكىشكە تولغان. ئوغلۇم، سەن كېچىككۈچىلەردىن بولۇپ قالما.

11

ھازىر ئاقىللار كۆپىيىپ كەتتى، ھېكمەتلەر ئالەمنى توپاندەك باستى. ئاشۇ ھېكمەتلەر توپانىدا تۇنجۇقۇپ كەتمەسلىكنىڭ ئۈچۈن نادانلار بىلەنمۇ ھەمسۆھبەتتە بولۇپ تۇر.

ئاچار مىنىڭ ئاقىلنىڭ ئەقىل كۆزىنى، بىر تەلۋە ناداندىن ياڭرىغان چۇقان...

12

ئەرزىمەس يېشىڭنى مۇقەددەس زېمىنغا تۆكمە، ئۇ قان ۋە تەردە كۆكلەيدۇ.

13

سەن ئىنتىلگەن ۋىسال، بەلكىم سانسىز ئۆلۈملەرنىڭ كەينىدىدۇر، ھىجران دەل سەن كېچەلمەيۋاتقان جاندۇر.

14

كۆز ياشلىرىڭغا قارماق سالما، قارماقتا ئۆزۈڭنىڭ يۈرىكى ئىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap

15

جاھاندا تالاي ئىنقىلابلار بولدى، لېكىن ھېچقايسىسى قۇياشنى مەغلۇپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ سەۋەبى پەقەت بىرلا: ئۇ بولسىمۇ، پۈتۈن يەر ـ جاھان ۋە ئىنسانىيەت پەقەت «نۇر» دەپلا خىتاب قىلىدۇ.

16

نۇر چېچىشنى بىلمىسەڭ، باشقىلارنىڭ كۆلەڭگىسى بولۇپ قالىسەن.

17

يالىڭاچ قالغاندا ئۇسسۇل ئوينىما، قورسىقىڭ ئاچقاندا ناخشا توۋلىما.

18

ئاچلىقنى شۈكۈر بىلەن يىراق قىلما، خارلىقنى سەۋر بىلەن چىراغ قىلما.

2000 ـ يىلى، خوتەن

# ئۆلۈم دەرۋازىسىنى ئەتمەيدۇ

ئۆلۈم دەرۋازىسىنى ئەتمەيدۇ.
بۇ قاپقارا دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىۋاتقانلارنى كۆردۈم، قايتىپ چىققانلارنى كۆرمىدىم.
ئىلاھى ئىشق سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلسەم، جەسىتىم بازاردا ئۈچ كۈن ئېسىقلىق تۇرسۇن.
مۇھەببەت باغىردىقىنى ئېلىۋەتتى، قىز بالا تېنىدىن چىقىپ كەتتى.
ھەممە ئادەم ناخشا ئېيتىدۇ، چۈنكى ھەممە ئادەم يارىدىن جۇدا.

ئۆلۈم دەرۋازىسىنى ئەتمەيدۇ.
دەرۋازىدىن ئاتلىساڭ ئالدىڭدا ئىككى يول بار، بىرى جەننەت يولى، يەنە بىرى دوزاخ يولى.
قايسى يولدىن ماڭساڭ بولىۋېرىدۇ، چۈنكى ھەر ئىككىسى تەڭرى يولىدۇر!

2003 ـ يىلى 17 ـ دېكابىر، گۇما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# مەيلى

سۆيگۈنىڭ باھاسى گۈللەردىن ئەرزان بولسىمۇ، ئازابىنىڭ
ماركىسى يالغان بولسىمۇ، مەيلى...
مېنىڭ كۆڭلۈمگە مۇھەببەت سۇلتان!

ۋىسال زەنجىرىنى ئۈزەلمىسەممۇ، سازىمنى خالىغان پەدىگە
تۈزەلمىسەممۇ، مەيلى...
يار ئىشقىدا بولىمەن سەرسان!

ئەينەك چېقىلىدۇ، قىز بۇزۇلىدۇ، كۆڭۈل كىر بولىدۇ،
يۇيۇلىدۇ، بارچە سىرلار يېرىم كېچىدە ئېچىلىدۇ. مەيلى...
كىچىك باللار كىيىمەيدۇ ئىشتان!

شېئىر يازىمەن، شېئىر يېزىۋېتىپ جۇدالىق ئازابىغا
چىدىيالمىسام، شېئىردىكى قىزنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن. مەيلى...
يۈرىكىمدە لېپمۇلىق ھىجران!

2003 ـ يىلى 26 ـ دېكابىر، گۇما

# كۆك يۆتەل

قېرىپ قالغاندەك يۆتىلسەن، ئۆزۈڭگە مىختەك قېقىلىسەن، كۆك بۆرىدەك كۆكىرىسەن، ئىچ ـ ئىچىڭدىن چىڭقىلىپ بۇ دۇنياغا تۈكۈرىسەن.

قىش كەلدى.

گۈللەر كۆڭلىكىنى سېلىۋەتتى، لەيلەپ چۈشكەن قار ئۇچقۇنلىرى كېپىنەكنى ئۆلتۈرىۋەتتى.

ئېسىڭگە بىر سۆز كەلدى:

يار!

يار ـ سەن ئۆزۈڭگە تىكلىۋالغان دار. چۈنكى، تاتلىق ئۆلگۈڭ كېلىدۇ، چىدىغۇسىز ئاھ، بىئىختىيار...

ئۆلۈپ تۇرمىساڭ ياشىغۇڭ كەلمەيدۇ، ياشىمىساڭ ئۆلەلمەيسەن.

تىك قىيالارغا ياماشقىن، يىقىلمىساڭ ئۆرە بولالمايسەن.

— ئۆھۆ، ئۆھۆ...

— تۈفى!...

بۇ دۇنياغا تۈكۈرىسەن، گۈللىرى توزۇپ كەتكەن دۇنياغا...

2004 ـ يىلى 29 ـ يانۋار، گۇما

# بېكەت

بېكەتتە ناتونۇش ئادەملەر ئەڭ كۆپ، لېكىن كۆزلەر بىر ـ بىرىگە ناتونۇش ئەمەس. كۆزلەر كۆڭۈلنى سۆزلەيدۇ، خىياللار سۆيۈشىدۇ.

ماشىنا كېلىدۇ، يەنە كېتىدۇ.

قوغلايدۇ، لېكىن ھېچكىم يېتەلمەيدۇ.

كىشىلەر بۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ ۋە بىر ـ بىرىدىن جۇدا بولىدۇ.

ماشىنا كېلىدۇ. يەنە كېتىدۇ.

كىشىلەر ئۇچرەت ساقلايدۇ، نۆۋەت كەلگەندە بىلەتنىڭ تۆگەپ كېتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

كەلگەنلەردىن كېتىدىغانلارخۇشال، ئۇزاتقۇچىلاردىن قارشى ئالىدىغانلار ھەسرەتلىك.

ھاياجان ئىشتىنىنى سىلىقۇپتىدۇ، مۇھەببەت چاچلىرىنى قويۇۋېتىدۇ، كۆڭۈللەر دېرىزە قاناتلىرىنى تولۇق ئېچىۋېتىدۇ.

بېكەتتە ماشىنا ئەڭ كۆپ.

ماشىنىلارنىڭ نۆۋىتى، يولۇچىلارنىڭ مەنزىل ـ قارارى بار، لېكىن تەقدىرنىڭ نۆۋىتى يوق، مەنزىل ـ قارارى نائېنىق.

ماشىنىدا خام خىيال، ئۈمىد، ھەسرەت، مۇھەببەت، نەپرەت...

بىللە سەپەر قىلىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ خاتىرجەم ئۇخلايدۇ.

ماشىنا كېلىدۇ، كېتىدۇ... كىشىلەر كۈلىدۇ، يىغلايدۇ...

بېكەت جىمجىت، بېكەت بىپەرۋا!

2004 ـ يىلى 1 ـ ئاپرېل، قوشتاغ

# كۆز يېشىنىڭ ئەسلىمىسى

1

قولۇمنى ئۈزىتىۋىدىم، گۈللەر ئېچىلىشتىن توختاپ قالدى.

2

ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقى پەقەت بىر دەقىقە كۆز ئېچىپ قاراشتۇر.

4

ئاي نۇرى كۆڭلىكىڭنى سالدۇرسا، مۇزىكا قەلبىڭنىڭ پىنھانلىرىنى ئاختۇرسا، شېئىر يۈرىكىڭگە پىچاق سالسا.. ئۇ ياۋۇز شائىرنىڭ تېنىڭنىڭ مەڭگۈلۈكىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭمۇ؟

5

لېكىن مېنى سۆيۈشۈڭ خاتا ئەمەس، چۈنكى مۇھەببەت ھېچقاچان توغرا بولۇپ باقمىغان.

6

مۇھەببەت ئۆلۈپمۇ بىزنى ئايرىۋېتەلمىدى. مەن سەندە، سەن مەندە، بىردىن جىنازا كۆتۈرۈپ ياشىماقتىمىز.

2004 ـ يىلى 31 ـ ئاۋغۇست، قوشتاغ

# قەلەندەرخانا

كىم ئۇ ۋۇجۇد جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن؟ كىم ئۇ ھايات شېرىن تۇرسا توختىماي ئۆلۈۋاتقان؟ كىم ئۇ ۋەتىنىمگە جېنىم پىدا دەپ ئايالىنىڭ كىرپىكىدىن ھاسا سۇندۇرۇۋاتقان؟!...

ئىشق قەلەندەرخانىسىدا ئىشىك، تۈڭلۈك يوق، جەھەرە ناۋالاردا تىترەيدۇ تاملار...

بەلكىم مۇھەببەت جان پىدالىقتۇر، بەلكىم ئۆلۈمگە تەلقىن ئېيتىشتۇر...

يار — يىراقتا كۆرۈنگەن گۈلزار، يېنىغا بارغاندا ئايلىنار چۆلگە...

2004 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر، قوشتاغ

# ناله

سەنسىز ھاياتنىڭ ئاشىنالىقى نېمە؟ سەنسىز گۈللەرنى ئۈزۈپ نېمە قىلاي؟ ئايدىڭ كەچلەردە قوشاقلار توقۇپ يۇلتۇزلارنى قىينىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟!...

كىرپىكىمدىن ئۆتكەن كارۋانلار سەندىن خەۋەر بەرمىسە، قوۋۇرغامنىڭ سۇنغان ئاۋازى يۇلتۇزلارغا زەھەر تەگلىسە، سەنسىز ئۆلۈمنى قانداق ياشاي؟!...

تۇغۇلۇپلا ئايرىلغان تۇرسام، سېنى ئەمدى كىمدىن سورارمەن؟!

بارخانلارنىڭ ئاستىدىمۇ سەن، دەريالارنىڭ تەكتىدىمۇ سەن؟ بىر پاي ئوق كۆكسۈمدىن ئىشىك ئاچقاندا، قان رەڭ كۆڭلەكنى كىيىپ شۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېلەمسەن؟!...

يىراق ياكى يېقىن زاماندا، چۈشتەك غۇۋا تەكلىماكاندا يوللىرىمغا قاراپ تۇرامسەن، چاچلىرىڭنى تاراپ تۇرامسەن؟!...

سەنسىز ئىمانىم پۈتۈن بولماس، سەنسىز ھاياتىم بەئەينى تۈتۈن... بۇ دۇنيادىن تاپمىسام سېنى، ئۇ دۇنيادىن قانداق تاپارمەن؟!...

2004 ـ يىلى 26 ـ سېنتەبىر، قوشتاغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# شەھەر ــ مېنىڭ مەغلۇبىيىتىم

1

ماشىنىدەك ئالدىراش ئادەم قولىقىمغا «پۇل!» دەپ شىۋىرلاپ ئۆتتى.

2

ئەتىرگۈللەر تەشتەكتە ئۆلمەكتە، قىزلار ئەينەكلەردە ئۈزۈپ يۈرمەكتە. مۇھەببەت ئاچ ـ يالىڭاچ دىۋانىدەك ئىشىك چېكىپ يۈرەر، ئۆينىڭ ئىچىدە ھېچكىم يوق...

3

رەستىلەردە ئۆتكەنكى ئىشلار...

4

شەھەر يۇلتۇزلىرى سەھرادىكى ئانىلار ياققان پىل ـ پىل چىراغدا، سۆيگۈنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى جۇدالىق ۋە ھەسرەت، يىراقتا... نېچۈن ھەر دەقىقە جېنىمدىن كېچىپ تۇرىمەن؟ چۈنكى، مېنىڭ ھاياتىم ئۆلۈمدىنمۇ يىراقتا...

5

بىنالارنىڭ ئېگىزلىكىدىن يارىمىنىڭ چېھرىنى كۆرەلمىدىم. ماشىنىلارنىڭ رەزىللىكىدىن يولنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتەلمىدىم.

6

ئادەملەر ئورمانلىقىدىكى قۇرۇپ قاخشال بولغان بىر تۈپ دەرەخمەن، ئۈستۈمدە يامغۇر ياغقۇدەك ئاسمان يوق.

7

خورازسىز شەھەر، بىر ئايال سەھەر قورسىقىمدىن ئۆملەپ ئۆتتى. ئۇنىڭ غىل - پال نۇرىدا تاڭ ئاتتى.

8

تاغنىڭ ئۆڭكۈرى ئۆيۈم بولسا، ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭ بولسا، ئۆستەڭدە سۇلار شىر - شىر ئېقىپ تۇرسا، ئۆستەڭ بويىدا بىر قىز چېچىنى تاراپ ئولتۇرسا، قىزنىڭ بىر تال چېچى ئېقىپ كەتسە، ئېقىپ، ئېقىپ، ئېقىپ... بارماقلىرىمغا ئىلىنىشسا...

مەن ھازىر شەھەردە.

2004 - يىلى 14 - ئۆكتەبىر، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# بىرىنچى كېچە

بىز باشقا ـ باشقا ئىككى ئالەمدىن كەلدۇق ۋە ئىككى ئالەمنى بىر قىلىش ئۈچۈن سۆيۈشۈشكە تەرەددۇتلەندۇق.

قورقۇپ كەتتىم، كۆزۈڭدىن كۆزۈمگە قاغا قاقىلداۋاتاتتى. لېۋىڭدىن لېۋىمگە كاككۇك سايراۋاتاتتى. تەن گۈللۈكۈڭگە باغۋەن بولۇشنى خالايمەن، سۆيگۈ ئۆلتۈرگىچە نەپرەت ئۆلتۈرسۇن، بارمىقىڭ يۇمشاق سىلاشلىرىمدا جېنىمنى ئاستا ـ ئاستا ئۆلۈمگە كۆندۈرسۇن.

بارمىقىڭنى تۇتقاندىم، چىراغ ئۆچۈپ قالدى. سەن قورقۇپ كەتكەن تاغ توشقىنى، مەن بىر ئوۋچى...

مۇھەببەت مېنى قورالسىزلاندۇرماقتا!

2004 ـ يىلى 30 ـ ئۆكتەبىر، قوشتاغ

# بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان...

بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان. مەن بىر سەرگەردان...

ئۆلۈم چېچەكلەپ بەرگەندە مېۋە، ماكانىم جەننەت، يېنىمدا رىزۋان...

مۇھەببەت ئايال بولۇپ ئالدىدى، ۋەتەن تۇپراق بولۇپ ئالدىدى. دۇنيا ئالدىماس، ئۇنىڭ جاۋابى ــ ئۆلۈم!

پاكلىقنىڭ مەنىسى ئۆلۈۋېلىشمۇ؟ رەزىللىك ھەقىقىي كۈچمۇ؟ مۇھەببەت ــ ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم مەيدانىمۇ؟!... ياق، ياق، جۇدالىق سۆيۈشكەن دەقىقىدىن باشلىنار، ھەممىدىن تۆكۈلمىگەن ياش قاتتىقتۇر.

بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان.

چەكسىز مەن، چۈنكى ھېچنېمەم يوق. قايتىپ كەلمەيمەن، چۈنكى ئۆيۈم يوق.

يۈرىمەن ھەر يان...

2004 ــ يىلى 1 ــ نويابىر، قوشتاغ

www.uyghurkitap

# باھار ھىدى

باھار ھىدى دىمىقىمغا ئۇرۇلدى، كىرپىكلىرىم قاناتلىنىپ ئۈچتى، قىزلار يۈرىكىمدە مايسىلاردەك ياشىرىشقا باشلىدى.

ئىھ، ئۇياتچان شاخلار!...

بىلمىدىم، تاللار قاچان چوكان بولدى؟ باغلار قاچاندىن باشلاپ سۇمبۇل چاچلىرىنى خۇمارلىق تاراپ، تاملاردىن بېشىنى سوزۇپ ماراشقا باشلىدى؟ بىلمىدىم، دەسلەپ ئېچىلغان قايسى گۈل؟!

دۇنيا ۋاپاسىز!

باھار ھەممىگە ئورتاق ئەمەس، دەردمەن ئادەمنىڭ باھارى يوق، خۇشال ئادەمگە باھار ـــ بىر تال يوپۇرماق.

مېنىڭ باھارىم قىزىل ياغلىقىنى بويىنىغا سىلىپ، ئەتلەس كۆڭلىكىنى لەپىلدىتىپ، شامالدەك مەيىن قەدىمى بىلەن ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. كەينىدىن ماڭدىم، ماڭدىم...

ھەر يىلى شۇنداق، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ تاكى كەچكۈزگىچە بارىمەن ۋە قىشنىڭ بوسۇغىسىدا ئۇنى يىتتۈرۈپ قويۇپ نادامەتتە قايتىمەن. ھەر يىلى شۇنداق...

2004 ـ يىلى 15 ـ مارت، قوشتاغ

# شائىرنىڭ مۇھەببىتى

شائىر ــ ئازاب كانىنىڭ ھارماس ئىشچىسى، سۆيگۈ ئېتىزىنىڭ تىنىمسىز دېھقىنى. ئۇزاقتا سوزۇلغان تەنھالىق ئاخشاملىرىدا ئۇ قەلبىدىكى نىگارىغا مۇنداق پىچىرلايدۇ:

سەن مەندىن چەكسىز يىراقتا، ھاياتىمنى يورۇتىسەن قولۇمدىكى چىراغدا.

تۇرىسەن مېنى سۆيۈپ، باغاشلاپ، يېزىلىۋاتقان مۇشۇ شېئىردا.

سەن بار بولغاچ ئۈمىد ئۈزمەيمەن، يوق بولغاچقا، شېئىر يازىمەن. ئايالىلارغا قاراپ ھەسرەتتە شېئىر يازغۇم كەلمەيدۇ بەزەن...

تېنىڭ قەيەردە؟!

ئاڭلىنىدۇ ئاياغ تىۋىشىڭ تىمتاس قەلبىمنىڭ كېچىسىدىن. تۇمەن ئاتلار چېپىپ كېلىدۇ چاچلىرىڭنىڭ زۇلمەتلىرىدىن، چاچلىرىڭ نەدە؟

سۆيۈشۈش...

قۇرۇپ كەتتى لەۋلەر ئارىسى.

2004 ـ يىلى 27 ـ مارت، گۇما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# مۇمكىن ئەمەس...

مۇمكىن بولسا شىشىدىن ساندۇق ياسايتتىم ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە سېنى بىر ئۆمۈر ساقلاپ سۆيەتتىم.

مۇمكىن بولسا قەلبىمدىن قەبرە ياساپ سېنى دەپىن قىلاتتىم ۋە ئۇلۇغۋار ھەم پاك روھىڭغا تىۋىنىپ ياشايتتىم.

مۇمكىن بولسا كۆز ياشلىرىمدىن دېڭىز ياسايتتىم ۋە دېڭىزغا قولۋاق سېلىپ سېنىڭ يېنىڭغا باراتتىم.

مۇمكىن بولسا سېنى چۈشۈمگە باشلاپ كىرىپ باغرىمغا باساتتىم ۋە مەڭگۈ ئويغانمايتتىم.

بىراق...

مۇمكىن ئەمەس!

2004 ـ يىلى 23 ـ ئاپرېل، خوتەن

## مەن نېمشقا شېئىر يازىمەن؟

قولۇمغا قەلەم ئالساملا، ئۆيۈمدىن تاملار غايىب بولىدۇ، مۇھەببەتسىز سوغۇق تېنىمدىن ئاستا ـ ئاستا ئۇزاپ كېتىمەن.

ئۆلۈم مېنى يوقلاپ كېلىدۇ ۋە ئۇمىدسىزلىنىپ كېتىپ قالىدۇ.

قەلبىمدە بۇ دۇنياغا تەۋە بولمىغان تەڭداشسىز گۈزەل ۋە خۇش ئاۋاز بىر قىز ناخشا ئېيتىشقا باشلايدۇ.

......

قەلىمىمنى قويساملا، رېئاللىق مېنى قەپەس كەبى تېنىمگە بەند قىلىدۇ. دۇنيا خۇنۇك چىرايى بىلەن ماڭا قاراپ كۈلىدۇ. كوچىغا پاتماي قالغان ئاياللارغا قاراپ يارسىزلىق ئازابىم تېخىمۇ كۈچىيىدۇ...

2004 ـ يىلى 31 ـ ئاپرېل، خوتەن

# ئۆزۈمگە قارشى

تېنىمدىن قاچانمۇ چىقىپ كېتەرمەن؟
جېنىم ئەركىن ياير ىيالمىدى.

كۆزۈمدىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن؟
غايىبنى كۆرەلمىدىم.

قۇلىقىمنى قاچانمۇ تەرك ئېتەرمەن؟
ھەق سادالىرىنى ئاڭلىيالمىدىم.

قوللىرىمنى قاچانمۇ تاشلىۋېتەرمەن؟
قەلبىمدىكى يارىمنى قۇچاقلىيالمىدىم.

پۇتلىرىم بولمىسىچۇ...
مەنزىل بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى...

ئاھ!
تىرىكلەر قەبرىستانلىقىدا رەببىنى تونۇيدىغانلار يوق. ئۆلۈم بوستانى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا. قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقى نەقەدەر يېقىن، نەقەدەر يىراق؟!...

2004 ـ يىلى 21 ـ ئۆكتەبىر، قوشتاغ

# مىسكىن

قېتىپ قاپتۇ دېرىزەڭ ئۆلۈكنىڭ كۆزىدەك ئېچىلغان پېتى.
شامال كىرمەس ئۆيۈڭگە، كىرمەس ھەتتا ئاي نۇرى...
سېنى دۇنيادا ھېچكىم ساقلىماس.
ناخشا ئېيتىسەن بولۇپ سەرگەردان، لېكىن ناخشاڭنى ھېچكىم ئاڭلىماس...
قەلبىڭ!
قەلبىڭ گويا قەلەندەرخانا، ئولتۇرىسەن ھۇ تارتىپ.
ئىسمىڭ بوراندا يۇرىدۇ سەرسان، چىرايىڭ تاملاردا تۇرار تاتىرىپ.
لېكىن...
لېكىن ھەر كېچە، بىر ئايال سەن ئۈچۈن سالىدۇ كۆڭلەك.

2005 ـ يىلى 3 ـ يانۋار، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# شايى ـ ئەتلەس قىز

يېشىل چۈشلەر باھارنى دېرەكلىمەكتە. ئەينەكلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى سەندە توختىدى. نامازشامنىڭ كۆلەڭگىسى نازۇك بويۇڭدا سويلىماقتا. كۆز يېشىنىڭ ئەسلىمىسى يۈرىكىڭدە يىلىنجاپ تۇرار...

گۈلبەدەنگە چىرماشقان خىيال، ئاھ ساھىبجامال! قاچان كەلدىڭ بىر ناخشىنى مىڭ بىر يىغلىتىپ، كۆيۈۋاتمەن قىزغىن لاۋۇلداپ، تۇكلۇك ھەۋەس ئويغىنىپ كەتتى. قاچان كەلدىڭ كىرپىكى قىلىچ، يىرتىلىشقا تەييار تۇرغان شايى ـ ئەتلەس قىز؟!...

ئېتىزلاردا قاينايدۇ ئەمگەك.

كىم كۆرۈپتۇ مۇھەببەتنىڭ سەھەر قوپۇپ يۈزلىرىنى يۇيغانلىقىنى؟

كىم كۆرۈپتۇ ھاشاردىكى غىچىرلاۋاتقان ئەقىدىنىڭ قاتتىق سۆڭەك دېھقانلىرىنى؟

كىم ئۆلۈۋېتىپ ئارقىسىغا قارىماس، كىم سۆيۈۋېتىپ ئۇنتۇپ قالماس باغرىدىكى يارىنى؟...

شامال سىنى ئوغرىلاپ كەتتى.
شامال قەلەندەر...

2005 ـ يىلى 24 ـ ماي، خوتەن

# ئوبۇل هاشىم مۇنداق دېدى ...

ئوبۇل هاشىم مۇنداق دېدى: سەن ئىچكى ماھىيەتلىك ئادەم.

ئۇ دۇرۇس ئېيتتى، ھەممە ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئىچىدە، تېشىدىكىسى ئۆزى ئەمەس، زامان...

ئۇ دۇرۇس ئېيتتى، ھەممە ئادەمنىڭ قەبرىسى ئىچىدە. ئىچىدىكىسى قەبرە، قەبرىدىكىسى ئۆزى...

ئۇ يەنە دېدى: سەن مۇھەببەتكە باي!

ئۇ دۇرۇس ئېيتتى، ھەممە ئايال پەقەت بىر ئايال. ئاشۇ بىر ئايال ـــ مېنى ئاشىق قىلغان شېئىردىكى قىز.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

ـــ مۇھەببەتنى كۈيلەۋەرسەڭ شائىر بولالمايسەن، كۈيلە ئايالنى...

(ئۇ مېنى «ئۆيلەن» دېگىنى.)

ـــ ھەقىقەتنى كۈيلەۋەرسەڭ شائىر بولالمايسەن، كۈيلە چىنلىقنى...

(ئۇ مېنى «زامانغا باق» دېگىنى.)

ـــ بىرەر قېتىم تىرىلىشتىن ئۈمىد بولمىسا ئۆلۈۋەرمە...

(ئۇ مېنى «بىھۇدە ئىشقا ئۇرۇنما» دېگىنى.)

ئوبۇل هاشىم ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

ـــ سەن شېئىر يېزىشقا يارالغان ئادەم!

2005 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇل، خوتەن

www.uyghurkitap

# سەھنىدىكى قەلەندەر

تېلېۋىزورغا چىقتىم.

— سىز كىم؟ — دەپ سورىدى رىياسەتچى قىز.

— چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ ئولتۇرغان سەھنىدىكى قەلەندەر... دەپ جاۋاپ بەردىم.

— يەنىچۇ؟

— گاچا بۇلبۇل مۇھەببەتنى كۈيلىگەن، شېئىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سەرگەردان...

...

سوئال ـ سوراق داۋاملىشىۋاتاتتى، ئەزەلدىن ئېسىمدە يوق، مەندىن كەلمىگەن سۆزلەر تىلىمدىن خازاندەك تۆكۈلىۋاتاتتى. كۆزلىرىمدىن شىرىلداپ قۇملار ئېقىۋاتاتتى، روھ ـ ئەرۋاھلار پاراقلاپ كۈلۈۋاتاتتى. تاپىنىمدىن تۆگىلەر قېچىپ كېتىۋاتاتتى، كۆكسۈمدىن ئاتلار تاراقلاپ ئۆتۈۋاتاتتى، باغرىمدىكى تاش يىغلاۋاتاتتى، يۈرىكىمدىكى گۈلخان مۇزلاۋاتاتتى... ئۆزۈمنى قۇتقۇزالماي يالغان سۆزنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالدىم. ئەسلى ئۆزۈم بىلگەن ئالتاغىل پەدىدە ياشىماقچى، قاندەك يوشۇرۇن ئاقماقچى ئىدىم...

...

چاۋاكلار چېلىنىۋاتاتتى...

كىشىلەر سوئال سوراشماقتا ئىدى...

ھېچكىم كېچە كۆرگەن چۈشۈمنى سورىمىدى.

ھېچكىم ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان تۇنجى مۇھەببىتىمنىڭ دېرىكىنى سورىمىدى.

بىر ـ بىرىمىزنى ئالداۋاتاتتۇق. ئۇلارنىڭ قەلبى ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىككە تولۇپ كەتكەن، چالغان چاۋاكلىرى ئالىقانلىرىنى ئازابلايتتى. ئۇلارنىڭ كۆرگىنى ساختا ئادەم، شۇ تاپتا كۈلۈش ئۈچۈن ئازاب چەكمەكتە ئىدىم...

...

شۇنىڭدىن بۇيان، قۇياش نۇرى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان قۇمۇش كەپەمدىن ئايرىلىپ نام ـ ئاتاقنىڭ قاراڭغۇ تۇرمىسىدە ساناقسىز گۈندىپاي كۆزلەرنىڭ تەقىبى ئاستىدا ياشىماقتىمەن. شۇنىڭدىن بۇيان، ئۆلۈپ تۇرۇپ شېئىر يازمىدىم، كۈلۈش ئۈچۈن ھەسرەتلەنمەكتىمەن.

شۇ چاغدىكى ھالىتىمنى ئويلىسام بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كېتىدۇ. نېمانچە بىچارە، نېمانچە بىچارە...

2006 ـ يىلى 1 ـ يانۋار، گۇما

# ئېھ، دىلبەر

مەن قۇياشنىڭ قاراڭغۇ تۈنى، سەن ئۆلۈمنىڭ پارلاق يۇلتۇزى. چاقىرىدۇ بىزنى ھاياتقا، مۇھەببەتنىڭ ھەسرەتلىك ئۈنى...

ئېھ، دىلبەرا!...

ئىشىكىڭدىن ئۆتەر ھەر كۈنى، جەندە ـ كۆلاھ كىيگەن قەلەندەر. خۇرجۇنىدىن ئۈنىڭ جىرىڭلاپ، تۆكۈلىدۇ شەھەرلەر، چۆللەر...

غېرىب ئادەم بىر خۇدا بىلەن، يىغلار ـ يىغلار مىڭ جۇدا بىلەن، ئۇ مەن...

ئېھ، دىلبەرا!...

سەن ياۋا ئات ھېچكىم مىنمىگەن، كۆندۈرمەن مەن سېنى جەزمەن.

سەن بىر شېئىر، ئۆزۈم يازىمەن، يېزىپ بولۇپ يىرتىۋېتىمەن.
كۆڭلۈم مېنىڭ ئاھۇ پىغاندا ئەينەكلىرى چېقىلغان ئاسمان،
سەن قاراڭغۇ چۈشۈمدە يۇلتۇز تىرىپ يۈرگەن كىچىك قىز...

ئېھ، دىلبەرا!...

ئۆلگەندە بىز ئىككىمىز، تىرىلگەندە يەنە ئىككىمىز، كۆكنىڭ يۇلتۇز چىراغلىرىنى ياندۇرغاندا مۇھەببىتىمىز، يىغلىمايلى، كۈلمەيلى...

سەن مەندە بول، مەن سەندە. بولايلى بىز تا ئەبەد بىر جان ـ بىر تەندە!...

2006 ـ يىلى 3 ـ فېۋرال، گۇما

# دەڭلار...

دەڭلار...
ئۇ يارىنى ئىزدەپ ئاھ ئۇرۇپ، راۋابىنى چالدى چۆللەردە. ساۋاب چىقتى ئۇنى ئوتتۇز قىز، قەلبىدىكى قىزىل گۈللەردە...
كۆزلىرىنى ئويۇۋەتمەڭلار، راستتۇر ئۇنىڭ كۆزلىرى، كۆرگەنلىرى بولسىمۇ ساختا...
تىلىنى كېسىۋەتمەڭلار، راستتۇر ئۇنىڭ سۆزلىرى، ئېيتقانلىرى بولسىمۇ يالغان...
دەڭلار... ئۇ بىر چۈش، كېتىپ قالماس تاڭ ئاتماي تۇرۇپ. قار قاپلىغان سوغۇق قەلبىدە، كېسەل ئىتتەك يىغلار ئاھ ئۇرۇپ...
دەڭلار...
ئالەمدە يوق ئۇ سۆيگەن ئايال، شېئىر يازار شۇڭا ئامالسىز.
شېئىر قانداق شېئىر دەيدۇ ئۇ، دۇنيا قانداق دۇنيا ئايالسىز...
دەڭلار...
مېھىر ـ مۇھەببەت
داۋاملىشار ئەبەدىلئەبەد!

2006 ـ يىلى 23 ـ ئاپرىل، گوما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# روھ ناخشىسى

مەن تارىخىدا كۈن نۇرى كۆرۈپ باقمىغان قاراڭغۇ ئۆڭكۈر.
ئىچىمدە ھايات ۋە ماماتلىق ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق نەرسىلەر بار.
مۇھەببەت ۋە نەپرەت، ئەرك ۋە ئىمان، شادلىق ۋە نادامەت...
ئۇ يەردە بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىپ جۇدالىق ئازابى تارتىدۇ.
ئۇلار ئۇچراشقان كۈنى مۆجىزە كەبى روھىم تۇغۇلىدۇ ۋە
پۈتكۈل بارلىقىم توسقۇنسىز ئىسيان ئىچىدە قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنى
گۇمران قىلىپ كائىناتقا يۈزلىنىدۇ.

2006 ـ يىلى 9 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

# شاماللار، بىردەم توختا...

شاماللار، بىردەم توختا. مەن يىغلاۋاتىمەن، كۆز ياشلىرىمنى بۇلۇتلارغا يەتكۈز. بۇلۇتلار ئۈنچە - مارجان قىلىپ دالىلارغا چاچسۇن، دالىلاردا رەڭمۇ رەڭ گۈل - چېچەكلەر ئۈنسۇن، گۈل - چېچەكلەر ئارىسىدا سان - ساناقسىز قۇشلار سايرىسۇن، قۇشلارنىڭ شوخ ناۋاسى مىسكىن كۆڭۈللەرنى شاد ئېتىپ ھىجران ئازابلىرىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرسۇن.

شاماللار، بىردەم توختا. مەن كۈلۈۋاتىمەن، كۈلكىلىرىمنى مۇڭ بېسىپ تۇرغان خىلۋەت مەھەللىلەرگە يەتكۈز. كۈلكىلىرىم يوقسۇللۇق ۋە ھارغىنلىقتىن مۈكچىيىپ قالغان دۈمچەك ئۆيلەرنىڭ ئەزەلدىن چېكىلىپ باقمىغان، كۈتۈشلەردە كۆزلىرىنىڭ خۇنى كەتكەن خىرە پەنجىرىلىرىنى چەكسۇن. ئۆيلەردىكى قاقاس ئەرلەر، پۇرلەشكەن ئاياللار، كىرلەشكەن باللار غاراسلاپ سۇنغاندەك، پاراسلاپ كۆيگەندەك، ۋارقىراپ ئۆلگەندەك مىسلىسىز ھاياجان ئىلكىدە جاننىڭ ئارامىغا يەتسۇن. ھاياتنىڭ ئۇلار بىلمەيدىغان يەنە بىر مۇقامى بار، ئۇ — ناشۇدلۇق؛ ئۇ — قىقاس... چالسۇن ئۇلار كۆكسىنى داپ قىلىپ، سۆڭىكىنى راۋاب قىلىپ، يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ...

شاماللار، بىردەم توختا. مەن ناخشا ئېيتىۋاتىمەن، ناخشىلىرىمنى ئايدىڭدىكى مىسكىن قەبرىلەرگە يەتكۈز. ھېچبىر ئۇدارغا چۈشمەيدىغان، ھېچبىر ئۇسسۇلغا كەلمەيدىغان، ھېچ كىشى چۈشەنمەيدىغان ناخشىلىرىم قەبرىلەرنى ئويغاتسۇن. ھايات جىمىپ كەتتى، چۈنكى ئۆلۈمنىڭ چەكسىز قۇدرىتى تىرىكلەر تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىندى. ھەممە ئادەم ناخشىچى بولۇپ

كەتتى، ئاڭلايدىغان ئادەم قالمىدى. تاغلارنىڭ يېشىلىپ كەتكەن پوتىسى، باغلارنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن كۆڭلىكى، چۆللەرنىڭ ئېچىلىپ قالغان كۆكسى، دەريالارنىڭ چاڭقاقلىقتىن چاك ـ چاك يېرىلغان لەۋلىرى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. ئېيتىۋاتقىنىم ھاياتلىق ناخشىسى، بىراق ئۇنىڭدا كۈيلەنگىنى ساھىبجامال ئۆلۈم. ناخشىلىرىم قەبرىلەرنى ئېچىۋەتسۇن، ئۆلۈكلەر شەھەرلەرگە بارسۇن، پۇلنى كۆزىگە سۈرتۈۋاتقان سودىگەرلەرگە پۇل خۇدا ئەمەس دېسۇن. غۇرۇر، ئىززەت ئۈچۈن مۇشتلىشىۋاتقانلارغا كۈچ بىلەكتە ئەمەس، يۈرەكتە دېسۇن. ھىجران بالاسىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن شاراب ئىچىۋاتقانلارغا ۋىسال تەندە ئەمەس، جاندا، ئۆلۈم ـ جاننىڭ بايرىمى دېسۇن. تىرىكلىك قايغۇسىدا ئىڭراۋاتقان بىمارلارغا ھاياتلىق مەڭگۈ يوقالمايدۇ، چۈنكى ئۇ تېخى ھەقىقىي مەنىسىدە يېتىپ كەلمىدى دېسۇن. ئۇتتۇش ئۈمىدىدە كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەن قىمارۋازلارغا سىلەر ئۇتتۇرمايسىلەر، چۈنكى سىلەردە ھېچنېمە يوق، دېسۇن... ئۆلۈكلەر يول بويىدا غەيۋەت قىلىشىپ ئولتۇرغان بىكارچىلارغا ئېيتىپ قويسۇن: ئۆلۈپ تۇرۇپ كۈلۈشتىن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆلۈش گۈزەلرەك. ئۆلۈمگە تەۋەككۇل قىلىشتىن ھاياتقا تەۋەككۇل قىلىش ئارتۇقراق. ياشاپ تۇرۇپ يىغلاشتىن يىغلاپ تۇرۇپ ياشاش سەمىمىيرەك... ئۆلۈكلەر يەنە ئەينەك قەسىرلەردە نادان مۇخلىسلىرىغا مەۋجۇتلۇق ۋە تەقدىر ـ قىسمەت ھەققىدە ئۇگۇت بېرىۋاتقان ئەۋلىيالارغا ئېيتىپ قويسۇن: بارلىقنىڭ مەنىسى يوق بولۇش، يوق نەرسىلەر مەڭگۈ مەۋجۇد... كەيپلىك ئىستەپ كوزىغا دۇم چۈشكەن تەلۋە شارابخورلارغا ئېيتىپ قويسۇن: ئىشق مىڭ يىللىق ئېچىغان شاراب، ئىچسۇن باش سۆڭىكىنى جام قىلىپ. تۈكلۈك قوملار، ساقاللىق توغراقلار، قىزىل يۈزلۈك يۇلغۇنلار، قارا كۆز جىنلار، يالىڭاچ ئەرۋاھلار ئۆلپەت بولسۇن ئۇلارغا... يەنە سۆز داللىرىدا تەمتىرەپ يۈرگەن شائىرلارغا ئېيتىپ قويسۇن:

ئۆلۈپ تۇرۇپ يازسۇن، تىرىكلەرنى سەگىتىدۇ؛ تىرىلىپ تۇرۇپ يازسۇن، ئۆلۈكلەرنى ئويغىتىدۇ؛ شەكىلگە بەند بولمىسۇن، يىقىلمايدىغان ئىمارەت يوق؛ مەنگە بېقىنمىسۇن، ئىدىيەلەر كونىرايدۇ، جان ئاتا قىلمىسۇن، جان بار يەردە قازا بار؛ روھ بەرسۇن، مەڭگۈ ياشايدۇ، چۆلدەك ئەمەس، چۆلدىكى بورانلاردەك ئەركىن ـ ئازادە، خۇشال ـ بەختىيار... ھاياتقا ئىشەنمىگەنلەر ئۆلۈمگە ئىشىنىدۇ، ئەگەر ئۆلۈمگىمۇ ئىشەنمىسە، ئەي شاماللار، ناخشامنى قايتۇرۇپ كەل، ئۆزۈم ئۆلەي!...

شاماللار، بىردەم توختا. مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەن. يارىم قۇچىقىمدا تۇرسىمۇ، ئۇنى ئىزدەپ ھەسرەت چېكىۋاتىمەن. ئۇ ئىڭراۋاتىدۇ، يىغلاۋاتىدۇ، سىغىنىش ۋە ئىنتىزارلىق ئىچىدە مېنى چاقىرىۋاتىدۇ. ئەپسۇس، بېشىنى سىلاشقا قولۇم يەتمىدى، چاقىرسام ئۈنۈم يەتمىدى. ماڭدىم، ماڭدىم، ماڭدىم... يارىمنىڭ قېشىغا يېتىپ بارالمىدىم، ھالسىزلاندىم، قېرىپ كەتتىم، ئۆمرۈم يەتمىدى. شاماللار، بىردەم توختا. چۈشۈمدىن ئويغىنىپ كەتكىچە يارىمنىڭ قېشىغا بىرىۋالاي، تەشنالىق ئىلكىدە تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىگە بىر سۆيۈۋالاي... سەن بىلمەيسەن، مۇھەببەت بىر چۈش، چۈشتىن ئويغانغاندا ھېچنېمە قالمايدۇ، قۇپقۇرۇق رېئاللىق ۋە مەڭگۈلۈك ھىجراندىن بۆلەك...

2008 ـ يىلى 11 ـ فېۋرال، خوتەن

www.uyghurkitap

# ياشلىق باغلىرى

1

ياشلىق باغلىرى رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن تولغان. قۇياش ئېچىلىش ئالدىدىكى گۈللەرگە تەقەززالىق بىلەن نۇرلىرىنى چاچماقتا.

2

ئاخشامقى ناخشاڭنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، سەن ياپراقتەك پىلدىرلاپ باغرىمغا تۆكۈلگەن ئىدىڭ.

3

مەھەللەڭدىكى بارلىق تېرەكلەرگە مېنىڭ ئىسمىم ئويۇلغان.

4

گۈل ئېچىلىۋاتقاندا بۇلبۇل تېخى ئويغانمىغان ئىدى. كۆز ئېچىپلا، گۈل تۈۋىدىكى قەبرىسىنى كۆرگەن شور پېشانە بۇلبۇل...

5

باغنىڭ ھېچكىم بىرىپ باقمىغان كۈنگەي تەرىپىدە بىر كەپە بار، كەپىدە جۇدالىق مۇڭلىرىغا دۇتار چېلىپ ئولتۇرغىنى مېنىڭ

كۆڭلۈم.

6

باغنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە سالام خەتتەك يىرتىلغان يۇرەكلەر ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

7

ناخشا ئېيتىۋاتقان يۇرەكنى ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ، بىر دەم ساقلاپ تۇرۇڭلار.

8

سەن «خوش!» دېگەندە ئاندىن بىلدىم، مېنى ساڭا باغلاپ تۇرغىنى مۇشۇ سۆز ئىكەن.

9

مەن بارلىق ئايالLارنى سۆيىمەن. بارلىق ئاياللار پەقەت بىر ئايال، ئۇ سەن، ئامرىقىم!

10

مەن ئۆلگەندە باغقا دەپنە قىلىڭلار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# خىياللار

1

ساڭا ئاتاپ يازغان شېئىرلىرىمنى سېنىڭ ئەسلا ئوقۇمايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن.

2

ئەڭ يېقىملىق ناخشىلارنى ئاڭلىغاندا سېنىڭ ئاۋازىڭ ئېسىمگە كېلىدۇ، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈستىدە گەپ بولغاندا ئىشقىڭدا تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىمنى ئويلاپ خىجىل بولىمەن.

3

كۆزۈمنى يۇمساملا سېنى كۆرىمەن، ئەجەبا، كۆز ئېچىپ كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى يالغانمىدۇ؟

4

مېنى سۆيسەڭ مەندە بول، سورىغانلارغا ئېيتاي: تەنھادۇرمەن، يالغۇز ئەمەسمەن!...

5

لەۋلىرىڭدە ئېچىلغان گۈل ـ چېچەكلەر، كۆز ياشلىرىمدىكى كىشەن ـ زەنجىرلەر، خىيالىمنىڭ ئاپئاق ئۈستىخانلىرى...

ئېيتار ئەي مەجنۇن، ساڭا كېرەك قانداق بىر ئۆلۈم، مۇھەببەت دوزىخىغا كىرىشتىن بۇرۇن؟!...

6

ئالىقىنىمدا ئولتۇر، تىرنىقىمنىڭ ئاستىغا كىر، تېنىمدىكى تىترەكلەرگە چۆك.

7

ئاخشام ئۆلۈشتىن بۇرۇن سېنى كۆرگەنىدىم، بارماقلىرىڭنىڭ ئارىسىدا قاتار ـ قاتار ئۆلۈملەر...

8

چېچىڭنىڭ بىر مىنۇتلۇق كېچىسىدە بىر ئۆمۈر ئېزىقىپ يۈرىدىغان قانداق سەيياھمەن؟ كىرپىكىڭنىڭ بىر جۇملە ئوقىدا بىھوش بولغان قانداق مەجنۇنمەن؟!

9

ئىككى پۇتۇڭ تولىمۇ يىراقتا قالدى. ئىككى كۆزۈڭ ئەڭ ئاۋۋال يولدىن ئازدى. كەينىڭگە قارىما، مەن ئۆتمۈشتىكى گۈزەل ئەسلىمىلىرىڭدە ئەمەس، كېلەچىكىڭدىكى ئۇلۇغ ئادەممەن.

10

ئاخىرقى دەملەردە يېنىمدا بولساڭ تىنىقىم توختىغىچە كۈت، ئاندىن مېنى قەلبىڭدە تىرىك پېتى ساقلا.

2008 ـ يىلى 13 ـ سېنتەبىر، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# ئاشىق رىۋايىتى

1

سېنى ئىزدەۋاتقىنىمغا مىڭ يىللار بولدى، يوق بولغىنىڭ ئۈچۈن مېنى ماگىنىتتەك ئۆزۈڭگە تارتىۋاتامسەن؟ بىر كۈنى بار بولۇپ، گۈزەل ئۈمىدلىرىمنى سورۇۋەتمەيدىغانسەن؟!

2

سەن تەرەپكە مېڭىۋېدىم يوللار يىراقلىدى، تاغلار ئېگىزلىدى، دەريالار كېڭەيدى، ئوتلار ئۇلغايدى... سېنىڭ بارچە مۇشكۇلاتلارنىڭ كەينىدە ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ، خاتىرجەم ھالدا يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم.

3

قولۇم قولۇڭنىڭ ئۈستىدە تەمبۇر چالار، پۇتۇم پۇتۇڭنىڭ ئۈستىدە گۈزەل چۈشلەرگە ئەسىر بولدى، كۆزۈم كۆزۈڭدە يۇمۇلدى، قاچان كۆرۈنسەڭ، سېنى شۇ چاغدا كۆرىمەن.

4

بىر قىز سېنىڭ تېرەڭدە بازارغا كىردى، سېنىڭ كۆزۈڭدە ماڭا قاردى، سېنىڭ لەۋلىرىڭدە كۈلۈمسىرىدى. تونۇپ

قىلىشىمدىن ئەنسىرەپ، ھودۇققان توشقاندەك كۈنپېتىش تەرەپكە كەتتى.

5

ئۈنىڭغا ئەگەشتىم، ئاسماندا بىر پارچە بۇلۇت ئۈنىڭغا سايىۋەن بولۇپ بىللە ماڭدى.

6

ئوتلۇق كۆزلىرىمدە قارىغۇدىم، ھېلىقى بۇلۇتتىن تاراسلاپ يامغۇر يېغىپ كەتتى.

7

ئۇ ماڭا شۇ قەدەر تونۇشقۇ، نەدە كۆرگەندىمەن؟ چۈشۈمدە كۆرگەندىمەنمۇ ياكى لەۋھۇلمەھفۇزدا پېشانەمگە يېزىلغان ئايالىلارنىڭ بىرىمىدۇ ئۇ؟!

8

ئۈنىڭ كۆڭلىكى قىزىل ئىكەن، قىزىل كۆڭلەكنىڭ ئىچىدىكى كۆكسىنىڭ دولقۇنلاۋاتقان ياكى لاۋۇلداۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم.

9

ئۇ توختىغان ئىدى، يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇچاقلىيالمىدىم. نېمىدىن قورققاندىمەن، ئۈنىڭ سەن بولماي قېلىشىڭدىنمۇ ياكى سەن بولۇپ قېلىپ، بۇ يولنىڭ تۈگەپ قېلىشىدىنمۇ؟

10

ئۇ مېنىڭ جىمجىتلىقىمنى تىڭشاۋاتقاندەك، يالغۇزلۇقىمنى

www.uyghurkitap

كېزىۋاتقاندەك قىلاتتى، بەزىدە ئۇنىڭ خىيالىنى پەقەتلا بىلگىلى بولمايتتى.

11

دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئەر چىقىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. كىمسەن! دەپ سورىسام ئۈندىمىدى...... ئەسلىدە دۆڭنىڭ يېنىدىن كېتىۋاتقان سايەم ئىكەن.

12

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپلا، بىر ئۆيگە غەرق بولۇپ كەتتى. ئىسمىڭنى توۋلىسام قارىمىدى، قارىغاندا، ئۇ راستىنلا سېنىڭ تېرەڭدىكى قىز ئىكەن، ئۇ يوق ئەمەسكەن.

13

مەن قۇچاقلىشىپ تۇرۇۋشقا ئامراق، ئاندىن گەپ قىلماي جۇدالىشىمەن. چۈنكى گەپلەر ھەرىكەتتەك چىن ئەمەس......

14

بۇ دۇنيادا ئاخىر بىر قىز بار بولدى.

15

ئۇنى كۆرەلمىسەم ھېچ گەپ يوق، شېئىر يازىمەن.

2009 ـ يىلى 24 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

# تەنلەر تىلسىمى

1

كېيىملىرىڭنى سالدىڭ، تېنىڭ سەھەردىكى غۇنچىدەك ئېچىلىشقا تەييار بولدى.

2

ئاستىمدا بولمىساڭ قەيەردىن قوپىمەن؟

3

ئىككى پۇتۇڭ ئۇچراشقان جايدىكى ئاسمان ـ زېمىن قوشۇلۇپ كەتكەن يەر مېنىڭ ئىستىقامەتگاھىمغا ئايلاندى.

4

تېنىڭنىڭ ئىشىكىنى تېنىم بىلەن ئېچىپ ئىچىگە كىردىم.

5

جېنىمنى جېنىڭ بىلەن بىر يىپقا تىزىپ، سەن بىلەن بىللە ئۆلۈشكە ھازىرلاندىم.

www.uyghurkitap

6

تېنىم تېنىڭگە تەگكەندە چېقىلغان چاقماق بىلەن قەلبىمگە ئوت ياقتىم.

7

بوران چىققاندا كۆكسۈمدىكى ئارغامچىغا ئېسىلىۋال.

8

لېۋىڭ لېۋىمگە تەگكەندە قايىنىغان شارابلار ئىچىمنى خۇشپۇراقلارغا تولدۇردى.

9

يوتاڭدىكى سۈزۈك دەريا غۇۋا شىلدىرلاپ، قولۇمنى چوڭقۇر خىياللارغا غەرق قىلدى.

10

تېنىڭنىڭ بىپايان چۆللىرىدە چاڭقاپ ئۆلەي دېگەندە، بىر تىلسىم قۇدۇق ئۇچرىدى.

11

قويلار مەرەپ تۇراتتى، ئىتلار قاۋاۋاتاتتى...

بەكمۇ چوڭقۇرلاپ كەتمەيمەن، بەكمۇ ئېگىزگە ياماشمايمەن.

13

تەنلەر كۆزىنى يۇمدى، گۈللەرمۇ ئېچىلىشتىن توختىدى.

14

ۋەدە بېرىپ نېمە قىلاي؟ تەننى تەسىرلەندۈرىدىغىنى ھەرىكەت تۇرسا.

15

ئېھ، ھەرىكەت، سەن نېمانچە راستچىل ۋە سەممىمىي؟!

16

دۇنيادا ئەر ـ ئاياللىق ئۇچرىشىشتىن ئارتۇق خۇشاللىق يوق دېسەم كىشىلەر بېشىنى ئەگدى، ھېچكىم «ھەئە» ياكى «ياق» دېمىدى.

17

ھەر قېتىم سەن بىلەن ئۇچراشقىنىمدا، ئۆزۈمنى گويا غايىب بولغاندەك ھېس قىلىمەن.

18

ئەرلەر قەلبىنىڭ ئاچقۇچى ــ ئاياللارنىڭ تېنىدۇر؛ ئاياللار قەلبىنىڭ ئاچقۇچى ــ ئەرلەرنىڭ تېنىدۇر.

19

شېئىردىن ئەر ـ ئاياللىق ئۇچرىشىشىدەك ھوزۇرلىنالمايمەن، ئەكسىچە بىر خىل مەھرۇملۇق ھېس قىلىمەن. چۈنكى، شېئىرلاردىكى تامامەن تېنى يوق ئاياللار......

## 20

پانىي دۇنيانى، ئاخىرەتنى، خۇدانى، جەننەت ۋە دوزاخ تەشۋىشلىرىنى بىردەم ئۇنتۇپ پاك ۋە بىپايان سەرخۇشلۇق قوينىغا تاشلىنايلى دېسەك، پەقەت تەنلىرىمىز ئارقىلىقلا بۇ مەقسەتكە يېتەلەيمىز. كەل، ئۇلۇغۋار مەقسەتلەر ئۈچۈن تەنلىرىمىزنى بىر ـ بىرىگە تاپشۇرايلى.

2009 ـ يىلى 27 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

# ئۆلۈم ئۈزۈندىلىرى

— مەرھۇم مۇھەممەتئېلى مەمتىمىن ۋاپاتىدىن خاتىرە

1

ئۇ بىر چاغدا ماڭا: تالاي تىرىكلەر قەلبىمىزدە ئۆلۈپ كەتتى، تالاي ئۆلۈكلەر ئارىمىزدا ياشاۋاتىدۇ، دېگەنىدى.

2

جان چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئالدىنى توسىدى. ھامان كېتىدىغان مېھمانىنىڭ تېزرەك كەتكىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ دېدى، ۋە تېنىنىڭ ئىشكىنى داغدام ئېچىپ ئۇنى خۇشال - خۇرام ئۇزىتىپ قويدى.

3

كېتەر چاغدا ئۇ ماڭا: «ياشاپ تەڭرىنى خاپا قىلما!» دېدى.

4

ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، يەنە قايتا كىيىم كىيدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

5

ئۇ تېنىدىكى ھەرىكەتنى توختىتىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر سۈكۈناتقا يۈزلەندى.

6

ئۇ ئاسماننىڭ ئېگىزلىكىدىن، يەرنىڭ مۇقەددەسلىكىدىن قۇتۇلدى.

7

ئۇ دۇنيادىكى ياخشىلىقلار ۋە رەزىللىكلەرنى ئارقىسىغا تاشلىۋەتتى.

8

ئۇ مۇھەببەت ۋە نەپرەت بولمىغان دۇنياغا كەتتى.

9

ئۇ بۇ دۇنيادىكى گۈزەل ئاياللارغا چىدىمايمەن، دەيتتى. ئۇ بارلىق گۈزەل ئاياللارنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى..... جەننەتتىكى ھۆر - پەرىلەر ئۇنىڭ بۇ چەكسىز مۇھەببىتى ئالدىدا تېڭىرقاپ قالغانمىدۇ؟

10

ئۇ تۇغۇلۇشىدىلا ئۆلۈمنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى، چەكسىز ئىنتىزارلىق بىلەن ماشىنىنىڭ چاقىغا، ئارغامچىغا، زەھەرگە، ساقايماس كېسەلگە باھانە قىلىپ، ئۆزىنىڭ جېنىنى ئېلىش قەستىدە يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ باققان بولغىيمىدى؟

11

ئۇ ئۆلۈمنىڭ ئۆزىنىڭ يەنە بىر دۇنياغا ئۆتۈشىدىكى بىردىنبىر ئىشىك ئىكەنلىكى، پەقەت ئۆلۈمدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىشىكتىن ئۆتكەندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ يەنە بىر دۇنيادىكى يېڭى ھاياتى باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ باققان بولغىيمىدى؟

12

... لېكىن، ئۆلۈم ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق. ئۇ بۇ دۇنيادىكى ھەربىر ئادەمنى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

13

مەن ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان كىشىلەرگە ئەڭ ئۆچ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى يالغانچىلىق بىلەن تولۇپ كەتكەن.

14

ئۆلۈمدىن ئەڭ قورقىدىغان كىشىلەر جاللاتلار ۋە شائىرلار بولسا كېرەك. جاللاتلار ئۆلۈمدىن قورققانلىقى ئۈچۈن توختىماي ئادەم ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. شائىرلار بولسا ئەڭ پاساھەتلىك تىللار بىلەن مەدھىيەلەپ ئۆلۈمگە خۇشامەت قىلىشىدۇ.

15

ئۇ مېنى كۆرەلەيدۇ، ئاۋازىمنى ئاڭلىيالايدۇ. مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

www.uyghurkitap

16

قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىۋاتقىنىمىزدا ئۇ: «بىز پەقەت مۇشۇ جايدىلا ئارام تاپالايمىز» دېگەنىدى. «لېكىن ئاكا، بۇ جايدا تېنىمىز تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئاۋازىمىزنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنى تۇپراق يۇتۇپ كېتىدۇ. گىياھ بولۇپ يەر يۈزىگە ئۈنۈپ چىقساق بورانلار سوقىدۇ، ئاپتاپ قۇرۇتۇۋېتىدۇ...... مەن بۇ جايدىن نەپرەتلىنىمەن» دېسەم؛ «نېمە ئامال، شۇنداق دەپ كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرىمىز - دە، ئۆلۈمنى قانداق تونۇش ــ قانداق ياشاشقا باغلىق» دېگەنىدى ئۇ.

17

ئۇ ئۆلۈپ كېتىۋېدى، قېرىنداشلىرى كۆمۈپ قويۇپ، يەنە ئۆز ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

18

ئۇ بىر قېتىم: «شېئىرلىرىڭىزدا ئۆلۈم توغرۇلۇق كۆپ يازىسىز، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلسەم بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، مەن: «بۇ مېنىڭ ئۆلۈمدىن بەك قورققانلىقىمدىن بولسا كېرەك» دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم.

19

ئاتام ئۆلۈپ كەتتى، يەنە مەن بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئۆلۈپ كەتتى. شۇنچە سېغىنىپ تۇرساممۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قېشىغا كەتكۈم يوق. بىرەر كۈن بولسىمۇ ئۆلۈكلەردىن يىراقراق تۇرسام دەيمەن.

## 20

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئۆلۈم ۋاباسى تارقىلىپتۇ. ئەتراپىمدا تىرىك جەسەتلەر مېڭىپ يۈرەتتى، ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ تىرىكلىكىدىن بىرەر نىشانە تاپقىلى بولمايتتى.

## 21

ئاددىي كىشىلەرنىڭ جېنى نېمىدېگەن بەختىيار؟ ئۇلار ھاياتقا مەسئۇلىيەت بىلەن قارىمىغاچقا، ئۆلۈممۇ شۇ قەدەر ئەركىن - ئازادە.

## 22

ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلارمەن؟...... ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلارمەن؟...... شۇنداق ئويلىغانسېرى ھاياتقا تېخىمۇ مەھكەم چاپلاشتىم.

2009 ـ يىلى 31 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# بىرلا ئاپتوبۇسى بار بېكەت

1

بىرلا ئاپتوبۇسى بار بۇ بېكەتتە بىرمۇ يولۇچى يوق.

2

بىرمۇ يولۇچى بولمىغاچقا، بۇ بېكەت مەڭگۈ جىمجىت.

3

بىرلا ئاپتوبۇسى بار بۇ بېكەتتىن يىراق ـ يىراقلارغا مۇھەببەت توشۇلىدۇ.

4

مۇھەببەت توشۇلغاچقا، بۇ بېكەتتە بىرلا ئاپتوبۇس بار.

5

بۇ دۇنيادا بىر تاللا گۈل بار، يەنى ئۇ ــ ئۆلۈم. ئۇنىڭ خۇش ھىدى ئاشۇ ئاپتوبۇستا توشۇلۇۋاتقان مۇھەببەت.

6

تەگرى بىر بولغىنى بىلەن ھەممە جايدا بار، يەنى ئۇ ئاشۇ مۇھەببەت توشۇۋاتقان ئاپتوبۇس.

7

بىرلا ئاپتوبۇسى بار بۇ بېكەت ـــ مېنىڭ قەلبىم.

2009 ـ يىلى 31 ـ ئاۋغۇست، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# ئاتام ھەققىدە ھېكايىلەر

1

ئۇ يالغۇز ئاسمانىنى بېشىدا تىرەيتتى، قۇياشنى يەلكىسىدە كۆتۈرەتتى، ئىككى قولىدا زېمىننى چۆرگۈلىتەتتى.

2

ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە، ئۆزىنىڭ بىر تەگرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

3

ئۇ ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى زىنھار بىلمەيتتى، بىلمىگەنسېرى سىرلىق مۇقەددەسلىك ئىچىدە ئىمانى چىڭىپ، تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيتتى.

4

ئۇ ماۋجۇشىدىن باشقا ھېچقانداق پادىشاھنىڭ ئىسمىنى ئېسىدە ساقلىمىغان.

5

ئۇ يەر ئاغدۇرغاندا، تۇپراقنىڭ قارنىنى يارغاندا، ئەسكى ئۇچەيلەر چۇۋۇلۇپ چىققاندا شۇ قەدەر رەھىمسىز ئىدى.

6

ئۇ بۇغداي ئورۇۋاتقاندا يېقىلىۋاتقان سانسىز لەشكەرلەرگە قاراپ، بىرەر قېتىممۇ ئىچ ئاغرىتىپ باققان ئەمەس.

7

ئۇ مەن تۇغۇلغانغا قەدەر، مېنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىمنى بىلمەيتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئاتام بولۇشىنى ئۆزۈم ئىختىيار قىلىپ تاللىمىغان. بىزنىڭ ئاتا ـ بالا بولۇپ قېلىشىمىز بىر قېتىملىق تاسادىپىيلىق، خالاس. بىراق، بىز بۇ تاسادىپىيلىق ئىچىدە نۇرغۇن يىل ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىدە بولدۇق ۋە بۇ تاسادىپىيلىق ھەققىدە بىرەر قېتىممۇ نارازىلىق ئويىدا بولمىدۇق.

8

ئۇ كېتەر چېغىدا، بالىلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ كەتمەن ۋە قۇرئاننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «سىلەرنى مۇشۇ نەرسىلەر داۋاملاشتۇرىدۇ» دېگەنىدى.

9

ئۇ قويلىرىنى ئۆلتۇرۇپ يېيىش ئۈچۈن، كالىلىرىنى يەر ئاغدۇرۇش ئۈچۈن، ئېشەكنى ھارۋىغا قېتىش ئۈچۈن باقاتتى. «چاشقان تۇتالمىسا مۈشۈكنى بېقىپ نېمە قىلىمىز؟ ئوغرى كەلگەندە قاۋىمىسا ئىتنى باقاندىڭ نېمە پايدىسى؟......» دەيتتى.

بىراق نۇرغۇن كىشى ھېلىغىچە ئۇنى ئىنتايىن رەھىمدىل ۋە باغرى يۇمشاق ئادەم ئىدى، دەپ تىلغا ئالىدۇ.

10

ئاچ قالغانچە تەڭرىگە مەھكەم ئېسىلاتتى، قورسىقى تويسا ناخشا ئېيتاتتى.

11

كۈندۈزى توختىماي ئىش قىلغاچقا، كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلايتتى.

12

ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

13

ئۇ ماڭا ئۆزى خالىغان ئىسمىنى قويۇپ قويغان بولسىمۇ، بىر ئۆمۈر دۇنيا، ھايات، تەقدىر توغرىسىدىكى ئىدىيەلىرىنى تېڭىش بىلەن مەشغۇل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاكىممۇتلەق پادىشاھتىن ھېچبىر پەرقى بولمىسىمۇ، ئۇ مېنىڭ دادام بولغاچقا بىر ئۆمۈر ئەسلەيمەن.

2009 ـ يىلى 7 ـ سېنتەبىر، خوتەن

# كىتابلىرىمنى سېتىۋەتتىم

مۇھتاجلىق ياقامدىن ئالدى. تۆت كوچا دوقمۇشىدا يوچۇن سايىلەردىن سەدىقە تىلەپ ئولتۇرسام، نائىنساب كىشىلەر داستىخىنىمنى بۇلاپ كەتتى. بالامنىڭ تىلى «نان» دەپ چىققاچقا، بالام ئۈچۈن رەستىلەردە نان تىلەپ يۈرسەم، كىمدۇر بىر قاتىل قارنىمغا پىچاق تىقىۋەتتى.

كىتابلىرىمنى سېتىۋەتتىم.

قەرز بەرگەن دوستۇم ئۈچ كۈندىن كېيىن بوسۇغامغا تىكەن تاشلاپ قويدى. ئورۇق شەيتانغا بىر ئاياغ سۈمۈ بېرەلمىدىم. ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدىم، بىراق بەك ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەچكە، جەسىتىمنى قەبرىگىچە سۆرەپ ئاپىرالىشىمغا كۆزۈم يەتمەي ئۆلۈش نىيىتىمدىن ۋاز كەچتىم.

بازارغا بارسام سودا - سېتىق قىزىپ كېتىپتۇ. ھەممە كىشى ئالىدىكەن ۋە ساتىدىكەن. قاسساپ قوي ئېلىپ گۆش سېتىۋېتىپتۇ، ناۋاي ئۇن ئېلىپ نان سېتىۋېتىپتۇ. خەلقىدىن مېھىر - مۇھەببەت ئېلىپ ۋىجدان سېتىۋاتقانلارنىمۇ ئۇچراتتىم، مەن بۇ سېتىشنى ئەزەلدىن پاھىشە ئاياللارنىڭ تېنىنى ساتقىنىدىن ئەۋزەل دەپ قارىمايمەن. قارىسام مەندە بارى كىتاب ئىكەن، يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى بانكىغا پۇل قويماي، تەكچىگە كىتاب تىزىپتىمەن، ئەمدى چۈشەندىمكى، شۇنچىۋالا كۆپ كىتابنى سېتىش ئۈچۈن يىغقان ئىكەنمەن.

كىتابخانا ئاچىدىغان دوستۇم ماڭا ياردەم قىلماقچى بولدى - دە، قولۇمغا بىرنەچچە مىڭ يۈەننى تۇتقۇزۇپ قويۇپلا

uyghurkitap

كىتابلىرىمنى ئېلىپ كەتتى. دوستۇم كەتكەندىن كېيىن قورۇقدالغان كىتاب ئىشكاپىغا قاراپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىم. بالىسىنى ساتقان نائەھلىيىمۇ مەنچىلىك پەس بولماس، دېدىم ئىچىمدە. مەيىنەت قىلىۋېتىسەن، دەپ كىتابلىرىمنى بالامغىمۇ تۇتقۇزمىغان ئىدىم، بۈگۈن نائەھلىيلەرچە بالامدىنمۇ ئەتىۋارلىق كىتابلىرىمنى سېتىۋەتتىم.

ساتقان كىتابلىرىمنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان نەچچە مىڭ يۈەننى ئېلىپ، قاراڭغۇ قەلبىمدىكى شەيتانغا دەرس بېرىدىغان مۇنبەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇم، شەيتان بېشىنى سىلىكىشتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئۇ خېلىلا ئەتلىنىپ قالغانىدى. دوستۇم بوسۇغامدىكى تىكەنلەرنى ئېلىۋېتىش ئۈچۈن پالتا - كەكىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا قورۇقدالغان كىتاب ئىشكاپىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قارا، ئاخىر قەرزلەرنى تۆلەپ تۈگەتتىم، — دېدىم.

— بىراق، كىتابلىرىڭچۇ؟ — دېدى دوستۇم بوسۇغامدىن يىغىلا ئالغان بىر تال تىكەننى تىلىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ.

— قەلبىممۇ خۇددى كىتاب ئىشكاپىدەك قورۇقدالدى. دېمەك، مەندە ئەمدى قەرزىڭ قالمىدى، — دېدىم مەن.

...

كىتابلىرىمنى سېتىۋەتتىم.

ئەمدى بىلىمنى نەدىن ئالارمەن؟ دوستويېۋسكىينىڭ ئازاب - ھەسرەتلىرىگە قانداق يۈز كېلەرمەن؟ سېرۋانتىس، دونكىخوتنى سورىسا «كۆرمىدىم» دېيىشكە يۈزۈم چىدارمۇ؟ «ئانا يۇرت»نى ساتتىم، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»نى ساتتىم. «ئەلشىر نەۋايى»نى ساتتىم......

— مۇناپىق! — دېدى ئىچىمدىن كەلگەن بىر ئاۋاز.

— ياق، مەن مۇناپىق ئەمەس، — دېدىمەن ئىچىمدىكى ئاۋازغا يۈزلىنىپ، — تەقدىر ئەسكى!

دېدى خوتۇنۇم تولىمۇ ئېغىر نەزەر بىلەن كىتاب ئىشكاپىغا قاراپ:

— بۇ ئىشكاپ نەقەدەر بەختلىك، ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىگە ئېغىرلىق سالغان يۈكتىن قۇتۇلدى، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدىم مەن، — ئەمدى ئۇنى ساتقا تاپشۇردۇم، ئۇنى پارچىلاپ ئوچاققا تۇترۇق قىلامسەن ياكى قاچا - قومۇچلىرىڭنى تىزامسەن، ئىختىيار ئۆزۈڭدە!

......

سودىگەر بولۇش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى، كىتابلىرىمنى سېتىۋەتتىم، ئەمدى نېمە ساتسام بولۇۋېرىدۇ.

ئەمدى ئەتە - ئاخشاملىرى ئېلېكتىر چىراغنىڭ ئاستىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرمىساممۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۆيدە كىتاب يوق.

ئەمدى ئۆزۈمنى تىلەپ بوسۇغىلاردا ساپايى چالمايمەن.

ئەمدى ئۆزۈمنى يوللاردىن غازاڭ تەرگەندەك تېرىپ يۈرمەيمەن.

ئەمدى كىتابخانىغا بارىدىغان پۇتۇم يوق.

خوش، كىتابلىرىم!

......

نېمىشقا قان ساتمىغاندىمەن؟ كىتابلىرىمنى ساتقۇچە قان ساتسامچۇ؟!...... دەپ ئويلىدىم نەچچە كۈندىن كېيىن. مېنىڭ قېنىممۇ قىزىل ئىدىغۇ؟...... شەيتان كۆڭلۈمنى سەمىرىمەكتە. ئورۇق چۈشۈمنى پالتا بىلەن چاناۋاتقان ئەرۋاھلارغا ھېچنېمە دېمىدىم. كىتاب ۋاراقلاشقا كۆنۈك قوللىرىم بىلەن ئايالىمنىڭ چاچلىرىنى ۋاراقلىدىم. ئۇ ھە دېسە كىتابلاردىن قۇرۇقدالغان ئىشكاپ ھەققىدە سۆزلەيتتى. ئەزەلدىن كىتاب ئوقۇمايدىغان ئايالىمنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشقا قاراپ خۇش بولدۇم.

قەرزا!......

سۈكۈت چاقمىقىدا تاماكامغا ئوت ياقتىم. شۇ دەملەردە يولدىن خەت يېزىلغان قانداقلا قەغەز ئۇچرىسا، ئاۋايلاپ ئېلىپ، قويۇن يانچۇقىغا سالىدىغان ئاتام ئېسىمدىن كەچتى.

ئاھ!......

— كىتابلىرىمنى سېتىۋەتتىم! — دەپ شىۋىرلىدىم.

2012 - يىلى 20 - ئاپرېل، خوتەن

# تۇرمۇش پۈتۈكلىرى

1

تۈنىنىڭ زاۋال كۈچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتىمەن. توختىماي پۇشايمان قىلماقتىمەن. زاۋالىم يورۇغىچە تاڭ ئېتىپ قالارمۇ دەيمەن، لېكىن قۇياشتىن ھېچبىر ئەسەر يوق.

2

پۇل!!! دېسەم قەلبىم تەۋرىنىپ كېتىدۇ. مېنى يېتەكلەپ ماڭغان ئارزۇ — پۇل. لېكىن، ئۇ ئانچە كۆپ ئەمەس، بېشىمنى كۆتۈرىدىغان قۇياشقا ئوخشاش پارلاق ۋە يورۇق ئون بەش تۈمەن! ئۆيسىز قالمايمەن، ئۈستۈمدە ئاسمان، ئاستىمدا تۇپراق بار، تۇپراق ۋە ئاسماننى ئون بەش تۈمەنگە ساتمايمەن، ھەرگىز ساتمايمەن!

3

كىتابلىرىمنى سېتىۋەتتىم. بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بەلكىم كىتاب يېزىشىم زۆرۈردۇر.

4

مەنمۇ ئىلگىرى ھاياتنى «مەنىسىز!» دەپ جار سالغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاياتنىڭ قاتمۇقات مەنىلەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

قورشالغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. لەھزىلەر بىر مەندىن يەنە بىر مەڭگە سەكرەش جەريانىدا مەنىسىزلىك بوشلۇقى پەيدا بولىدىكەن، مەن بۇ چاغدا شېئىر يازدىم ۋە ئۇنى شېئىرنىڭ مەنىسى دېدىم.

5

بىز ھەممىمىز قاچقۇن!
قانۇننىڭ يوچۇقلىرىدىن، ئەخلاقنىڭ تۆشۈكلىرىدىن قېچىشقا ئۈرۈنىمىز. مەقسىتىمىز — ئەركىن بولۇش!
ئەمەلىيەتتە بىز ئۆزىمىزدىن قاچىمىز. رېئاللىق غايىمىزنى دەسسەپ ئالىتاغىل كويلەرگە يالىڭاچ ئۇسسۇل ئوينىماقتا. قەلبىمىزنى پۇل، ھوقۇق، شۆھرەت، ئايال، ماشىنا، بىنا... قاتارلىق نەرسىلەر ئىگىلەپ، بىزنى سىغدۇرمىدى، ئامالسىز قەلبىمىزدىن قېچىپ چىقتۇق.
بىز ھەممىمىز قاچقۇن. بىراق، مېنىڭ قېچىشىم ئۆزگىچە، بىراۋ: « تېز يۈگۈر، تېز، تېز......» دەپ توۋلاۋاتىدۇ، قارىغاندا تۇتۇلۇپ قالسام جېنىمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمەن. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، مېنىڭ ھېچقانداق گۇناھىم يوق. گۇناھىم بولمىغاچقا، تېخىمۇ ئەنسىزلىككە پاتتىم ۋە تېز ـ تېز قېچىشقا باشلىدىم.
قېچىۋاتقانلارغا دېيىدىغىنىم شۇكى: گۇناھكارلار بولسۇن، چۈنكى تۇتۇلۇپ قالساڭلار ئۈچ جەھەتتىن پايدىسى بار: بىرىنچىدىن، ئۇۋالچىلىق ھېس قىلمايسىلەر؛ ئىككىنچىدىن، يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولمايسىلەر؛ ئۈچىنچىدىن، سوراق جەريانىدا كېكەچلەپ قالمايسىلەر......

6

بىر جەھەتتىن ئالغاندا بۈگۈن تۈنۈگۈندىن ياخشىراق، يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا ئەتە بۈگۈندىن ياخشى بولۇشى ناتايىن.

7

— تاك ـ تاك ـ تاك......

شېئىر يېزىۋاتاتتىم، ئىشىك چېكىلدى. ئاندىن ئىشىك سىرتىدىكى يىراق دۇنيادىن ئاۋاز كەلدى:

— ئادەم بارمۇ؟

مانا بۇ مېنىڭ مەۋجۇتلۇقىمدىن بېشارەت.

— ئادەم بارا! — دېدىم مەن.

مانا بۇ مۆجىزە.

8

يېتەلمىگىنىڭ يەتتە قات ئاسمانىنىڭ ئۈستىدە ئىكەن، لېكىن كەچكىنىڭ سايىدەك ئەگىشىۋالىدىكەن. يۈرەكتىن ـ يۈرەككە رىشتە بار ئىكەن، تەڭرى باغلاپ ھارمايدىكەن، شەيتان ئۈزۈپ قانمايدىكەن. ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە گۈلدەستىسى بار ئىكەن، ئۈزاتقان ھامان توزۇپ كېتىدىكەن. ئىنسانىيەتنىڭ قۇچاقلاشقۇسى بار ئىكەن، لېكىن مىللىتىق ـ نەيزىسى تاقىشىدىكەن. «ئۇرۇش دۇنيانى پاكلايدۇ» دەپ جار سېلىۋاتقان پادىشاھلار شېئىر ئوقۇمامدىغاندۇ؟......

9

ئۆلۈۋېرىش ئاقىللىق ئەمەس، ھاياتقا قاراپ كۆلۈشنىمۇ بىلىش كېرەك. ياشاۋېرىش دانالىق ئەمەس، تەڭرىگە ياراپ

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

ئۆلۈشنىمۇ بىلىش كېرەك. شەھەردىكى ئون قەۋەتلىك بىنانىڭ ئونىنچى قەۋىتىدىكى شائىردىن تارتىپ، بۆرە نىجاتلىققا ئىز قالدۇرمىغان روھنىڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈردىكى زاھىتقىچە، بۇ بىر ھەقىقەت!

10

تۈن نىسپىدە خىيالىم يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ مېنى «مىڭ بىر كېچە»نى ئوقۇشقا قىستاۋاتقاندا، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلغان ئىشىك كىرىش ـ چىقىش مەدھىيەسىدە ئېچىلىپ ـ يېپىلىۋېرىپ ياغاچقا ئايلىنىپ بولغانىدى.

11

ئەي خۇدا، ساڭا قۇتقۇز دەپ ئىلتىجا قىلمايمەن، چۈنكى سەن ئۆزۈمنى قۇتقۇزغۇدەك قۇدرەتنى ماڭا بەرگەنسەن. يول كۆرسەت دەپ پەرياد چەكمەيمەن، چۈنكى سەن توغرا يولنى ئاللىقاچان ماڭا كۆرسىتىپ بولغانسەن. پەقەت سەندىن شۇنى تىلەيمەن: ئېھ خۇدا، سەن بار بول، سەن بولمىساڭ ئىنسانلار بىر ـ بىرىنى يەپ تۈگەتكۈدەك......

12

پۇل يەنىلا مەۋجۇت، بەلكىم بۇ مېنىڭ نامراتلىقىمنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىدۇر. ئېغىر ئەمگەكتىن قايتىپ كەلگىنىمدە تېنىمنىڭ قاتتىق كۆرپىسىگە ئۆزۈمنى تاشلايمەن، تېنىم روھىمنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەي كۈنسېرى مۇكچىيىپ كەتمەكتە.

ــ بۇ كۈنلەر قاچانغىچە داۋاملىشار؟ ــ دەپ سورىدىم دوستۇمدىن.

— قاچان باشلانغان؟ — دەپ مەندىن ياندۇرۇپ سورىدى دوستۇم.

— بىلمەيمەن، — دېدىممەن.

— ئەمىسە قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلانما، — دېدى دوستۇم.

— ئىبادەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئازراق بىر نەرسە يېۋېلىش كېرەك، دىققەت چېچىلىپ كەتمەيدۇ، — دېدىممەن بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن.

— شېئىر يېزىشتىن ئىلگىرى ھېچنەرسە يېمەسلىك كېرەك، — دېدى دوستۇم.

— ئۇنداقتا دىققەت چېچىلىپ كەتمەمدۇ؟ — دېدىممەن.

— شېئىر دىققەتتىن چىقمايدۇ، — دېدى دوستۇم.

— ئەمىسە......

— چېچىلىشتىن چىقىدۇ. يىغىلغاندا قارىساڭ شېئىر پۈتۈپ بولغان، سەندە كۆيۈپ ئۆچكەن كۆلدىن باشقا ھېچنېمە قالمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىمىزنىڭ پىكرى ئىككى تەرەپتىن كېلىپ بىرلەشتى ۋە مەن ئىبادەتكە، دوستۇم شېئىر يېزىشقا ئولتۇردۇق.

2013 ـ يىلى 23 ـ يانۋار، قاراقاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# يامان ئادەم

قانداق ئادەم يامان؟ يامان ئىش قىلىدىغان ئادەم يامان! يامان ئىشنى قانداق ئادەم قىلىدۇ؟ يامان ئادەم! يامان ئىشنى ياۋاش ئادەممۇ قىلىدۇ، بەلكى يامان ئادەمگە قارىغاندا بەكرەك قىلىدۇ. چۈنكى، ياۋاش ئادەمنىڭ يامان ئىشى خۇپىيانە بولغاچقا، ئۇنىڭ يامان ئىشى يامانلىشىپ چىكىگە يەتمىگۈچە ئاشكارا بولمايدۇ. ئۇ ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ، يالغان ئىبادەت قىلىپ رەببىنى ئالدايدۇ. رەببى ئۇنى جازالاپ، ھەركۈنى ئازابلايدۇ، ئازابى كوچەيگەنچە پۇشايمان ئىلكىدە يامان ئىشنى ئەسەبىيلەرچە داۋاملاشتۇرىدۇ. يامان ئىشى ئەۋجىگە چىققانچە تېخىمۇ ياۋاشلىشىپ كېتىدۇ، ياۋاش بولغانسېرى ئۇنى يامان ئىش قىلدۇرۇۋاتقان (ئىچىدىكى) ئالۋاستى تېخىمۇ بەكرەك چاڭگىلىغا ئالىدۇ. ئىنچىكىلەپ قارىسا ئۇنىڭ چىرايىدىن ئالۋاستىنىڭ سىيماسىنى كۆرمەك تەس ئەمەس، بىراق ياۋاش ئادەمنىڭ چىرايىغا كىممۇ ئىنچىكىلەپ سەپسالسۇن؟ سەپسېلىپ قارىغانلار ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئالۋاستى سىيماسىنى پەرىشتە دەپ قالمىسىلا ياخشى بولغىنى. ئۇ قەسەم قىلىپ، ئارقىدىنلا قەسىمىنى بۇزىدۇ. شۇڭلاشقا روھىيىتى لىغشىپ تۇرىدۇ. ھەي!!! ئالۋاستىسى يامان ئىش قىلدۇرۇۋاتقان بىر يامان ئادەم بار، لېكىن باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ بەك ياۋاش ئادەم. چۈنكى، باشقىلار ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئالۋاستىنىڭ سىيماسىنى پەرىشتە دەپ خاتا تونۇپ قالغان. ئۇ بەك ئەقىللىك بولغاچقا، ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى

بىلىپ قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ بەك ۋىجدانلىق بولغاچقا، يالغۇز قالغاندا بېشىنى چاڭگاللاپ، ھۆ تارتىپ قاتتىق يىغلىدى. ئۇ بەك غۇرۇرلۇق بولغاچقا، ئۆزىنىڭ «يامان ئادەم»لىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن قورقۇپ، مىسلىسىز ياۋاشلىق ئىچىگە تۇگۈلۈۋالدى. گەرچە كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن قەلبى ئازابتىن ئۆرتىنىپ كەتتى. چىرايى قارىداپ، كۆزلىرى گۆردەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كېسەل ئوغلى، غەمكىن ئايالى بار. ئەسلى ئۇنىڭ ئۆيىدە بەكمۇ شادىمان مۇھەببەت بار ئىدى، ھازىر بوران ئۇچۇپ تۇرغان قوپال ھاۋادا ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ تىنىقلىرى بىر - بىرىگە مۇشتتەك تېگىدۇ. ئۇنىڭ كىتابلىرى سېتىلىپ، كۆلكىلىرى يىرتىلىپ تۈگىگەن، ئەمدى ئۇنىڭ چاچلىرىمۇ چۈشۈپ تۈگىمەكتە ئىدى. ھازىر ئۇنىڭدا تۈزۈك سۆلەتمۇ قالمىدى. ئەينى چاغدىكى قىزلارنى كۆيدۈرۈۋالغان ئوتلۇق كۆزلەر ئەمدى تامىنىڭ تۆشۈكىدەك سوغۇق ۋە نۇرسىز ئىدى. ئەسلى ئۇ باي بولمىسىمۇ باياشات ياشايتتى، چۈنكى ئۇ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. تەڭتۇشلىرى، ھەقەمسايىلىرى، كەسىپداشلىرى ۋە دوستلىرى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى، ھەتتا بەزىلىرى ھەسەتمۇ قىلىشاتتى. سەۋەبى ئۇ ئىنتايىن تالانتلىق ئىدى. تالانتىغا كەم سۆز، مۇلايىم، كىچىك پېئىل مىجەزى قوشۇلۇپ ئۇنى بەكمۇ يېقىملىق كۆرسىتەتتى. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ بايلىقىنى ئوبدان قوغدىيالمىدى. يامان ئىشلارغا ئۆگىنىپ قېلىپ قەلبىنى بۇزۇۋالدى. قەلبى بۇزۇلغاندىن كېيىن بۇ بۇزۇقلۇق ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ تېشىغا تېپىپ چىقىشقا باشلىدى. ئاۋۋال كۆزلىرى نۇرسىزلىشىپ خىرەلەشتى، ئاندىن چاچلىرى چۈشۈپ، بېشىنىڭ ئالدى تاقىر بولۇشقا باشلىدى. كېچىلىرى ئۇخلىمىغاچقا، كۈندۈزى كوچىدا ئەرۋاھتەك لەلەڭلەپ يۈردى. ئۇ بەئەينى ئوغرى چىراي ئىدى. ساقاللىرى ئۆسۈك، كىرلەشكەن، رەتسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

كىيىملىرى بىلەن ئىشقا كېلىۋەرگەچكە، ئىدارىسىدىمۇ تۈزۈك ئىناۋىتى قالمىدى. باشلىقلىرى ئۇنى ياخشى ئىش بولسا ئۇنتۇپ قېلىپ، يامان ئىشتا ئاۋۋال ئېسىگە ئالىدىغان بولۇشتى. لېكىن ئۇنى ھېچكىم يامان ئادەم دەپ باقمىدى. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان يامان ئىشلىرى كوچا ـ رەستىلەردىكى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئوچۇق ـ ئاشكارا يامان ئىش قىلىۋاتقان يامان ئادەملەرنىڭ ئىشىدىن نەچچە ھەسسە يامان بولسىمۇ، ئۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ياخشى ئادەم ئاتىلىپ يەنىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇۋەردى، شۇ سەۋەبتىن كۈنلىرى دائىم دەككە ـ دۈككىدە ئۆتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يامان ئىشلىرى ئاشكارىلىنىپ ئەل ـ ئاۋامنىڭ نەپرىتىگە قېلىشتىن قورقۇپ تېخىمۇ خۇپپىيانە ھالدا يامان ئىشنى داۋاملاشتۇردى. خۇپپىيانە تۇتقانسېرى يامان ئىشى تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى.

ئۇ يامان ئادەم كىم؟ باش قۇردىكى تەسۋىرلەرگە قارىغاندا ئۇ غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد بولۇشى مۇمكىن.

كۈس ـ كۈس پاراڭلاردىن قۇلىقىغا يېتىشىچە، ئۇنىڭ يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولۇشقا باشلاپتۇ.

كۈس ـ كۈس پاراڭلار:

— ئۇ شېئىر، مىسرالىرى ئارقىلىق ئىمان ـ ئەقىدىمىزدىكى مۇقەددەس سىمۋوللارغا چېقىلدى.

— ئۇ قوپال سۆزلەر بىلەن شېئىرنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىنى ئېچىۋەتتى!

— ئۇ كۈندۈزلىرى مۇگدەپلا يۈرىدۇ، كېچىسى خۇپپىيانە ئىش قىلىدىغان ئادەمدىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولامدۇ؟

— ئۇ......

— ئۇ......

بۇ گەپلەرگە باشتا ئىشەنمىدى، كېيىن قەلبىدىكى قاتىل چىراغلار بىراقلا ياندى. مىسلىسىز يورۇقلۇقتا ئۇ ئۆتكەن ۋە

هازىرقى ھاياتىدا چوخچىيىپ تۇرغان نۇرغۇن «يامان»لىقلارنى كۆردى ۋە ئۆز ـ ئۆزى بىلەن دىيالوگ قىلدى:

— ئۆزۈڭنى ئەقىدىلىك ئىنسان دەپ ئويلامسەن؟
— ئەلۋەتتە.
— ئەقىدەڭدە چىڭ تۇرالىدىڭمۇ؟
— ......
— ئەل ـ يۇرتقا مۇھەببىتىڭ بارمۇ؟
— ئەلۋەتتە.
— مۇھەببىتىڭگە سادىق بولالىدىڭمۇ؟
— ......
— دوست ـ بۇرادەرلىرىڭنىڭ سەممىيىتىگە ئىرىشەلىدىڭمۇ؟
— ئەلۋەتتە.
— سەنمۇ ئۇلارغا سەممىي بولالىدىڭمۇ؟
— ......
— ئۆزۈڭنى چۈشىنەمسەن؟
— ئەلۋەتتە.
— نەگە كېتىۋاتىسەن؟
— ...
— كېچىلىرى ئۇخلىماي نېمىش قىلىۋاتىسەن؟
— يورۇقلۇقنى كۈيلەپ شېئىر يېزىۋاتىمەن.
— شېئىرلىرىڭدا قۇياش بارمۇ؟
— ......

دىيالوگ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ چىپپىدە توختاپ قالدى، چۈنكى ئۇ ھەر بىر دىيالوگدا كېكەچلەپ قېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر بىر سوئالنىڭ نەق جاۋابىنى بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ بېرەلمىگەن نەق جاۋابلار دەل ئۇنىڭ يامان ئىشلىرى ئىدى.

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد راستتىنلا شۇقەدەر يامان ئادەممۇ؟ ئۇنىڭ قىلغان ۋە قىلىۋاتقان يامان ئىشلىرى ھەقىقەتەن شۇنچە كۆپمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشىڭلارنى، ئۇنى ياخشىلىق يوللىرىدىن خەۋەردار قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ ئەقىللىك، ۋىجدانلىق ۋە غۇرۇرلۇق، لېكىن بەك ئىرادىسىز. ئۇنىڭ يامان ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇشى دەل ئاشۇ ئىرادىسىزلىكىنىڭ ئاقىۋىتى. ئۇ ئىرادە كەمىرىنى باغلاپ بولغىچە پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ دەرياغا تاشلىۋەتمەڭلار، گېلىدىن سىقىپ ئۆلتۈرىۋەتمەڭلار. چۈنكى، ئۇمۇ سىلەرنى كەچۈرگەن. ئەمەلىيەتتە سىلەرمۇ «يامان ئادەم»لىكتە ئۇنىڭدىن قېلىشمايسىلەر، پەقەت ئۆزۈڭلارنىڭ يامان ئادەملىكى ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىدىڭلار، خالاس!

2013 ـ يىلى 14 ـ مارت، خوتەن

# كاملنىڭ 13 كېچىسى

مەن بۈگۈن 15 ئايلىق بولدۇم، يەنى بىر ياشقا كىرىپ ئۈچ ئاي ئاشتىم. ئاتا يۇرتۇم قوشتاغنىڭ 2013 - يىلىدىكى كۆز قۇياشىنىڭ قاقىرام توپىسىدا تايتاڭلاپ، مۇدۇرۇپ - يىقىلىپ ئويناۋاتىمەن. ئايىغىم چىققىلى 20 كۈن بولدى، بۇ 20 كۈن ئىچىدە ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىدىم. ھازىر مەن يىقىلسام يۆلەپ قويغىلى ئادەم بولمىسا، ئۆزۈم تۇرالايمەن، يىغلىسام بەزلىگىلى ئادەم بولمىسا، ئۆزۈم يىغىدىن توختىيالايمەن. «تا» دېگەن سۆزنى ئۆگىنىۋالدىم. قورسىقىم ئاچسا، ئۇسسام ياكى ئىشتىنىمغا سىيىپ قويسام «تا» دەپ يىغلايمەن. كۆزۈم كۆرگەن ھەممە نەرسىنى شۇ سۆز بىلەن ئاتايمەن. گەرچە مەن دائىم «تا» دېگەن بىرلا سۆزنى قىلساممۇ، ئاتا - ئانام مېنىڭ «تا» دەۋاتقاندىكى قول ۋە كۆز ئىشارەتلىرىم ئارقىلىق مەقسىتىمنى ناھايىتى تېزلا بىلىۋالىدۇ. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئىختىيارسىز ئاسمانغا قاراپ ساپتىمەن. ئاسماندا ناھايىتى يوغان، ناھايىتى يۇمىلاق بىر نەرسە ۋالىلداپ نۇر چېچىپ تۇراتتى. «ئۇ نېمىدۇ؟ ئۇ نەرسە ئاسماندا تۇنۇگۇنمۇ بار بولغىيمىدى ياكى بۈگۈن پەيدا بولۇپ قالغانمىدۇ؟ ئەتراپنى يوپيۇرۇق قىلىۋەتكىنى ئاشۇ نەرسىنىڭ نۇرىمۇ قانداق؟!......» ئېسىمدىن شۇ خىياللار كەچتى. نېمىشقىدۇر، بىر قارىغان پېتى ئۇ نەرسىدىن كۆزۈمنى زادىلا ئۈزەلمىدىم. باشقا ياققا قاراي دەپ شۇنچە زورۇقساممۇ كۆزلىرىم ماڭا بويسۇنمايتتى، ئاشۇ يوغان، يۇمىلاق ۋە نۇرلۇق نەرسىگە قادالغىنى قادالغاندى. ئۇ نەرسىنى قاچاندۇ بىر چاغدا، قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك

قىلالتتىم، ئانامنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىمدىمۇ ياكى...... ئېنىق ئېسىمدە يوق.

— تا، — دېدىم ئاخىر ۋەھىمە ۋە ۋەسۋەسە ئىچىدە ھېلىقى نەرسىگە قولۇمنى سوزۇپ.

— قۇياشقا قول سوزما، قولۇڭ كۆيۈپ كۆسەي بولۇپ قالىدۇ، — دېدى يېنىمدا ئويۇنۇمنى تاماشا قىلىۋاتقان دادام.

— تا!

قۇياشتىن قولۇمنى تارتمىدىم. توغرىسى، قولۇمنى تارتالمىدىم.

دادام ئىتتىكلا قولۇمنى پەسكە چۈشۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەندىشە ۋە قەتئىيلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

قۇياشقا سوزۇلغان قولۇم بويسۇندۇرۇلدى، لېكىن كۆزۈم ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ قالغانىدى.

— قۇياشقا تىكىلىپ قارىما، كور بولۇپ قالىسەن! — دادام ۋارقىرىغىنىچە كۆزلىرىمنى ئالىقىنى بىلەن يېپىۋالدى.

دادامنىڭ يوغان ئالىقىنى كىچىككىنە يۈزۈمنى كۆزلىرىم بىلەن قوشۇپ تولۇق يېپىۋالغاچقا ئالەم قاراڭغۇلىشىپ، ئەتراپ تىمتاس بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. قاراڭغۇلۇق ۋە تىمتاسلىق بارغانسىرى كېڭىيىپ، چوڭقۇرلاپ ۋە ئۆرلەپ باراتتى. ئاشۇ چەكسىز زۇلمەت ئىچىدە ھېلىقى نۇر چېچىپ تۇرغان يۇمىلاق نەرسىنى قەيەردە كۆرگەنلىكىم خىرە ئېسىمگە كەلدى. مەن ئوپېراتسىيەخانىدا بىھوش ياتقان 13 كۈننىڭ ھەر بىر كېچىسى خۇددى ھازىرقىدەك زۇلمەتلىك ئىدى. ئاشۇ زۇلمەت ئىچىدە ھېلىقى نەرسە بېشىمدا ئايلىنىپ يۈرگەن، ئەجەل مېنى ئۇستۇنكى زۇلمەتتىن ئاستىنقى زۇلمەتكە سۆرەۋاتقاندا بۇ نەرسە گاھ بىر تال چېچىمغا، گاھ بىر تال كىرپىكىمگە ئېسىلىۋالغان...... ئۇ بەئەينى ۋاز كەچمەك قىيىن بولغان ئۈمىد ۋە ئارزۇغا ئوخشايتتى.

دادام كۆزلىرىمنى قويۇۋەتتى. يېڭى بىر يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندەك بولدۇم. دادامنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، قارىسا كۆزنى كور قىلىدىغان، قول سوزسا قولنى كۆيدۈرۈپ كۆسەي قىلىدىغان ئۇ نەرسىنىڭ ئىسمى «قۇياش» ئىكەن. تالاي كىشى ئۇنىڭ ئىنتىزارلىقى بىلەن زۇلمەتلىك كېچىلەردە تېنەپ يۈرۈشۈپتۇ، تالاي كىشىلەر ئۇنىڭ بىر زەررە نۇرىغا تەشنا بولۇپ قاراڭغۇ كامېرلاردا ياتارمىش.

— ئەلمىساقتىن بېرى تالاي ئىنقىلابلار بولدى، لېكىن قۇياشنى ھېچكىم مەغلۇپ قىلالمىدى، — دېدى دادامنىڭ ئويچان كۆزلىرى، — بۇنىڭ سەۋەبى: پۈتكۈل جاھان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پەقەت «نۇرا!» دەپلا خىتاب قىلغانلىقىدا......

تۇيۇقسىز ئېسىمدىن بىر خىيال كەچتى، «13 كېچە ۋە ئاشۇ زۇلمەتلىك كېچىلەردىكى قۇياش ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىمنى نېمىشقا يېزىپ قالدۇرمايمەن؟......» خىيالىمنىڭ ئاخىرىنى چىقىراي دەپ تۇرۇشۇمغا دادام قولىغا قەلەمنى ئالدى، ئۇ بىردەم ئالدىدىكى ئاپئاق قەغەزگە، بىردەم مېنىڭ مەسۇم چىرايىمغا قاراپ ئۇزاق سۈكۈتتە تۇردى. ئاخىرىدا كۆزۈمگە تىكىلدى ۋە كۆزۈمدىن «13 كېچە» توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىمنى ئىزدەشكە كىرىشتى.

......

ناركوز ئوكۇلى ئۇرۇلغاندا دادامنىڭ قۇچىقىدا ئىدىم.

پەللىكىمگە ئۆتكۈر ۋە سوغۇق يىڭنە سانجىلدى، چىممىدە قىلغان بىر ئاغرىق دەقىقە ئىچىدە مېڭەمگە چىقىپ، يىغلاش سەزگۈمنىڭ ئاۋاز تانىسىنى ئۈزۈۋەتتى. ئىختىيارسىز كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ ئېغىر ئۇيقۇلۇق ھالەتكە ئۆتتۇم. ئۇيقۇ ھەرقانچە قاراڭغۇ ۋە تىمتاس بولسىمۇ ئۇنىڭدا چۈش بولىدىكەن، چۈش كارىۋىتىدا يەنە ئۇخلىغىلى بولىدىكەن ۋە بۇ ئۇيقۇدا يەنە چۈش بولىدىكەن. مەن ھازىر ئىككىنچى خىل چۈش كۆرۈش ھالىتىدە ئىدىم. بۇ ھالىتىم بەئەينى تەندىن ئاجرىغان روھنىڭ پانىي ئالەمدىكى

ئىشلارغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشىغا ئوخشايتتى. ھەممە ئىشلارنى كۆرۈپ تۇراتتىم، لېكىن ئىنكاس قايتۇرالمايتتىم. دەرۋەقە، روھتا رېئال دۇنياغا نىسبەتەن قانداقمۇ ئىنكاس بولسۇن؟ ناركوز دوختۇرى مېنى كۆتۈرۈپ ئوپېراتسىيەخانىغا ئېلىپ كىردى ۋە باشقا بىر دوختۇرغا تاپشۇرۇپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ دوختۇر مېنى تارغىنە بىر كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ كىيىملىرىمنى سالدۇردى ھەمدە قوۋۇرغىلىرىم مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان تۆشۈم ۋە ئورۇقلۇقىدىن تارىشىدەك بولۇپ قالغان بىلەك ـ پاچاقلىرىمنى سىلىغىنىچە باشقا دوختۇرلارغا قاراپ:

ــ بۇ بالا بەك ئورۇقكەن، تېنىمۇ ئاجىزكەن، ــ دېدى ئىچ ئاغرىتقاندەك تەلەپپۇزدا.

ــ ئەلۋەتتە، بۇ يەرگە ئاجىزلار كىرىدۇ، ــ دېدى يەنە بىر دوختۇر پەرۋاسىزلىق بىلەن.

ــ شۇنداق، ــ دېدى ئۈچىنچى دوختۇر، ــ بۇ يەرگە كىرىپ چىققانلار چوڭ بولغاندا ئۇچقۇچى بولالمايدۇ، ئەسكەر بولالمايدۇ، تەنھەرىكەتچى بولالمايدۇ......

ئۇلارنىڭ گېپىگە قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى، ئۇلار ئېنىقلا مېنىڭ ئەرلىك سالاھىيىتىمنى كەمسىندۈرۈۋاتاتتى. شۇ تاپتا كۈچۈم يەتسە ئۇلارنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتكەن، قولۇمدا قورال بولسا، ئۇلارنى ئېتىۋەتكەن بولاتتىم. تەقدىر ئىرادە يۈرىكىمدىن تۆشۈك ئاچقاندا چوقۇم بىرەر ھېكمەتنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. قىرقىراپ يىغلىغىنىمچە ئانامنىڭ قۇچىقىدىن قاچقىنىمدا يۈرىكىمدىكى ئاشۇ تۆشۈكتىن ئىبلىسنىڭ مەككارلىقىنى، ئازازۇلنىڭ مەينەتلىكىنى، دەججالنىڭ دەيۈزلىكىنى ۋە قىيامەتنىڭ پانىي ئالەمدىكى بېشارەتلىرىنى كۆرگەن ۋە شۇ تۆشۈك ئارقىلىق بۇ دۇنيادىن قېچىپ كەتمەكچى بولغاندىمەنمۇ؟ ۋىلىقلاپ كۈلگەندە يەنە شۇ تۆشۈكتىن دۇنيانىڭ

ھەممە يېرىدە پارلاپ تۇرغان تەڭرى نۇرىنى، ئىنسانلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتى بولغان مېھىر - مۇھەببەتنى كۆرگەندىمەنمۇ؟...... ئىشقىلىپ، يۈرىكىمدىكى تۆشۈكتىن بۇ ئادەملەرنى كۆرگەنلىكىم پەقەتلا ئېسىمدە يوق.

ئوپېراتسىيە جەريانىدا كۆكسۈمگە تەگكەن تۇنجى پىچاقتىن باشلاپ ئاخىرقى بىر تال يىپقىچە ھەممىنى كۆرۈپ ياتتىم. تەن نېمانچە بىچارە - ھە؟! قارنىم يېرىلغاندا قاراپ تۇردۇم. ئاندىن ئۆپكەم تارتىلدى، قوۋۇرغىلىرىم كېرىلىپ، يۈرىكىم سىرتقا تارتىپ چىقىرىلدى. قان ئاقاتتى، ئاققان قانلارنىڭ شىر - شىر قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. بۇ ئاۋاز شۇقەدەر مەيىن ۋە ئىللىق بولۇپ، گويا جەننەتتىكى شاراب ئاقىدىغان ئېرىقتىن چىقىدىغان ئاۋازغا ئوخشايتتى. ئۇلار، ئاپئاق كېيىنگەن بىر نەچچە ئەرۋاھ (ئۇلارنىڭ كۆزىدىن باشقا ھەممە يېرى ئاپئاق بولۇپ، توزۇپ كېتىۋاتقان ئەرۋاھقىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى) توختىماي تىركىشەتتى، ئاغزى بولمىغاچقا قېنىمنى ئىچەلمىدى، لېكىن قوللىرى قىپقىزىل بولۇپ كەتتى. ئانام ئېسىمگە كېلىشى ھامان خۇمارىم تۇتۇپ، يىغلاشقا تەمشەلدىم. ئاھ! ئانىسىغا باتناپ يىغلاش نەقەدەر راھەت! لېكىن...... لېكىن كۆزۈم قېنى؟ ئاغزىم قەيەردىدۇ؟ پۇت - قوللىرىمچۇ؟!...... ھەممە نەرسەم تېنىمدە قالغان ئىدى، تېنىم بولسا قىپقىزىل قان ئىچىدە بۆرە تالىۋېتەكەن قوزىدەك ئېچىنىشلىق ھالەتتە ياتاتتى. مەن ھەتتا «تېنىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار!» دېگەن گەپنىمۇ قىلالمىدىم. ئاغزىم تېنىمدە قالغان تۇرسا، قانداق دەيمەن؟...... ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىن ئۇلار يۈرىكىمنى كۆكسۈمگە سېلىپ قويىدى. ئاندىن...... يىرتىقنى ياماپ مېنى ئادەم سىياقىغا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ تېخىچە ئاغزى يوق بولۇپ، كۆزلىرى ئارقىلىق پاراڭلىشىشقا باشلىدى.

— ئۇھا!......

— جان دېگەن تەندە تۇرسا ئاندىن يارىشىدىكەن، ئادەم بالىسىغا......

— جېنى تېنىدە قالدى ـ ھە؟

— ھازىرچە......

— جىم!......

ئىككى ئەرۋاھ كىرىپ مېنى ھارۋىغا سالدى. بىرسى ھارۋىنى ئىتتىرىپ، يەنە بىرسى ئېغىز ـ بۇرنۇم ۋە قورساق ـ دۈۋسۈنلىرىمغا سېلىنغان شلانكىلارنى كۆتۈرۈپ باشقا بىر ئۆيگە ئېلىپ چىقتى. بۇ ئۆي تولىمۇ چوڭ بولۇپ، ھاۋاسى ئىللىق ئىكەن. ئىككى تەرەپكە قاتارىسىغا كارىۋاتلار قويۇلغان، ھەربىر كارىۋاتتا بىردىن ئادەم ئۇخلاپ يېتىپتۇ. بەزىبىر ئاياللارنىڭ كۆكسىلىرى ئېچىلىپ قالغان، بەزى ئەرلەرنىڭ ساغرىلىرى يوتقاندىن چىقىپ قالغان ئىدى. پەردە بىلەن قورشالغان ئايرىم كارىۋاتلاردىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس نالە قىلغان ئاۋازلار كېلەتتى. ئۆزۈمنى يىغىۋېلىش ئورنىغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. نېمىلا بولسۇن، بۇ يەر كۆڭلۈمگە يېقىپ قالدى. جىمجىت، ئارامبەخش، ئىللىق...... «گۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بېشىم قىيسىيىپ قالدى. ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، يۈرىكىمنى بېسىۋالدى. قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە ئىچىدە يۇلقۇنۇپ، چۈش كارىۋىتىدىن يىقىلىپ چۈشتۈم. ئەتراپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى. مېنى ئوراپ تۇرغان زۇلمەت قاتمۇقات بولۇپ، قوينىڭ توققۇز تونلۇقىغا ئوخشايتتى. بىراق ئۇ يەتتە بولۇپ، ئايىغىم تەرەپتىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلىشىپ كېلەتتى. بىرىنچى زۇلمەتتە تىركىشىۋاتسام ئىككىنچى زۇلمەت ئايىغىمغا ئېسىلاتتى، ئاندىن ئۈچىنچى زۇلمەت مېنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە قاراڭغۇ بولغان تۆتىنچى زۇلمەتكە سۆرەيتتى...... ئالتىنچى زۇلمەت پۇتۇمغا ئېسىلىۋاتقاندا ئۈستى تەرەپتىن پاللىدە يورۇق تارالغاندەك قىلدى ۋە يۇقىرىغا بىر نەچچە زۇلمەت ئۆرلىدىم. قاراڭغۇلۇق چېكىنىدى، لېكىن پۈتۈنلەي تاراپ كەتمەي بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ ھاسىراشقىنىچە ماڭا قاراپ

تۇردى. ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا سەل دىمىنى ئىلىۋىلىپلا، يەنە ماڭا ھۇجۇم قىلىدىغاندەك قىلاتتى.
— قورقتۇڭمۇ؟
بۇ ئاۋاز ئۇستى تەرىپىمدىن كېلىۋاتاتتى. بېشىمنى كۆتۈرۈشۈمگە مېنى ئوراپ تۇرغان خىرە قاراڭغۇلۇق شىرتتىدە يىرتىلدى ۋە يىرتىقتىن كۈچلۈك بىر نۇر ئېتىلىپ چىقتى. بارا ـ بارا يوغىناپ لېگەندەك چوڭلۇقتىكى يۇمىلاق نۇر پومزىكىگە ئايلاندى.
— ھەئە، — دېدىم مەن نۇر پومزىكىگە قىزىقسىنىپ قارىغاچ، — سەن كىم؟ نېمىشقا مېنى زۇلمەتتىن تارتىۋالماقچى بولىسەن؟
— مېنى كىشىلەر ھەر خىل ناملار بىلەن تەرىپلىشىدۇ، ئاڭلىغۇڭ بارمۇ؟
— بار، — دېدىممەن تەقەززالىق بىلەن.
— زۇلمەت بىلەن ئېلىشقۇچى جەڭچى......
— ئىككىنچىسىچۇ؟
— ھاياتلىق پەرىشتىسى......
— ئۈچىنچىسىچۇ؟
— قۇياش......
— تۆتىنچىسىچۇ؟
— مۇشۇلارنى بىلسەڭ كۇپايە.
— ماقۇل، لېكىن ماڭا ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك، سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟
— سەندىن كەلدىم.
— ئىنىقراق دەپ بەر، چۈشىنەلمىدىم.
— سېنىڭ ئۆلۈمگە تەن بەرمەيدىغان روھىڭدىن، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىڭدىن كەلدىم.
— ئۇلار مېنى نەگە ئاپىرىدۇ؟

— يەتتە قەۋەت يەرنىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدىكى جەھەننەمگە.
— ئۇ يەر تېخىمۇ قاراڭغۇدۇ ـ ھە؟ — دېدىم بىر ئاز قورقۇپ.
— شۇنداق، بەك قاراڭغۇ. لېكىن قورقما، ئىككىمىز بىرلىشىسەك ھەرگىز يىغلىمايمىز، زۇلمەتلەرنى جەھەننەمگە قوغلىۋېتىمىز......
— مەن قانداق قىلىمەن؟
— باش ئەگمە، تىرەجە، تىركەش، يۇلقۇن، ئۆرلە، ھەرگىز چۆكمە......
— ماقۇل، سەنچۇ، سەن قانداق قىلىسەن؟
— شۇنداق قىلساڭلا مەن تېخىمۇ ئۇلغىيىمەن، تېخىمۇ يورۇق ۋە كۈچلۈك بولىمەن. ئۇ چاغدا زۇلمەت ماڭا ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ.
قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم. لېكىن تەقدىرنىڭ كىشى ئىرادىسىگە باقمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ بارا ـ بارا ھالىمدىن كەتتىم، ئۈستۈنكى زۇلمەت ئاستىنقى زۇلمەتكە سۈرەيتتى، قۇياش ئۈستىدىكى يورۇق ئالەمگە تارتاتتى، ھايات ـ مامات ئوتتۇرىسىدا تىتما ـ تالاڭ بولىۋاتقاندا ئىدىم...... نۇر ئاجىزلاشقا باشلىدى، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كەلگەن قاراڭغۇلۇق ئۇنى يۇتۇۋېتەيلا دەپ قالغان ئىدى......
شۇ تەرىقىدە تويتوغرا 13 كېچە ئۆتتى. 13 كېچە ـ كۈندۈز ئۆلۈمدە ياشىدىم. كۆزۈمنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە 13 كېچە ـ كۈندۈز ئۆتۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە مەن كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئاچقان ئىدىم...... كۆزۈمنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يالت قىلىپ يېنىپلا ئۆچكەن ئۇچقۇن ئەمەلىيەتتە چوڭلار دەۋاتقان قۇياش شۇ ئىكەن. ئەنە، ھازىر ئۇ ئاسماندا پارلاپ تۇرۇپتۇ.

2013 ـ يىلى 23 ـ سېنتەبىر، قوشتاغ



# ئەدەبىي خاتىرىلەر

# نەدىسەن مېھىر ـ مۇھەببەت

نەدىسەن مېھىر ـ مۇھەببەت، نەدىسەن ئەي مېھىر ـ مۇھەببەت؟!

ئىنسانىيەتنىڭ قانداشلىقىنى ئويلىسام «ئىنسان»دىن يىرگىنىپ كېتىمەن، ئىپتىدائىي زاماندىكى ئۆملۈككە ھەۋەس قىلىمەن. تاش سايدا چەكسىز غېرىبلىق ۋە تەنھالىق ئىلكىدە ياتماقتا، بىرەر مېھرىبان قول سىلاپ قويسا ۋارقىراپ يىغلىۋېتەتتى. ئۇلار بىلمەيدۇ، مەنزىلگە پەقەت چىن مۇھەببەتلا يەتكۈزىدۇ. مۇھەببەتسىز قىلغان ئىبادەت ـ ئىلتىجالار تەڭرىگە يەتمەيدۇ. مۇھەببەتسىز ئىككى ئادەم گويا ئىككى دۇنيانىڭ ئادىمى، لېكىن پانىيدا دۇنيا پەقەت بىر. بىزدىكى دۇنيا ئەنە شۇنداق مىڭلاپ، مىليونلاپ پارچىلانماقتا......

بىر كۈنى سەپەردە ئىدىم. ئادەمسىز چۆلدە بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئۇيغۇر دېھقان چوكىنى ماشىنىنى توستى.

ـــ كىرانى تۆلىۋېتىڭ، مەنزىل قايانكىن؟ ـــ دېدى شوپۇر ماشىنىغا چىقىشىغىلا.

ـــ قۇمباغقا، مانا، ـــ ئۇ، گۈللۈك تامبىلىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن كىرلىشىپ كەتكەن لاتىغا ئورالغان بىر تۈتام پارچە پۇلنى ئېلىپ شوپۇرغا ئۇزاتتى.

ـــ ئۇ يەرگە سەككىز كوي، يەنە بىر كوي بېرىڭ، ـــ دېدى شوپۇر پۇلنى قايتا ـ قايتا سانىغاندىن كېيىن.

ـــ خۇدا رەھمەت قىلسۇن ئۇستام، يېنىمدا بارى مۇشۇكەن......

— خويمۇ تويدۇم مۇشۇ دېھقان قەلەندەرلەردىن، ماشىنىنى ئىلاھا ـ ئامىنغا ماڭدۇ دەپ قالغانمىدىڭ؟ ماڭ، چۈشۈپ كەت، — شوپۇر كاركىرغان پېتى پۇلنى چوكاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

چوكان چۈشۈپ كەتتى، ماشىنا مېڭىپ كەتتى.

— ئەجەبمۇ ئىنسابسىز بىرنېمىكەن، — دېدى يېنىمدىكى ساقاللىق كىشى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ناھايىتى بىر كويىنىڭ ئىشىغۇ شۇ.

— ئىنسابسىزلا بولسا مەيلىدىغۇ، — دېدى ئالدىمدىكى ئورۇندىكى ياغلىقىنى ئالدىدىن بۈۋىچىلەپ چىگىۋالغان، يۈزىنىڭ قىپقىزىل گۆشلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان مايلىشاڭغۇ ئايال، — ئەجەبمۇ قارا يۈرەك بىرنېمىكەن، بىر كويىنى دەپ بىر ئاجىز ئايالنى بالىسى بىلەن قوشۇپ دەشتىي باياۋانغا تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىدىيا......

— نېمىسىنى دەيسىز، — دېدى ئارقامدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان چارلاشقان چېچىنى كۆكۈل قويۇپ تارىغان مۆئەللىم سۈپەت كىشى چۈپۈرلۈق قاشلىرىنى تىترىتىپ، — بىز خەقتىن ئىنساب، مېھىر ـ مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

غۇلغۇلا باشلاندى:

— باغرى تاشلىقىمىز ھامان بىزنى ھالاك قىلىدۇ......

— ئۆزئارا ياتلىشىپ كەتتۇق......

— ئۆز قېرىندىشىمىزغا بىر كويلۇقمۇ مېھرىمىز قالمىدى......

مەنمۇ سۆز قاتتىم:

— مېھىر ـ مۇھەببەت ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى ئىدى. ئۆزئارا كۆيۈنۈش، قوللاش بىلەن ئورتاق كۈچكە ئىگە بولاتتۇق. ئورتاق كۈچتىن ئاداققىچە، ھەرقانداق كۈلپەتمۇ ئۆزەلمەيدىغان پولات ئارقان كەبى ئىپتىقاد تۇغۇلاتتى.

ئەپسۇس...... بىز ھەممىمىز يېگانە. دوست ـ يارانلەر ئارا، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىملار ئارا، قايناق رەستىدىكى مىڭلىغان ئادەملەر ئارا يېگانە. ھەممىمىز بىر ماكاندا بىر قۇياشنىڭ نۇرىدىن بەھرە ئېلىپ، بىر ئىقلىمنىڭ سوغۇقىدىن تەڭ تىترەپ، ئاپتىپىدىن تەڭ يايراپ ياشايمىز، لېكىن تەنھا. نەپسىمىز بىزنى يېگانىلىك دالىلىرىغا ھەيدەپ سەرسان، سەرگەردان قىلىۋەتكەن. يېگانىلىك جاسارىتىمىزنى سۇندۇرۇپ، ئىشەنچىمىزنى ئۆلتۈرمەكتە. پەقەت مېھىر ـ مۇھەببەتلا بىزنى بۇ قورقۇنچلۇق يېگانىلىكتىن خالاس قىلالايتتى. ھەممىمىز شوپۇرنى بىر كويغا چىدىمىدى دەپ ئەيىبلەپ كەتتۇق. قېنى قايسىمىز: «مە، كەم قالغان بىر كوينى مەن بېرىۋېتەي» دېيەلىدۇق؟ دېيەلمىدۇق. چۈنكى، ھەممىمىز يېگانە. شۇنچە كەڭ ۋە بىپايان قەلب دۇنيايىمىزدا ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق. بۇ قورقۇنچلۇق يالغۇزلۇق ھەققەتنى كۆرۈشكە كۆزىمىزنى كور، سۆزلەشكە تىلىمىزنى گاچا، ئاڭلاشقا قۇلىقىمىزنى گاس قىلىپ قويغان. بىزنىڭ كۆرگىنىمىز ھېلىقى چوكاننىڭ بىر كوي ئالدىدىكى تەڭقىسلىقى، ئۆزىمىزنىڭ ئەمەس؛ ئاڭلىغىنىمىز ھېلىقى چوكاننىڭ بىر كوي ئۈچۈن شوپۇرغا خۇدانى شېپى كەلتۈرۈپ يالۋۇرغان ئاۋازى، ئۆزىمىزنىڭ ئەمەس؛ بىز نائىنساب شوپۇرغا: «مە، كەم قالغان بىر كوينى مەن بېرىۋېتەي» دېگەن سۆزنى قىلالمىدۇق. چۈنكى، ئۇ چوكان بىزنىڭ پايدا ـ زىيان مەنپەئەتىمىزگە قىلچە مۇناسىۋەتسىز...... بىز ھەممىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، چۈنكى بىز يېگانە......

ھەممىمىز جىمجىت ۋە يېگانە ھالدا ئىزتىراپلىق ئويلارغا پاتتۇق. سەپىرىمىز خەيرلىك بولغايمۇ؟!

2002 ـ يىلى 8 ـ مارت، خوتەن

www.uyghurkitap

# قىزىل توخۇ ۋە قارا توخۇ

بىزدە ئۇنى «قۇما» دەيدۇ. ئۇ توخۇلارنى سولايدىغان كاتەكتۇر. قۇما ئىچىدە ئۈچ توخۇ رۇكۇلداپ يۈرەتتى. قۇما شادىلىرىدىن بىشىنى چىقىرىپ پالاقلايتتى، جان ـ جەھلى بىلەن يەرنى تاتىلايتتى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئاۋارە بولىدىغاندۇ؟ بۇنى مەن پەرەز قىلىپ بىلىۋالدىم. ئۇلار قۇمىدىن چىقىپ كەتمەكچى.

مەن قۇمىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم. گويا مەنمۇ قۇمىغا مەھكۇم ھالەتتە بېشىمنى چاڭگاللاپ ئەسەبىي ھېسسىيات ھالىتىگە كەلدىم. ئاھ، ئەركىنلىك! تومۇرلىرىمدىكى قانلىرىم دولقۇنلاپ كەتتى، كۆزلىرىمدىن ئوت چاچرايتتى...... قېنى، ئۇلار قۇمىدىن چىقىپ كېتەلەمدىكىن؟

ئۇلار رۇكۇلدىدى، قۇما شادىلىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ پالاقلىدى، يەرنى تاتىلىدى، بىر دەممۇ تىنىم تاپمىدى. قۇمىدىن چىقىپ كېتىشكە كۆزى يەتمىدى بولغاي، كېيىن بىر ـ بىرىنى چوقۇشقىلى تۇردى. مانا تاماشا! مەنمۇ ئەسەبىيلەشتىم، كىملەر بىلەندۇر ئېلىشىۋاتقاندەك غەزەپلىك ۋە جەددىي كەيپىياتتا ئۈستىخان ـ سۆڭەكلىرىم چاراسلاپ كەتتى...... پاخپاق تۈكلىرى مەينەت بولۇپ كەتكەن كۆك توخۇ قۇمىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قورقۇنچ، ۋەھىمىدىن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ يېتىپتۇ، قارا توخۇ توختىماي قاچاتتى، قىزىل توخۇ قوغلاپ يۈرۈپ چوقۇيتتى. قۇما تار ۋە پەس بولغاچقا، قارا توخۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا يىقىلاتتى، قىزىل توخۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇنى

پوكىنىغا باساتتى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى چوقۇيتتى، پەقەت بېشىنىلا چوقۇيتتى.

كۆڭلۈم قىپقىزىل قانغا بويالدى. تەسەۋۋۇرۇمدا مەن قارا توخۇ بولسام كېرەك......

بۇ ھالەت بەش مىنۇت ئەتراپىدا داۋاملاشتى. كۆك توخۇ ئاۋۋالقىدەكلا بۇلۇڭدا سالپىيىپ ياتاتتى. قىزىل توخۇ قارا توخۇنى ئارام بەرمەي چوقۇيتتى. ھالسىز تىنىقلىرىم ئاڭلاندى، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىمۇ ھالسىز...... ئەمدى ئۇلار قومىدىن چىقىپ كېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. نېمىگىدۇر تەلپۈنۈپ ئىككى يېنىمغا قارىدىم. مەنمۇ مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتىم.

قان!......

قارا توخۇنىڭ بېشى قانغا بويالدى. يىرتىلغان تاجىسىنىڭ يېرىمى ساڭگىلاپ قالدى. قاچقۇدەكمۇ ھالى قالمىدى. ئاخىرقى غەيرىتى بىلەن قىزىل توخۇغا بىر ھۇرپەيدى ـ دە، پوككىدە يىقىلدى. قىزىل توخۇ ئۇنى پوكانداپ چوقۇشقا باشلىدى.

— ھۇ لۈكچەك! — ۋارقىرىدىم دەرغەزەپ بىلەن، — قانداق نامەرد نېمىسەن؟ قومىنىڭ ئىچىدە تالاشقۇدەك نېمە بار ساڭا؟ ئەركىنلىك قەپەسنىڭ سىرتىدىغۇ، نوچى بولساڭ ئاچچىقىڭنى سېنى قەپەسكە سولاپ قويغانلاردىن ئالمامسەن؟ ئۇ سېنىڭ قېرىنداشىڭغۇ، زىمىستان قىش كۈنلىرى يۇمشاق قاناتلىرى بىلەن سېنى ئىسسىتىپ قويغان تۇغقىنىڭغۇ، بەك يامان ئوخشايسەن، كېلە مەن بىلەن ئېلىشىپ باق.

قولۇمغا ئۇزۇن بىر تال تاياقنى ئېلىپ شادىلارنىڭ ئارىسىدىن قىزىل توخۇنى ئۇرۇشقا باشلىدىم.

— نېمە قىلىۋاتىسەن، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟

ئۆرۈلۈپ قارىسام ئانام كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپتۇ.

— قاراڭ ماۋۇ قىزىل خۇنپەرگە، قانداق نامەرد نېمە بۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

قۇمدىن چىقالمىغان ئاچچىقىدا قارا بىچارىنى چوقۇپ تاجىسىنى سالپايتىۋەتتى، قاراپ تۇرسام ھېچ ئۆزىنى بىلەلمەيدىيا؟! — دېدىم ئانامغا.

— بۇ توخۇلارنىڭ ئۆز ئىشى، سەن ئارىلاشما، — دېدى ئانام ھېچ ئىش بولمىغاندەك، — ھازىر تېرىم ۋاقتى، قۇمدىن چىقىرىۋەتسەك ئەمدىلا ئۈرۈق سېلىنغان ئېتىزلارنى ۋەيران قىلىدۇ.

— بىراق قارا توخۇ......

— ھېچنېمە بولمايدۇ، چوقۇشۇش دېگەن توخۇلارنىڭ ئادىتى.

— ياق! — مەندە ھەققانىيەت تۇيغۇسى ئويغانغانىدى، — قىزىل توخۇنى مەيلىمگە قويۇپ بېرىڭ، جازالايمەن.

— قانداق جازالايسەن؟ — ئانام ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

— بوغۇزلىۋېتىمەن!

— گۆش يېگۈڭ كەلگەن بولسا بوپتۇ، — دېدى ئانام يەنە بەخىرامان ھالدا، — قارا توخۇنى بوغۇزلا.

— نېمىشقا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدىم، — گۇناھ قىزىل توخۇدا تۇرسا، نېمە دەپ قارا توخۇنى بوغۇزلايمەن؟ ساراڭ بولمىدىم مەن.

— قارا بالام، — دېدى ئانام تەمكىنلىك بىلەن، — قارا توخۇ ياۋاش ھەم ئاجىز، قويۇپ بەرگەن بىلەنمۇ تالادىن دان تېپىپ يەپ جېنىنى جان ئېتەلمەيدۇ. قىش كېپقالدى، يا سوغۇقتا مۇزلاپ ئۆلىدۇ، يا ئاچلىقتىن. قىزىل توخۇغا قارا ھەم سېمىز، ھەم يامان، ھەر ئاماللار بىلەن جېنىنى جان ئېتەلەيدۇ.

ئېسىمگە نىتزىنىڭ مۇنۇ مەشھۇر سۆزى كەلدى:

«يوقالسۇن ئاجىزلار!»

توۋا، چالا ساۋات ئانامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتقىنىم دۇنيانىڭ ئۆزگەرمەس ھەقىقىتى ئوخشىمامدۇ؟!

2003 ـ يىلى 4 ـ ماي، خوتەن

# كىتاب ئارقىلىق......

قۇياش بۇرۇنقىدەكلا شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پېتىۋاتاتتى. گۈللەر ئېچىلىسىلا هامان توزۇيتتى. تۇغۇلغان ئادەم هامان ئۆلەتتى. چېكىدىن ئاشقان بارچە سەلتەنەت گۇمرانلىق بىلەن خۇلاسىلىنەتتى. ئاشۇ خارابىلەر، ئادەمسىز چۆل، قەبرىستانلار ئورنىدىمۇ بىر زامانلاردا قايناق بازارلار بولغان، كاتتا خاندانلار هۆكۈم سۈرگەن......

دۇنيانى زورلۇق – زومبۇلۇق، تېررورلۇق، ئۇرۇش تۇتەكلىرى قاپلىدى. بىرى تىنچلىق ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغىسا، يەنە بىرى ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلاتتى، هەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە هەق ئىدى.

دۇنيانى كىتاب ئارقىلىق چۈشەنمەكچى بولدۇم.

شۇنداق، تالاي كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم. ئۆلۈك خەتلەر ئارىسىدا تىرىك ئەرۋاهلار ئۆمىلەپ يۈرەتتى. ئەسەبىي قۇرلارنى بويلاپ يالىڭاياقلىق جەڭ مەيدانلىرىغا باردىم. قولۇمدا قىلىچ – قالقان، ئۈستىبېشىم قىپقىزىل قانغا بويالغان...... جەسەتلەردىن قوپۇرۇلغان تام – سېپىللاردىن هالقىپ ئۆتتۇم، تالاي ئۆلدۇم، ئۆلتۈردۇم...... غەلىبە تەنتەنىسىدە قىلىچ بىسىدا ئۇسسۇل ئويىنىدىم، باش سۆڭەكلىرىدە شاراب ئىچتىم. تالاي يىقىلدىم، مەغلۇپلارنىڭ تېرىسىگە كىردىم. يەنە يەر – يەر، ئاسمان – ئاسمان ئىدى. بايلار يەنىلا تېرىسىگە سىغماي يۈرەتتى، نامراتلار ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتاتتى.

ۋەتەن، ۋەتەن، ۋەتەن!

بارچە كۆرەشلەرنىڭ مەنبەسى ئاشۇ بىر سۆز ئۇچۇندەكلا قىلاتتى. لېكىن خەلق مەڭگۈ خەلق ئىدى. ئۇلار ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئىسسىق قانلىرىنى تۆكەتتى، ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلاتتى. ئۇنىڭ بەدىلىگە يەنە بىر يېڭى پادىشاھ مەيدانغا چىقاتتى، پادىشاھ ئالمىشاتتى، خالاس. ئۇرۇش دۇنيانى پاكلايدۇ دەيدۇ، چۈنكى پادىشاھلار شائىر بولمىغان. كىتاب ئارقىلىق چىڭگىزخان، گىتلېر...... قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇلار گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار مېنى كۆرۈپلا چۇرقىرىشىپ كەتتى:

— ئىنسانىيەت ئالدىدى. ئۇلار بىزنى دۇنيا تىنچلىقىنىڭ بۇزغۇنچىلىرى، ھەققانىيەتنىڭ ئاسىيلىرى دەپ تىللاشماقتا. لېكىن ئۇرۇش ـ قىرغىنچىلىقلار بىر ياكى بىر نەچچە ئادەمنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى، ئىنسانىيەت ئالەمدە ئۆزىنى يارىتىشى ئۈچۈنغۇ؟ ئۇنداقتا بىزدە نېمە گۇناھ؟! ئەگەر راستتىنلا گۇناھكار دېيىلسەك، بىزنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھىمىز مەغلۇپ بولغانلىقىمىزدۇر. مەغلۇپلۇق بىزنىڭ ھاقارەتلىك تەقدىرىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئېسىڭدە بولسۇنكى، تارىختا ئۆتكەن ھەرقانداق بىر پادىشاھ ئۆزىدىن مەغلۇپ بولغۇچىلارنى يۇقىرىلىرىغا تىللاشقا ئۆگەتكەن......

كىتاب ئارقىلىق...... ئەنە ئوغۇزخان، ئۈستىدە ئاي ـ يۇلتۇز كەشتىلىك ئاسمان...... تۇيۇقسىز بۇرە غايىب بولدى، ئارىدىن تالاي ئەسىرلەر ئۆتكەندى. تاش يىغلايتتى، سۇ ئۇسسايتتى، ئوت مۇزلايتتى، بۇنى ھېچكىم سەزمەيتتى. ھايات ئۆز جۇلاسىنى يوقاتقان، چۈنكى ئۆلۈمنىڭ نۇرى ئۆچكەندى. ئۆلۈم — جانغا بىرلا قېتىم كېلىدىغان بايرام. ئۆلۈم ئۆز قۇدرىتى، يەنى تەننى يىداكارلىقىدا، روھنى تاكامۇللۇقتا يەتكۈزىدىغان گۈزەل ھەم مىسلىسىز سېھرىنى يوقىتىپ ۋەھىمىگە، قورقۇنچلۇق ئاپەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئۆلۈم ئاپىتى يۈز بەردى. مازارلاردا يالقۇن. ئۆلۈكلەر ئۆرتەنمەكتە، تىرىكلەر ئۆچمەكتە.

كىتاب ئارقىلىق...... پانىي دۇنيادا باراۋەرلىك مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىنساننىڭ ئارزۇسى بولۇپ، پەقەت خۇدانىڭ دەرگاھىدىكى قىيامەت كۈنىدىلا ئەمەلگە ئاشاتتى. ئىز - ئىزىلىش، بايلىق - نامراتلىق مەڭگۈ داۋاملىشاتتى. بۇ ھەقىقەتەن «تەڭشەلمىگەن ئالەم» ئىدى، شۇنداقلا ئاشۇ ئىگىز - پەسلىك ئالەمنىڭ تەڭشىكى ئىدى.

كىتاب ئارقىلىق شۇنى چۈشەندىمكى: دۇنيادا پەقەت بىر نەچچىلا ئادەم كۆرەش قىلماقتا. خەلق ئۇلار ئۈچۈن تالاپەت تارتماقتا.

2003 - يىلى 5 - ئىيۇل، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# مەن شۇنداق ئويلايمەن

مەن شۇنداق ئويلايمەن، ئەرنىڭمۇ ئىپپىتى بولىدۇ، ئۇ — ۋەتەن. يەنە شۇنداق ئويلايمەن، جىنايەت — روھتىكى يېڭىلمەس كۆچتۇر، ھەقىقانىيەتنى ئاشۇ كۆچ يارىتىدۇ. يەنە شۇنداق ئويلايمەن، ۋەتەنسىز ئەرلەر ئىپپەتسىز ئەرلەردۇر، ئۇلارنى دۇنيا كەچۈرمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار باراۋەرلىكتىن ئۈمىد كۈتمىسۇن.

بالىلىقىمدا ۋەتىنىم مەھەللەم ئىدى، چوڭ بولغاندا ئۇنى شەرقتىن تاپتىم. بالىلىقتىكى ۋەتىنىمنى قىزىل بايراق ئاستىغا كۆمۈپ قويدۇم. يەنە شۇنداق ئويلايمەن، ئېتىقاد ئوق ئۆتمەيدىغان قالقان، مەككىگە بارساڭمۇ ئىمان تېپىلمايدۇ. پەرۋانە شام ئالدىدا ئۆلدى. ھەييام بىر ئۆمۈر شاراب ئىچمەي جام ئالدىدا ئۆلدى. دىۋانە نان ئالدىدا ئۆلدى. يىگىنە قۇلىقىدىن كارۋان تارتقانلار ئاپئاق ئۇستىخانلاردىن نۇرلۇق ئايۋانلارنى قۇرۇپ، داپ ھالقىسىدىن ئەسەبىي زامانلارنى ئۆتكۈزۈپ، ساپايىسىدا باش سۆڭەكلىرىنى شاراقلىتىپ جەز قىلىپ ئاخىر ۋەتىنىنى قومىلار ئاستىغا كۆمۈپ قويدى ـ دە، ئۆز يېرىدە سەرسانە ئۆلدى.

يەنە شۇنداق ئويلايمەن، ساقال ـ بۇرۇت قويغانلار مەن ئەر دېمىسۇن، بۇغداي تېرىپ زاغرا نانغا تويغانلار مەن ئەر دېمىسۇن، ئاھ خەلقىم، دەپ دەرد يۇتۇپ مەيخانىدا قونغانلار مەن ئەر دېمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئەل ئالدىدا ۋىجدانى نېسى.

سۆيگۈ ئۈچۈن جان بېرىمەن دەپ مەست بۆرىدەك ھۆركىرەپ، ئەرلىك غۇرۇر ئۈچۈن مۇشتلاشقانلار مەن ئەر دېمىسۇن، ئۇلارنىڭ

يۈرىكىگە پىغانى نىسى، مەشرەپ كەبى زارزار چۆللەردىكى ھىجرانى نىسى.

«ئېتىقاد» ۋە «توغرا يول»نى سۆزلەپ، قۇياشنى تاپ، شەرققە قاراپ ماڭ دەپ، ۋەزخانلىقتا شان ـ شەرەپ كۆزلەپ ئىچ ـ ئىچىدىن قۇرۇپ ئۆتكەنلەر مەن ئەر دېمىسۇن، ئۇلارنىڭ سەپ ئالدىدا مەيدانى نىسى، تىغ ئالدىدا تەن ـ جانى نىسى.

ناخشا ـ ناۋالاردا ئازابنى ھەيدەپ، غىلجىڭ ـ نازلاردا يىلىكىنى قۇرۇتۇپ، ئەركىنلىكتە پۇت ـ قولىنى چىرماپ، «قىلىچتىن قورقۇپ بېشىنى ئېگىپ»، كاستۇم ئىچىدە تىترەپ يۈرگەنلەر مەن ئەر دېمىسۇن، ئۇلارنىڭ تومۇرىدا دولقۇنلىغان قان نىسى، ھاياتىغا ئۆلۈم ھەمدە شان نىسى.

يەنە شۇنداق ئويلايمەن، چۆلدە كارۋان ناخشىسى ئەمدى قايتا ياڭرىماس، ئەمدى يول باشلاپ ساڭا جەڭلەردە بۆرە ئۇچرىماس. قەدىمىي جەسەت، باش سۆڭەكلىرى شاھىت، لېكىن ماڭ تۆۋلىساڭمۇ بىر لەبزە زۇۋان چىقماس. سەن ئۆزۈڭگە قالدىڭ ئەي ئەر.

قاغا مىڭ يىل ياشىسىمۇ رەڭگى قارا، بەختى قارا. قۇش ئالتۇن قەپەستە تۇرۇپمۇ ئاسمانغا ئىنتىلەر. سەن ئۆزۈڭنىڭ قۇلى ھەم زىندانىسەن. سەن ئۆزۈڭگە قالدىڭ ئەي ئەر. خوتۇنىڭغا تۆلەپ تۈگەتكۈسىز قەرزدارسەن، بالىلىرىڭنىڭ پېشانىسىدىكى مۇشتىلىرى تۈگۈلگەن قىسمەت سايىسىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەي ئەر..... مەن شۇنداق ئويلايمەن.

2003 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىر، خوتەن

# ئېتىقاد ھەققىدە

ئەي ئوغلۇم، قارىغايىنىڭ جەسۇرلۇقى، قىشۇ ـ ياز ياپىيېشىل تۇرۇشى نېمىدىندۇر؟ تۇغراقنىڭ جەزىرە ـ باياۋانلاردا ياشناپ تۇرۇشى نېمىدىندۇر؟

مەن ئېتىقاد ھەققىدە سۆزلەيمەن، ئېتىقاد — جاننى خەجلەش دېمەكتۇر، ئېتىقاد — مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دېمەكتۇر. ئېتىقاد — روھنى تاكامۇللۇققا، تەننى پىداكارلىققا يەتكۈزىدىغان كۈچتۇر. ئۇ كۈچ جىنايى زەررىلەرگە تويۇنغان، بۇزۇش ۋە ھالقىش قۇدرىتىگە تولغان ئۆلۈمدىن غالىب، ھاياتتىن يۈكسەك بولغان زوراۋان ھەرىكەتنىڭ ئۇلۇغ تىنىقىدۇر. ئېتىقاد — ۋەتەننىڭ روھتىكى تۆرەلمىسى، زېمىندىكى يىلتىزى. ئۇ مەشرەپنى دارغا ئاستۇرغان، ئادىلنى دارغا چىقارغان. بىلىم ئال، ئۆگەن، ئالىم بول، لېكىن ئېتىقادىڭنى بىل، بولمىسا بىلىمىڭ رەقىبىڭنىڭ سېنى يوقىتىشتىكى ئەڭ ئەپچىل قورالى، خالاس. ۋەتەننىڭ ئىسمىنى، ئېتىقادىڭنىڭ يىلتىزىنى قاقىر ئېتىزلاردىن، قاتقان داللاردىن، سەھرالاردىكى دېھقانلارنىڭ كۆلپەتلىك ھاشار ناخشىلىرىدىن ئىزدە. ئۇ مەكتەپتە يوق، چۈنكى مۇئەللىم ساۋاتسىز.

دات باسقان پىچاقتا جىنىمنى قىيناپ تۇرۇپ ئېتىقاد ھەققىدە سۆزلەۋاتىمەن. قاشاڭ ئارغىمىقىمنى مىنىپ تىرىك جەسەتلەر ئۈستىدىن ئۆتۈۋاتىمەن. ئوغۇز، سۇتۇق، ئالىپ ئەرتۇڭالارنىڭ قەلبىمدىكى مازارلىقىغا بىرىپ تىلاۋەت قىلماقچىمەن ھەم بىر

خەلق بولۇپ كەڭ كۆلەملىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆز ھاياتىمغا قايتماقچىمەن. تەنھالىقنى تەرك ئەتكەنمەنكى، جىنازامنى ئۆزۈم يالغۇز كۆتۈرەلمەيمەن.

ھەركىم پادىشاھ بولۇش ئۈمىدىدە بولسۇن، بۇ جىنايەت ئەمەس. ھەركىم ئۆز ۋەتىنىنى قۇرسۇن ۋە ئۇنى قىزغىن سۆيسۇن، بۇ جىنايەت ئەمەس. ھەركىم ئۆز ئېتىقادى ئۈچۈن كۈرەش قىلسۇن، بۇ جىنايەت ئەمەس. جىنايەت ــ ئۈمىد قىلماسلىق، قىزغىن سۆيمەسلىك، كۈرەش قىلماسلىقتۇر.

ئوغلۇم، ئېتىنىڭ سۆڭەك ئۈچۈن زەنجىرگە، كالىنىڭ سامان ئۈچۈن ساپانغا رازى بولۇشى نېمە ئۈچۈندۇر؟!

مەن ئېتىقاد ھەققىدە سۆزلىدىم.

2003 ـ يىلى 2 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

www.uyghurkitap

# پۇقرا

مەن بىر پۇقرا، قانۇنغا رىئايە قىلىشىم زۆرۈر. مەن بىر پۇقرا، سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقۇم بار. مەن بىر پۇقرا، بويسۇنۇشۇم شەرت.

پادىشاھىمنى كۆرۈش ئۈمىدىمدىن ۋاز كەچكىنىم يوق. ئەتىيازدا ئېتىزىمغا ئۇرۇق چېچىپ، يازدا پەرۋىشلەپ، كۈزدە مول ھوسۇل ئېلىش ئەڭ چوڭ ئارمىنىم. قورسىقىمنىڭ تويۇش - تويماسلىقى مېنىڭ مەيلىمدە ئەمەس. ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەش بۇرچۇم ئېنىق ئېسىمدە.

مەن چاۋاك چالغۇچى. مەن ھۆرمەت بىلدۈرگۈچى. مەن ئىتائەت بىلەن خاتىرجەم ياشىغۇچى. چۈنكى، ئىتائەتمەن پۇقرانىڭ ھەرقانداق ھۆكۈمەتكە لازىم بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەنمەن. مەن پۇقرا، تىنچ ۋەزىيەتنى ساقلىشىم زۆرۈر. ئىسمىمنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقۇم بار. باج تۆلىشىم شەرت. مەن كان قۇدۇقلىرىدا، چاڭ - توزانلارغا تولغان سېخلاردا، زىمىستان ھاشارلىرىدا پارتىيەنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلغۇچى. ئەڭ توپ سىياسەت مەن ئۈچۈن چىقىرىلغان.

پۇقرا بولۇش — ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ ئاچقۇچى. پۇقرا بولۇش ئەڭ بەختەر. پۇقرا بولۇش ياشاشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى، چۈنكى ئۇ بويسۇنغۇچى.

مەن پۇقرامەن، سەنمۇ ھەم. پۇقرا — خەلقنىڭ يوقالغان ئىسمى، مەن پۇقرامەن، سەنمۇ ھەم......

2003 - يىلى 4 - دېكابىر، خوتەن

# يالغۇز ئاياغ يول

بۇ يولدا مەندىن باشقا ھېچكىم مېڭىپ باقمىغان، چۈنكى مەن مېڭىشتىن ئىلگىرى بۇ يول مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. مېڭىش — ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ھەرىكەت. مەن مېڭىشتىن بىر خىل بۇرچ ۋە ھوزۇر ھېس قىلىمەن. مېڭىۋېتىپ ئارقامغا قارىدىم - دە، بۇ يولنىڭ ئايىغىمدىن تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ يالغۇز ئاياغ يول ئىكەنلىكىنى بىلدىم. قاچاندۇر قەپەستىكى بوز تورغاينىڭ نادامەتلىك سايراپ بارلىق ناخشىلارنى ھەيرەتتە قالدۇرغىنى ئېسىمدە. كىمدۇر بىرىنىڭ سەنئەت مەڭگۈ ئاچ - يالىڭاچلىقتا سەرگەردان يۈرىدۇ، دېگەن گېپى قەلبىمنى ئۆرتىگەنىدى. شان - شۆھرەت ۋە ماختاشلاردىن زېرىككەن بىر دوستۇم ئۆزىنىڭ خىلۋەت كەپىسىگە بېكىنىۋېلىپ: «ئۇلۇغ ئادەم بولغۇم يوق، چۈنكى مەن ئۇلۇغلۇقنىڭ ئاددىي ئادەملەرگە ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېگەندە، مەن زور ئىخلاس بىلەن قۇرۇپ چىققان ئىمارەت غۇلاپ چۈشكەندەك ھېس قىلغانىدىم.... ئارام ئالاي دەپ ئولتۇردۇم، يول شۇ ھامان توختاپ قالدى. قۇياشنىڭ يەنە بىر يۈزىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ شۆھرىتىدىن گۇمانلىنىشقا ئاساسىم يوق. مەن ھاياتىمدا بىر ئايالغا ئالدانغان، بۇ مېنىڭ بارلىق ئاياللاردىن نەپرەتلىنىشىمگە تۈرتكە بولالمايدۇ. ھاياتىم ھازىرغىچە ئاشۇ ئايال قالدۇرغان زىلزىلە ئىچىدە تۇرۇپتۇ. نەپرەتلىرىم ھەم ئۇ ئايال قالدۇرغان سېغىنىش ۋە مۇھەببەت ھېسلىرىدىن پاكىزلىنىپ بولغىنى

يوق...... ئارام ئېلىشقا ئۇلتۇرغىنىمدا دائىم كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالىمەن، بۇ بەلكىم ئارقامدىكى ئاياغ ئىزلىرىمنىڭ چاڭ ـ توزانلارغا كۆمۈلۈپ يوقىلىۋاتقانلىقىنى، ئالدىمدىكى چۆل ـ جەزىرىلەرنىڭ بارغانسېرى چەكسىزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتىن قورققانلىقىمدىن بولۇشى مۇمكىن.

يالغۇز ئاياغ يولدا مېڭىش، پەقەتلا مېڭىش كېرەك، چۈنكى ئۇ يالغۇز ئاياغ يول. مېڭىش — ھاياتلىقتىكى ئەڭ زۆرۈر ھەرىكەت. پەقەت مېڭىشلا ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسى. مېڭىش — يوللارنى روياپقا چىقىرىدۇ، يوللار يەنە نۇرغۇن ئادەمنى مېڭىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. چوڭ يوللاردىمۇ يالغۇز ئاياغ يوللار بار، ئادەملەر پەقەت ئاشۇ يالغۇز ئاياغ يوللار بىلەنلا ئىسسىق ئۆيلىرىگە ۋە قەلبىدىكى ئىللىق ماكانغا يېتىپ بارالايدۇ.

2008 ـ يىلى 4 ـ ماي، خوتەن

# خۇشال كىشىلەر

مەن خۇشال كىشىلەرگە ھەۋەس قىلىمەن. دائىم كۈلۈمسىرەپ يۈرىدىغان كىشىلەرگە قاراپ ھايات راستتىنلا شۇ قەدەر گۈزەلمىدۇ؟ ئەجەبا، مەن بۇنى ھېس قىلالمىغاندىمەنمۇ؟ دەپ ھەسرەت چېكىمەن. خۇشال كىشىلەر ئەتراپىمدا ھەرقاچان كۈلۈشۈپ يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ شاد كۈلكىلىرى مېنى پاراكەندىچىلىككە سېلىپ، قەلبىمدىكى دەرد ـ ھەسرەتلىرىمنى ئۇلغايتىپ تۇرىسمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈلكىسىنى رەت قىلىشقا ئامالىم يوق. كىشىلەر كۆپ يىغلايدىغان ئادەمنىڭ كۆزى، كۆپ كۈلىدىغان ئادەمنىڭ يۈزى چىرايلىق بولىدۇ دېيىشىدىكەن، مەن ئىچىمدە يىغلاپ، ئىچىمدە كۈلىمەن، ئىشەنچىم كامىلكى: قەلبىم ئىنتايىن گۈزەل...... تۇمەنمىڭ ناز ـ كەرەشمىسى بىلەن ئېچىلىپ تۇرغان قىزىل گۈلگە قارىماي ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىنمۇ؟ قارىغان ھامان كۆڭۈلدە ئۇنى ئۈزۈش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ، گۈلنىڭ خۇش ھىدىنى ھىدلاش ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى پەقەتلا گۈل ئۈزۈش ئىستىكىنى قاندۇرۇش. ئەقىللىك ئادەملەر ھېچقاچان خۇشال يۈرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار گۈلنىڭ ئۈزۈلگەندىن كېيىنكى خازان بولۇش تەقدىرىنى ئويلاپ ئۆز ئىستىكىنى قۇربان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا مەن چوقۇم ئەقىللىك ئادەم ئەمەس، لېكىن يەنىلا خۇشال يۈرەلمەيمەن. سەۋەبى — مەن گۈل ئۈزۈش ئىستىكىدىن ئەزەلدىن ۋاز كەچمىسەممۇ، بىراق گۈلنىڭ خازان بولغان ھالىغا پەرۋاسىزمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

يۈرەلمەيمەن. ھاياتىم نۇرغۇن پۇشايمانلىق گۈزەل ئەسلىمىلەرگە تولغان.

خۇشال كىشىلەر ھاياتنى ئۆزگىچە سۇباتقا ئىگە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ شاد كۈلكىسى ھەرقانداق گۈللەردىنمۇ گۈزەل. مەن خۇشال كىشىلەرگە ھەۋەس قىلىمەن. بەلكىم، ھايات راستتىنلا شۇقەدەر گۈزەلدۇر……

2008 ـ يىلى 4 ـ ماي، خوتەن

# ئەركىن يازملار

# قەلب خاتىرىلىرى

## 1

ۋاقىت يېرىم كېچىگە كىردى. قاراڭغۇلۇق باسقان كائىناتتىكى تەنھا مەۋجۇتلۇق ئىدىم. ئۆلۈم ئېغىر قاناتلىرىنى سۆرەپ ئەتراپىمدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. مەڭگۈ بېسىقمايدىغان بىر ئىشق، مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدىغان بىر ھىجران يۈرىكىمنى مەھكەم قاماللاپ تۇراتتى.

ئاللا ماڭا بەرمىگەن كۈننى
ئىزدەپ يۈرگەن ئادەم ئىدىم مەن.
ئاللا ماڭا، ماڭا بەرمىگەن ھەقنى
سۆزلەپ يۈرگەن ئادەم ئىدىم مەن.

چۆچۈپ كەتتىم. تاپىنىم ئاستىدا دوزاخ ئوتى گۈرۈلدەپ كۆيمەكتە. تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرغان قاپقارا چاچلار ئەزرائىلنىڭ قارا قوللىرىدەك گېلىمنى بوغماقتا ئىدى.

تامدا بىر قوڭغۇز. قاپقارا، سۈكۈتتەك جىمجىت.......

خىيالغا پاتتىم، ئۆتكەن ھاياتىم ھەققىدە تىرەن خىياللارغا كىردىم.

غېرىب ھەمدە مىسكىن بىر ياش ئىدىم. ھازىرىم يوق، كەلگۈسۈم ئاپئاق قارلارغا كۆمۈلۈپ ياتاتتى. پەلەكتىكى هارارىتى ئۆچكەن ئۇ قۇياشنىڭ بۇ قارلارنى ئېرىتەلىشىگە كۆزۈم

يەتمەيتتى. دائىم مەڭگۈلۈك بىر لەھزىگە ئىنتىلەتتىم. لېكىن بۇ دۇنيادا ئۆلۈمدىن باشقا مەڭگۈلۈك لەھزىنىڭ يوقلۇقى ماڭا ئايان ئىدى. ھەر ـ ھەر خانىدانلار ئۆرۈلگەن، نى ـ نى ئۇلۇغ ۋەتەنلەر يەر يۈزىدىن يوقالغان ئىدى. جاھانغا پاتمىغان ھۆكۈمرانلارنىڭ تۇپىسىنى شاماللار ئۇچۇرۇپ بولغان ئىدى. مەڭگۈلۈك لەھزە پەقەت ھايات ۋە ئۆلۈم قۇچاقلىشىپ، بار بىلەن يوق ئۇچرىشىپ، ھەممە ھېچنېمىگە ئايلىنىپ، پۈتكۈل چەكلەر يىقىلىپ، ھەممە پايانلار پايانسىزلاشقان، كىچىككىنە جانىنىڭ غايەت زور كۆلەمدە تەن قەپىسىدىن قۇتۇلغان ۋاقتى ئىدى. مەن ياشاۋاتقان ئالەمدە ئادەملەر تۇغۇلسىلا ھامان ئۆلەتتى، گۈللەر ئېچىلسىلا توزۇيتتى. بارلىق نەرسىلەر بىلەن جۇدالىشىش ئۇچۇنلا ئۇچرىشاتتىم.

ئاچلىق ئالدىدا شېئىرغا كىردىم. مىسرالىرىمدا ئاچ ئەرۋاھلار نالە قىلىپ تۇردى. يالىڭاچ قۇللار شادىمان باغچىلەرنى ۋەيران قىلدى. قاخشالدەك ئورۇق تېنىم، سولغۇن ۋە كېسەلچان چىرايىم مەغرۇر كىشىلەر ئارىسىدا ئۇيان ـ بۇيان دوقۇرۇپ يۈردى.

ئۆزۈمدە بىر ئۇلۇغلۇقنى ھېس قىلاتتىم، بىر غالجىر ئىلھام مېنى قۇترىتاتتى.

ــ ئىلھام شەيتاندىن كېلىدۇ، ــ دېدى بىر دوستۇم.

ــ بۇ دۇنياغا قايتا كەلمەيمەن، قۇياش بىر بولسىمۇ، ئەتىكى تاڭ باشقا ئاتىدۇ، ــ دېدىمەن.

مەن نېمىشقا ئاچ؟ مەن نېمىشقا يالىڭاچ؟ مەن نېمىشقا موھتاج؟!......

سەۋەب بىرلا، مەندە قانائەت يوق. قانائەت بولمىسا مىليون پۇللۇق زەردارمۇ ئاچ، قانائەت بولسا نامرات كاسىپمۇ زەردار......

بىراق مەن يەنىلا ھايۋان ئەمەس، ئادەم بولۇپ يارالغىنىمغا قانائەت قىلالمايۋاتىمەن؛ ھازىرقى مۇشۇ مىنۇتلاردا تىرىك بولغىنىمغا قانائەت قىلالمايۋاتىمەن؛ مەن ئايالىلارغا تالاي قېتىم تويغان،

مەي ـ شارابلارغا تالاي قېتىم تويغان، نان ـ غىزالارغا تالاي قېتىم تويغان، مەن ھەتتا نەچچە قېتىم بۇ دۇنياغىمۇ تويغان...... بىراق، مەن ئۆزۈمگە تويماپۋاتىمەن، ئۆزۈمگە لىپمۇلىق تولسام دەيمەن!

## 2

كەتكۈم كېلىپلا تۇرىدۇ، كەتمەكچى بولغان يېرىمنىڭ قەيەر بولۇشى مۇھىم ئەمەس، كەتسەملا دەيمەن. ئىنسانىنىڭ كېتىش ئارقىلىق يېڭى ـ يېڭى ھاياتلىقلارغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا شۇ قەدەر چوڭقۇر ئىشىنىمەن.

ھەممە ئۆز يولىدا ئىدى، يولسىزلىقىمۇ يولنىڭ تېشىدا بەخىراامان كېتىۋاتاتتى.

مەن بولمىسامۇ ئادەملەر تۇغۇلاتتى، ئۆلەتتى. بىنالار ئۆرۈلەتتى، ئورنىغا يېڭى بىنالار قەد كۆتۈرەتتى. شەھەرلەر سەرسان يۈرەتتى، يېزىلار ئايىغى چىقماس ئىبادەتتە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. مېنىڭسىزمۇ شېئىرىيەت باغچىسى چۆلدەرەپ قالمايتتى، مېنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىم بۇ دۇنيا ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى.

قىپقىزىل پۇللار تاراقلاپ تۇراتتى، ئۇنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى جانانىنىڭ ئۈزۈن كارىدوردا قىپقىزىل تويلىيىنى تاراقلىتىپ ماڭغاندىكى مەپتۇنكارلىقىنىمۇ بېسىپ چۈشەتتى. پۇل بولسا ساغلاملىق بولاتتى؛ پۇل بولسا باھاسى بولمىغان مۇھەببەت خۇشاللىقىنىمۇ سېتىۋالغىلى بولاتتى؛ پۇل بولسا ۋاقتىنى، زېھنىنى، يۈرەك قېنىنى تۈماندىكى شارقىراتمىنىڭ كۆرۈنمەس شارقىرىشىنى تەسۋىرلەشكە سەرپ قىلغان، خۇشاللىقىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى كۆز ياشلىرىدا گۈل قىلىپ ئېچىلدۇرغان، شاھانە

قەسىرلەرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى ئاپتاپ ۋە نۇرلاردىن ياسالغان چۇۋۇق كەپىسىدە سوغۇقتىن تىترەپ ئولتۇرغان غېرىب شائىرنىڭ نالە ـ زارلىرىنى توپلام قىلىپ نەشر قىلدۇرغىلى بولاتتى......

ياشاش ئۈچۈن قەلب، ھېسسىياتلار كۆندۈرۈلدى. پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى تەرتىپكە سېلىندى. ئادەم بەكمۇ ئاجىز ماشىنا، ماشىنا بەكمۇ يېقىمسىز ئادەم ئىدى.

ھېچكىم مۇزىكا ئاڭلاۋېتىپ يىغلاپ كەتمەيتتى، ھېچكىم ئۆلۈپ تۇرۇپ سۆيمەيتتى. ھەممە ئۆزىگە چېكىنىش يولى قالدۇراتتى. ئىمكانىيەت تىكلەنگەن يىڭنە ئۇچىدا يالىڭاچ ئولتۇراتتى.

— ئىشق يالغۇزلۇقتا كامالەتكە يېتىدۇ، — دېدى بىر زاھىد.

— ئىنسان تەڭرىنىڭ سۈرىتى، — دېدى بىر سوپى.

— ئادەم مۇھەببەت ئەينىكى، — دېدى بىر مەۋلانە.

قاتتىق سىلكىندىم، ۋۇجۇدۇمدىن ساپسېرىق خازانلار تۆكۈلدى، يېنىكلەپ قالغىنىمنى ھېس قىلدىم.

توغرا، ئادەملەر ئارىسىغا ناخشا ئېيتقان پېتى كىرىپ كېلەي!

ناخشىلارنىڭ ئارامبەخش ساداسىغا چۆمۈلەي!

يوشۇرۇپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق، قامچامنى تاشلىۋېتەي!

ئاتنى ئارزۇ قىلىشمىنىڭ ھاجىتى يوق، ماشىنام بولسۇن!

يۇلتۇزلارنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ، ئاي ۋە قۇياشنى مەڭگۇ بىر دەپ بىلەي!

## 3

بەزى كىشىلەر مېنى «سەن شائىرسەن!......» دېيىشىۋاتىدۇ. ئەزەلدىن ئىبتىراپقا كۆنمىگەن قەلبىم بۇ ئاتاش ئالدىدا گاڭگىراپ قالدى. ئەجەبا، شائىرلىق مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟

ياقا يىرتىپ جەھلى بىلەن ناۋا قىلىشلار، ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى سەرگەردان قىلىپ پىرقىراپ يۈرۈشلەر، گۇناھسىز ۋە پاك قەغەزنى ئاقماس ياش، تاشماس سىياھلار بىلەن بوياپ تۈننى تاڭغا ئۇلاشلار شائىرلىقمىدۇ؟

شائىرلار — پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئازابىنى كۆتۈرە ئالغۇچىلارمۇ؟

شائىرلار — تەبىئەتنىڭ كارامەتلىرىنى ئۆز ۋۇجۇدىدىن بايقىغۇچىلارمۇ؟

شائىرلار — تەڭرىگە بويۇنتاۋلۇق قىلغۇچىلارمۇ؟

شائىرلار — شەيتاننىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلارمۇ؟

شائىرلار — قىيامەت كۈنىدىكى تىلى قايچىدا كېسىلىدىغان قوۋممۇ؟

شائىرلار — ئادەم ئەمەسمۇ؟!......

شېئىر ئىلھامدىن كەلسە، ئىلھام خاھىشنى، خاھىش مەنىۋى جەھەتتىكى تۇسقۇنسىز ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلسا، بۇ دەل شەيتاننىڭ زارىقىپ كۈتكىنى ئەمەسمۇ؟

مەنىۋى جەھەتتە چەك بولمىسا، كىمنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەمەس، ھەتتا خۇدا بولغۇسى كەلمەيدۇ؟!......

ئۇنداقتا شائىرلارنىڭ پىر - ئەۋلىياسى - شەيتان ئىكەن - دە؟!

ياق! شائىر ھەقىقىي ئادەمدۇر.

ئادەم شەيتان ۋە پەرىشتىلىك خۇسۇسىيەتنى ئۆزىدە تەڭ ھازىرلىغان بارلىقتۇر.

ئەقىل پەرىشتىدۇر، ھېسسىيات شەيتاندۇر.

ئەقىل تامدۇر، ھېسسىيات دېرىزىدۇر.

ئىشىك - دېرىزىسى بولمىغان ئۆي قاپقاراڭغۇ زىنداندۇر، ئۇنىڭدا ھەقنىڭ نۇرانە شولىلىرى نېمە قىلسۇن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

ئۆي بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال تام بولۇشى كېرەككى، ئۆينىڭ يورۇق، سالقىن ۋە ئارامبەخش بولۇشى ئۈچۈن دېرىزە ئېچىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

4

تاڭ ئاتتى. ئىشىكىم شەرق تەرەپكە قارايتتى. قۇياشنىڭ نەيزىدەك ئۆتكۈر نۇرلىرى يۈرىكىمگە سانجىلدى. قەلبىمدىكى ئۇلۇغ پىكىرلەر ھەريان چېچىلدى. قورسىقىمنىڭ ئاچقىنىنى ھېس قىلدىم. ئىش ۋاقتىم بولۇپ قالغان ئىدى.

2003 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست، قوشتاغ

# بىر تاغقا چىقىپ، ھەممە تاغدىن چۈشكەن سەيياھ

ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشقا بىرنەچچە ئايەتنى ئېلىپ بارسا بولغان بىلەن، تىرىكلەرنى يوقلاشقا پىشۇرۇلغان توخۇ، قوغۇن - تاۋۇز ياكى يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش شىركەتلىرى مەخسۇس كېسەل يوقلاش ئۈچۈن ئوراپ تەييارلاپ بازارغا سالغان پېچىنە - پىرەنىك دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. قەبرە يوقلاشقا ئەگىشىپ كەلگەنلەرمۇ بار، ئۇلار ھەتتا بىرمۇ ئايەت بىلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇلار ئۆلۈكنىڭ كۆزى كۆرمىگەندىكىن دەپ باشقىلار قانداق ھەرىكەت قىلسا، شۇنى دوراپ، ئاغزىنى گويا ئايەت ئوقۇۋاتقاندەك ئىخلاس بىلەن مىدىرلىتىپ ئۆلۈككە ياكى تەڭرىگە ئەمەس، ئەتراپىدىكىلەرگە ۋاپادارلىقىنى كۆز - كۆز قىلىدۇ. بىراق، مېنىڭچە ئۆلۈكنىڭ كۆزى كۆرىدۇ. بولمىسا قاپقاراڭغۇ كۆز كېچىلىرىدە قەبرىستانلىق ئوت ئۇچقۇنى ئىچىدە يورۇپ كېتەرمىدى؟ ئاشۇ ئوت ئۇچقۇنلىرىنى ئۆلۈكلەرنىڭ كۆز نۇرلىرىمىكىن، دەيمەن. تەڭرىنىڭ كۆرۈش ئۈچۈن كۆزگە ھاجەتمەن ئەمەسلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز.

ئىت بىلەن ئىتنى تالاشتۇرغان، قوچقار بىلەن قوچقارنى ئۈسۈشتۈرگەن، خوراز بىلەن خورازنى چوقۇشتۇرغان سورۇنلاردا ھەممىدىن بەكرەك ھاياجانلىنىمەن. ئادەملەرنىڭ ئەقىل - پاراستىگە ئاپىرىن! بۇ ئۇلارنىڭ تەڭرىنىڭ ئادەم بىلەن ئادەمنى

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

سوقۇشتۇرغىنىنى ۋە قىرغىنچىلىقتا سالغىنىنى تەقلىد قىلغىنى بولسا، ھەقىقەتەن مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدۇ.

ئەتىگەندە بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەتنىڭ نۇرانە چېھرى كىشىگە دۇنيانى شۇقەدەر ئىللىق ھېس قىلدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى لىپمۇلىق مۇھەببەتنى رەت قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ئامالى يوق. چۈشتە ئاپتاپتا قارىدىغان، ھارغىنلىق ۋە مۇشەققەتتىن تارتىشىپ قالغان بۇ چىرايلارغا قارىغان كىشى كەچكىچە بىئارام بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇ چىرايلارغا كەچتە قارىماڭ، چاڭ ـ توزانلارغا مىلەنگەن، ھەتتا مۇھەببەت، نەپرەتنىمۇ بىلگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە رەڭسىزلىشىپ كەتكەن...... مېنىڭ بۇ ۋەيرانە باغنى كۈندە ئۈچ قېتىم ئايلانغۇدەك تاقىتىم يوق. دوستىغا سۆڭەك ساتىدىغان قاسساپمۇ ئۆز قولىدىكى پىچاقتىن قاتتىق ئەمەس. بۇ دۇنيا ئاياللار بولغاچقىلا گۈزەل دېگۈچىلەرمۇ بار، بۇ دۇنيا ئاياللار بولغاچقىلا يىرگىنچلىك دېگۈچىلەرمۇ بار. جاھاندىكى ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت سەۋەبلىك ئىمىش، ئاياللار تۈپەيلىدىن بۇ دۇنيا تىنچ بولماسمىش...... ۋاھالەنكى، تىنچلىق بەكمۇ زېرىكىشلىك ۋە زىلزىلىسىز، شۇ سەۋەبتىن ھەربىر ئەر كىشىنىڭ ئۆيىدە كەم دېگەندە بىر ئايال بولۇشى زۆرۈر.

مۇتلەق ھۆكۈملەرنىڭ ئۇلىنى كولاش بىلەنلا ھەپىلىشىدىغانلار ئالەمنى ھۆكۈمسىزلەشتۈرۈش يولىغا ماڭسا دانالىق قىلغان بولارمىكىن، دەيمەن. لېكىن كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ بىر ھۆكۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى يەنە بىر ھۆكۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇخلىغاندا چۈش كۆرۈشتىن باشقىسى قولىدىن كەلمەيدىغان كىشىلەرمۇ بار. ئىگىز ئىمارەتلەرمۇ، ئۇچقۇر ماشىنىلارمۇ، تۈتام ـ تۈتام پۇللارمۇ شېئىر يېزىۋاتقان شائىرنىڭ يادىدا يوق.

پادىشاھنىڭ مۆھۈرىنى تېپىۋالغان بىلەنمۇ، تاجىنى خورازدىن ئۆتنە ئالغىلى بولمايدۇ ـ دە. ياشاشقا ھېچبىر ئامال تاپالمىغان ئادەممۇ ئۆلگىچە ياشاشقا مەجبۇر.

بىر كىشى راست گەپ قىلماقچى، گېپىگە قىلچە يالغاننى ئارىلاشتۇرماسلىقى كېرەك بولسا، ئاۋۋال گۆرىنى كولاپ قويسۇن ياكى ئۆزىنى كوچىغا يالىڭاچ چىقتىم، دەپ ئويلىسۇن ـ دە، تاش ـ توقماقلارغا ھەرقاچان تەييار تۇرسۇن.

رېئاللىق بەكمۇ مەينەت ۋە پاسكىنا، ئادەملەر بەكمۇ رەزىل ۋە چاكىنا، ئىدىيە ـ ھەقىقەتلەر بەكمۇ ئۆزۈمچىل ۋە مۇتتەھەم...... شۇڭا تىل ئۇستىلىرى مەنسۇر ھەللاجىدىن، شاھ مەشرەپتىن، ھېچبولمىسا نەسرىدىن ئەپەندىدىن ئىبرەت ئالسۇن.

كوچىدا كېتىۋاتسام توساتتىن بىر كىشى ياقامدىن تۇتۇپ ئۇرۇپ كەتسە، بۇ كىشى بىلەن ئەزەلدىنلا ھېچقانداق ئۆچ ـ ئاداۋەت، ئېلىم ـ بېرىم ياكى تونۇشلۇق مۇناسىۋىتىممۇ بولمىسا، ئۇ كىشى مېنى ئۇرۇپ بولۇپلا قېچىپ كەتسە، ئۇنى قەيەردىن تاپىمەن؟ بۇ ئىنتىقامنى قانداق ئالىمەن؟ دادام ماڭا: «دەۋايىڭنى ئۆزۈڭ سورا» دېگەن. ئۇ يەنە: «باشتا قول سال، ئۇرالمىساڭ تاياق يەيسەن» دېگەن. بىراق ئۇ كىشى ئۇرۇپ بولۇپلا قېچىپ كەتتى، ئۇنى ھەتتا ھەر كۈنى بىر ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىپمۇ تونۇيالماسلىقىم مۇمكىن. ئېيتىڭلارچۇ، بۇ دەۋانى قانداق سوراي؟ مەنمۇ يولنىڭ ياقىسىدىن كېتىۋاتقان بىر مۆمىن كىشىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئۇرۇپ قېچىپ كەتسەم، ھەم مېنى ئۇرغان كىشى ئاشۇ دەپ ئويلىسام كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالغۇدەك، بۇ بىرسىنىڭ تايغىنى يەنە بىرسى يەيدىغان جاھاندا.

يەنە بىر گەپ بار، بۇ گەپ مېنى بىر ئاز ئارامسىزلاندۇرۇۋاتىدۇ، بۇ «ئاسماندا تەڭرى بار» دېگەن خەۋەر تارقالغاندىن كېيىنكى يەنە بىر يېڭى گەپ، ئۇ بولسىمۇ «2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ

كۆنى قىيامەت قايىم بولىدىكەن» دېگەن گەپ. دىنىي مەلۇماتى يۇقىرى ھەم سەزگۈر بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قىيامەتنىڭ بېشارەتلىرى ئاللىقاچان ئايان بولۇپ بوپتۇ. قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەچكە ھەم قاچان كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەڭرىدىن ئېنىق ۋەھىي چۈشمىگەچكە، بۇ گەپكە ئىشىنىشكىمۇ، ئىشەنمەسلىككىمۇ بولىدىكەن. ناۋادا بىرەر كىشىنىڭ چۈشىگە كىرىپ قالغان بولسا، تەڭرى مۆجىزىلەرنى بەندىلەرگە چۈش ئارقىلىق بىلدۈرىدىغان بولغاچقا، بۇ گەپكە بىر نېمە دەپ بولمايدىكەن.

ئەگەر «بۇ گەپ راست بولسا ئىلكىمدىكى ئىككى يىل ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك؟» دەپ ئويلىدىم مەن. «دوزاخقا كىرىپ قالماسلىق ئۈچۈن بارلىق ۋاقتىمنى ئەمەل ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەي...... لېكىن ئىككى يىلدىن كېيىن تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا بارىدىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن قىلغان مەقسەتلىك ئىبادىتىم قوبۇل بولارمۇ؟»، يەنە ئويلىدىم: «ئەمدى مال ـ دۇنيا توپلايمەن دەپ ئاۋارە بولۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق، ئىلكىمدىكى ئىككى يىلنى تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق بىلەن تېخىمۇ نادىر، ئۆلمەس شېئىرلارنى يېزىپ ئۆتكۈزەي...... بىراق ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ دۇنيادا بىرمۇ ئىنسان بولمايدىغان تۇرسا، ئۇ شېئىرلىرىمنى كىم ئوقۇيدۇ؟......» ئىنتايىن ئۈمىدسىز ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلسە، بۇ ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەسكەن، ئەڭ قورقۇنچلۇقى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئۆلۈم ۋاقتىنى بىلىش ئىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ تەڭرىنىڭ ئالدىغا قانداق بېرىش ھەققىدە كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم.

ھېچكىمگە بىلدۈرگىلى بولمايدىغان سىر يا مۇقەددەس قورغاندەك ئادەمنىڭ قەلبىنى نۇرغۇن پالاكەتلەردىن ساقلايدۇ،

ياكى ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل ۋىرۇسىدەك ئاستا ـ ئاستا هالاك قىلىدۇ. يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئېيتقاندا ھەرقانداق ئادەم ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەر...... قاتارلىق ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان مۇناسىۋەت چەمبىرىكى ئىچىدە ئۆز ئۆمرىنى تولۇق ياشاشقا ئامالسىز قالىدۇ. نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇلارنىڭ رايى بويىچە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تۈنۈگۈن بازار ئارىلاۋېتىپ ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قالدىم. قاش ـ كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى، كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ھەممىدىن بەك كۆزنى غەلەتلەپ، كۆڭۈلگە ئوت قويىدىغىنى يەنىلا يۇمران ۋە تولغان بەدىنى...... ئۇنى يالىڭاچ ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ قورقۇپ كەتتىم. گۈزەل ئاياللارنىڭ ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىغانىكەنمەن. ئۇنىڭ جورىسى ياكى لايىقى نەقەدەر بىچارە ۋە بەختسىزدۇ ـ ھە؟! دەپ ئويلىدىم. ئەرلەر ھامان گۈزەل ئاياللارنىڭ ئالدىدا ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىنى يوقىتىپ قويىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدەك ھەددىدىن زىيادە گۈزەل ئاياللار ئەرلەرنى تولىمۇ بەتبەشىرە، نىمجان قىلىپ قويىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بەلكىم مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ «خاتىرجەم ياشاي دېسەڭ، بەك چىرايلىق خوتۇن ئالما» دېگەن گەپنى قىلغان بولسا كېرەك. مەن ھازىرغىچە ئالاقە قىلغان ۋە قىلىپ كېلىۋاتقان ئاياللارنىڭ ئىچىدە گۈزەللەر قاتارىغا كىرىدىغانلىرى يوق دېيەرلىك، تۇيۇقسىزلا ئۆزۈمنىڭ ئاياللار ئالدىدىكى مەغرۇرلۇقۇم ۋە ئۈستۈنلۈكۈمنىڭ سىرىنى بايقىۋالدىم.

تا ھازىرغىچە ئەتىگەندە قۇياش كۆتۈرۈلگەندە ئوتقاشتەك قىزىرىدىغان شەرقىي ئۇپۇق بىلەن كەچتە قۇياش پاتقاندا يەنە ئوتقاشتەك قىزىرىدىغان غەربىي ئۇپۇقنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى ھەققىدىكى يەكۈننى چىقىرىپ بولالمىدىم. مېنىڭ بۇ يەكۈننى چىقىرالماسلىقىمنىڭ ئادەمنىڭ تۇغۇلۇۋاتقان ۋە ئۆلۈۋاتقان

ۋاقتىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقنى ئاڭقىرالمىغىنىم بىلەن مەلۇم مۇناسىۋەتتى بولۇشى مۇمكىن.

كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئىچىدە كۈلۈمسىرەش ئالاھىدە مۇھىم، كۈلۈمسىرەش كېرەككى، ھەرگىز كۈلمەسلىك كېرەك! كۈنسېرى ئېگىزلەۋاتقان بىنالار ۋە كۈنسېرى ۋىجىكلىشىپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە ھەيرانلىقىم ئاشماقتا. كۈلۈمسىرىيەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە دائىم زىيان تارتىمەن. بىر بولسا قەتئىي چىرايمەن، بىر بولسا ئىنتايىن بىچارە چىرايمەن. مېنى ئوغرى چىراي دېگۈچىلەرمۇ بار. قەددى - قامەت ۋە چىراي تۇرمۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. چىرايىم ئادەتتىكىچە بولغاچقا، چىرايلىق قىزلارغا يېقىنلىشىشقا پېتىنالمايمەن، تېنىم ئورۇق ۋە يەڭگىل بولغاچقا، باشقىلار بىلەن مۇشتلىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيمەن. كونىلارنىڭ «ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن (تارت)» دېگەن گېپى ھېچقاچان يادىمدىن چىقمايدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ قەددى - قامىتى ۋە چىرايىنىڭ قانداق بولۇشىنى تاللىيالمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئاشۇ قەددى - قامىتى ۋە چىرايىنىڭ مەھكۇملۇقىدا ئۆلگىچە ياشاشقا مەجبۇر.

ئىلگىرىكى چاغلاردا مۇنەججىملەر ۋە پالچىلار (بەلكىم ئىككىسى بىر گەپتۇ) نىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۇلتۇزى بولىدىكەن ۋە يۇلتۇزىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدىكەن ۋە ياكى شۇ ئادەمنىڭ مىجەزىگە ئاساسەن يۇلتۇز تۈركۈمى بەلگىلىنىدىكەن. ھېس قىلىشىمچە، مەن ئاقار يۇلتۇز تۈركۈمىگە مەنسۇپ. چۈنكى، مەندە ھېچقانداق نەرسە ئۇزاق تۇرمايدۇ، مەنمۇ ھېچقانداق نەرسىدە ئۇزاق تۇرمايمەن. چىرايىمدىكى سولغۇنلۇق، ھەرىكىتىمدىكى سۇسلۇق، ئىنكاسىمدىكى ئاستىلىق ۋە گەپ - سۆزلىرىمدىكى

ئىغىرلىقىقا قاراپ باشقىلار ئاسانلا ئادىشىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن ئىنتايىن ياۋاش، سۆرەلمە، ئاق كۆڭۈل، راستچىل، سەمىمىي ئادەم. بىراق مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ چاقىقانلىقى، يالغۇز قالغاندىكى يىرگىنىشلىك خىياللىرىم، پىنھانلاردىكى شاللاقلىقلىرىم ۋە نام ـ ئاتاق، يۈز ـ ئابرۇيىنى بىر ياقىقا قايرىپ قويۇپ ئۆزۈم خالىغان سەنەمگە دەسسەشلىرىمنى ئۇلار ئەسلا بىلمەيدۇ، بىلىشكىمۇ قادىر ئەمەس! ئۇلار چىرايدىن ئىبارەت نىقاب ئاستىدىكى ھەقىقىي مېنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ. ئۆزىنىڭ خاتا تۇيغۇسى بىلەن مېنى داۋاملىق ھۆرمەتلەپ ياكى كەمسىتىپ، ئېھتىيات قىلىشنى ئۇنتۇپ نادانلارچە ياشاپ ئاخىر بىر كۈنى بۇرنىغا يېگەندە توختايدۇ.

ئېكولوگىيەنى قوغداش چاقىرىقى ئاستىدا كۆپلەپ قۇرۇلۇۋاتقان ئېگىز تۇرخۇنلۇق زاۋۇتلار، قېپى ئۈستىگە «تاماكا چېكىش ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق» دېگەن خەتنى يېزىش ئارقىلىق بازىرىنى چاپ ـ چاپ قىلىۋاتقان تاماكىلار بىزنى قىلچە ھەيران قالدۇرالمايدۇ. بىر ئىش ئادەملەرگە ئاسانلىقچە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ كەتتى. كۈپكۈندۈزدە، قاق رەستىدىلا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى ئۆرۈۋاتقان بولسا، «نېمە بوپتۇ، ئادەم دېگەننى ئادەم ئۆرىدۇ» دېيىشىدۇ. ئاخشاملا تىرىك يۈرگەن قوشنىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىسا «ئادەم دېگەن بۇ دۇنياغا ئۆلۈش ئۈچۈن كېلىدۇ، ئۇ ئىلگىرىرەك كەتتى شۇ......» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشنى توغرا چۈشىنىشۈيلىشى ئادەمنى بىزار قىلىدۇ.

راھەت ـ پاراغەت ئادەمنىڭ روھىنى خۇددى پارازىت قۇرتتەك يەپ تۈگىتىدۇ. ھەرقانداق ئادەم، بولۇپمۇ شائىرلار ئۈچۈن ئازاب ئىنتايىن مۇھىم. شائىر ئازابلىنىدىغان شارائىت ۋە مۇھىتنى ئۆزى بەرپا قىلىشى كېرەك. جاھاننىڭ تەڭسىزلىكىدىن ئاغرىنىسىمۇ بولىدۇ، تەقدىرنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئاغرىنىسىمۇ

بولـدۇ، مۇھەببەتنىـڭ رەسۋالىقىـدىن ئاغـرىنىشـىمۇ بولـدۇ......
ئازابلانماقچى بولغان شائىرغا ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب تەييار. ئاندىن ئۇ ئەسەبىي تىللارنى ياغدۇرسا، ئالەمگە ئارقىسىنى قىلسا، مەشۇقىنىڭ باياۋان پۇتلىرىغا باش قويۇپ كۈندە مىڭ رەت جان بەرسە بولىدۇ.

بۇ كوچىدا غازاڭدىن ئۈركۈپ قېچىپ يۈرگەنلەرمۇ، تۆشۈك تامنى كۆزلەپ قۇچقاچلارنى ئۈركۈتۈپ يۈرگەنلەرمۇ بار...... مەقسىتىم تىللاش ئەمەس، بىراق يېتەرلىك پۇلۇمنىڭ بولماسلىقى مېنى ئۆيۈمدە بىرەر ئاخشاممۇ خاتىرجەم ئولتۇرغۇزمايدۇ. راستىمنى ئېيتسام پۇل كۆزۈمگە ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمەنكى، پۇلنىڭ كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنۈشى ھەرگىزمۇ رەڭگىنىڭ قىزىل بولغانلىقى ياكى ئۇنىڭدا ماۋجۇشىنىڭ رەسىمى بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. گۇگۇم بىلەن يولدا كېتىۋاتسام، يولنىڭ بويىدىن تومپىيىپ تۇرغان بىر قارا سومكا ئۇچرىسا، سومكىنى ئېلىپ ئۆيۈمگە بارسام ۋە ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى چىڭ تاقىۋېتىپ، سومكىنىڭ ئاغزىنى ھاياجاندىن تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن مىڭ تەستە ئاچسام، ئاھ خۇدا!...... سومكىدىن بىر تۇتام قۇرۇق ھۆججەت چىقسا...... مەن بۇنداق ئازابنى كۆتۈرەلمەيمەن. بۇنداق چاغدا ھەرقانداق كىشىنىڭ تەقدىردىن ئاز ـ تولا نارازى بولۇشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭلاشقا ماڭا ھازىرغىچە بىر سومكا ئەمەس، بىرەر ھەميانمۇ ئۇچرىمىدى.

دەرەخلەرنىڭ سالام ـ سائىتىنى ئېلىك ئالىدىغانلار يوق دېيەرلىك، لېكىن قەبرىستانلىقنىڭ سۈكۈناتىنى ھەممە ئادەم ئېلىك ئالىدۇ. ئۆزۈمدە بىر يوشۇرۇن كېسەل باردەكلا ھېس قىلىمەن، شۇ سەۋەبتىن دوختۇرخانىلاردا تەكشۈرتۈشتىن قېچىپ يۈردۈم. راستىنى ئېيتقاندا، مەن ئۆزۈمگە مەسئۇلىيەتچان ئەمەس. «ئۆزىنى بىلىش ـــ بارلىق بىلىشلەرنىڭ ئاساسى» دەپ

يۈرگىنىم بىلەن هازىرغىچە قان تېپىمنىڭ قانداق ئىكەنلىكى، قان بېسىمىمنىڭ قانچە ئىكەنلىكى ماڭا نامەلۇم. بوي ئېگىزلىكىم ۋە ئېغىرلىقىم ھەققىدىمۇ ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيمەن. چوڭ شەھەردىكى بىر دوستۇم ھېيتلىق كىيىم ئەۋەتمەكچى بولۇپ «قانچىنچى چاپان كىيىسەن؟» دەپ سورىغاندا، «ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ مىنى، يېقىن ئاغىنەم تۇرۇپ شۇنىمۇ سورامسەن؟» دەپ ئاغزىنى تۇۋاقلىدىم. ھېس قىلىشىمچە، دوستۇم دوستىنى تۇزۇك بىلمەيدىغانلىقىدىن ئازابلاندى ۋە دوستىغا نىسبەتەن ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچان بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندى.

يېقىندا بىر خىزمەتدىشىم ئۆلۈۋالدى. ئادەتتە ئۇ ئىنتايىن پۇزۇر ياسىنىپ يۈرەتتى، كەسپىتە ئاجايىپ ئىقتىدارى بولغاچقا، يۇقىرى - تۆۋەننىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر ئىدى. بىراق ئۇ ئۆلۈۋالدى. ئۇ سايغا بېرىپ كۆپ مىقداردا زەھەر ئىچتى ۋە ئىچ - باغرىنىڭ ئۆرتىنىشىگە چىدىيالماي كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى. نەچچە ئون مېتىر دائىرىدە ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئەسەبىيلەرچە يۈگۈردى. ئۇنىڭ ئازابقا چىدىيالماي نالە قىلىپ ۋارقىراشلىرى، بەدەنلىرىنى مورلاشلىرى، كانىيىنى بوغۇشلىرى، لەۋلىرىنى چىشلەشلىرى ئادەمسىز سايدىكى شاماللارغا ئويۇن بولدى. ئۇ ئۆلۈمنىڭ ۋاقتىنى ئۆزاققا سوزدى، ئاستا - ئاستا ئۆلۈش ئارقىلىق ئۇ نېمىنى كۆزلىگەندۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈۋاتقان چاغدىكى تەسىراتلىرىنى بىز ئۆلگىچە ھېس قىلالمايمىز. ئۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بىزنىڭ ھېچقانداق ئامالىمىز يوق. چۈنكى، بىر كىشىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە چىقارغان ھۆكمى نە قانۇنكى، ھەتتا پادىشاھلارنىڭ ھۆكمىدىنمۇ قۇدرەتلىكتۇر. دېمەك، ئۇ ئۆلدى! بىر ئادەم ئۆلمەكچى بولسا ئالدىنى توسۇپ،

ئۇنىڭ ئۆلۈشتىن ئىبارەت مۇقەددەس يۈزلىنىشىگە كاشىلا بولۇشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق. ئۇ ئۆلمەكچى بولغانىكەن، چوقۇم ئۆزىدە ئۆلۈشكە تېگىشلىك بارلىق شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاپ بولغان. تىرىك بولغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق زەخمەت چېكىپ، ئۆلۈم ئارقىلىق خاتىرجەملىككە ئېرىشمەكچى بولغان بىر ئىنساننى يەنە ياشاپ داۋاملىق زەخمەت چېكىشكە مەجبۇرلىغۇدەك ئۇنچىۋالا باغرى تاشلاردىن ئەمەسمىز. ئەجەبا، ئۆلۈش شەخسنىڭ ئىشى ئەمەسمىدۇ؟ ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن يىغلاپ قالغان ئاتا ـ ئانىسى، قاخشاپ قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بولۇشۇپ نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئەيىبلىدى......

ناھايىتى ئىلگىرىكى زامانلاردا مەن يوق ئىدىم، ناھايىتى كېيىنكى زامانلاردىمۇ مەن يوق. شۇڭلاشقا مەن ئۆزۈم ياشاۋاتقان زامان توغرۇلۇق سۆزلەۋاتىمەن. دۆلەت باشلىقىنىڭ كىم بولۇشى مېنىڭ شەخسىي تۇرمۇشۇمغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. سىياسىيغا قىزىقمىغانلىقىم ئۈچۈن بېشىمدا قارا بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرمەيدۇ.

بارلىق پەنلەر ئىچىدە ئەدەبىياتقا ئەڭ قىزىقىمەن. ئاقنى ئاق دېيىش ئۈچۈن كۆك، سېرىق، قىزىل، بىنەپشە، سۆسۈن...... قاتارلىق تالاي رەڭلەرنىڭ قاراڭغۇ كوچىلىرىدا ناھايىتى ئۇزاق ماڭساممۇ، ئەدەبىياتنىڭ ماڭا ئاقنىڭ ئۆزىنىڭ ئاقلىقتىن بۈيۈك مەنزىلىگە يەتكۈزىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن! سىمۋوللاشتۇرۇشتىن جاق تويدۇم، بىراق كوچىغا يالىڭاچ چىققىلى بولمىغاچقا، ئۇستۇمدە نىپىز بىر قەۋەت ئىچ كىيىمنى قالدۇردۇم......

دوستلار، خۇشال ئۆلۈڭلار! دەپ توۋلىغۇم كېلىۋاتىدۇ. شېئىرنىڭ ئادەمنى ئازغۇنلۇق چۆلىگە باشلاپ قويۇپ غايىب بولىدىغانلىقىنى پاش قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. يازغۇچى ـ شائىرلىقنىڭ ئۇنچىۋالا ۋاي دەپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەسلىكىنى،

ھەممىمىزنىڭ گەپدانلىق قىلىپ جان بېقىۋاتقانلىقىمىزنى، قايسىمىزنىڭ ئۇنلۇك ۋە غەلىتىرەك گەپ قىلساق «مەشھۇر» ئاتىلىپ ھۆرمەت تۆرىگە ئۆتىدىغانلىقىمىزنى دەپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئۆتمۈشنى سۆرەپ چىققانلارنىڭ مۆھتەرەم بولۇپ، كېلەچەككە يۈگۈرگەنلەرنىڭ «ساراڭ» ئاتىلىدىغانلىقىنى دەپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. دەپ قويۇشقا تېگىشلىك گەپلەر ناھايىتى كۆپ، بىراق شېئىر يازمىسا چىدىيالمايدىغان بىر نەچچە كىشىگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

يېقىندىن بېرى ئۆلۈكلەر توغرىسىدا تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئەزەلدىن تىلەمچىلەرگە بىرنەرسە بەرمەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ باغرىمنىڭ خېلىلا قاتتىقلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەجەبا، مەن مېھرىبانلىقنى تەكىتلەيتتىمغۇ؟! ئۆزى ھەققىدە خىيال قىلىش خەتەرلىك ئىكەن، بىلىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى بىلىپ ئازابلىنىپ يۈرگەننىڭ بەلكىم زىيىنى يوقتۇ!......

تاغلار ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن، دەريالار دىلبەرنىڭ يوتىسىدەك ئاپئاق لىغىرلاپ ئېقىۋاتقان، گۈللەر زوق - شوق بىلەن ئېچىلىۋاتقان، قۇشلار بەس - بەستە سايرىشىۋاتقان، سۇتتەك ئايدىڭدا كۈمۈش تەڭگىدەك جۇلالىنىپ شىرىقلىشىۋاتقانلار يوپۇرماقلار...... بۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرمىگىلى ناھايىتى ئۇزاق بولدى. قۇياش بارمۇ - يوق؟ ئاسمانغا قارىمىغىلىمۇ بىرنەچچە كۈن بوپتۇ.

گۈگۈم چۈشكەندە ئىنتايىن ئورۇق بىر جىن ماندار بېسىپ كەتكەن قۇيۇق جىگدىلىكنىڭ ئارقىسىدىن غىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى. لىققىدە ئادەم قاچىلانغان بىر پويىز رېلىستىن چىقىپ كەتتى. ئۆلگەنلەر ئۆلدى، ئۆلمىگەنلەر ئۆلۈۋاتىدۇ. بالىلىقتىكى تامنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ كىنو كۆرۈشلەر كەلمەسكە كەتتى. ئالەمنىڭ بولۇشى شۇ تۇرسا، نېمانچە ھەسرەت چېكىمەن، دەپ ئويلايمەن گاھىدا......

«ئەسەر» يېزىش ئۆيىدا ئەمەس، ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىمنى رەتلەپ قايتا كۆچۈرۈش جەريانىدا خاتىرەمنىڭ ئېشىپ قالغان بىرنەچچە بېتىنى ئاق قويماسلىق زۆرۈرىيىتى بىلەن بۇ يازما تېز سۈرئەتتە يېزىلدى. ئىقرارمەنكى، بۇ ھەرگىزمۇ ئەسەر ئەمەس. يازمىنى ئوقۇۋاتقانلارنىڭ خاتا تۈيغۇدا بولماسلىقىنى، كۆڭلىدە بۇ يازمىنىڭ «ئەسەر» ئەمەسلىكى ھەققىدە ئېنىق سان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ماڭا ئايان، ئۇلارنىڭ «ئەسەر»گە قويغان تەلىپى ئىنتايىن يۇقىرى، مەن تەلەپكە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن زورۇقۇپ چاقماقتەك تېز ۋە دەقىقىدىكى مەڭگۈلۈك تۈيغۇلىرىمنى بوغۇپ قويۇشنى خالىمىدىم. يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىشىم مۇمكىن ئىدى، بىراق خاتىرەمنىڭ ئاق بەتلىرى تۈگەپ قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە تاسادىپىي يەنە مۇشۇنداق ئاق بەتلەرنى ئۇچراتسام، ۋەدە بېرىمەنكى، تېخىمۇ قىزىقارلىق، تېخىمۇ رەڭدار گەپلەرنى قىلىپ بېرىمەن. بۇ گەپلەر سىلەرنىڭ «ئەسەر»لەردىن تالجىقىپ كەتكەن كاللاڭلارغا بىر ئاز راھەت بېغىشلىسا ئەجەب ئەمەس!

2010 ـ يىلى 4 ـ فېۋرال، خوتەن

# مېنى شائىر دېدىلەر

خوتەندە مەندىن ئۆتە شائىر يوق دېگىنىم يوق. ئىككى ئادەم بار يەردە سۆزلەپ يۈرگەن بولساممۇ، سۆزلىگەنلىرىم ئاساسەن يوق گەپلەر. ياشاۋاتقانلىقىمغا شەكسىز ئىشىنىمەن، ياخشى ياشاش مەن ئۈچۈن شېئىر يېزىشتىن ياخشى ئەمەس، ياخشى ئۆلەي دېمىسەم شېئىر يېزىپ ئۆزۈمنى قىيناپ نېمە قىلاتتىم؟ قىينالمىغان ئۆلۈمنى قانداقمۇ ياخشى ئۆلۈم دېگىلى بولسۇن؟! يالغاچ جەندەمنى سىلىقۋەتمەيمەن، بەربىر كىشىلەر مېنى تونۇۋالىدۇ. ئارقامدا يول قالمىغاچقا، قايتىشقا تەرەددۇتلىنىمەن، قەبرەم ئالدىمدا بولغاچقا، سەپەرنى توختاتمايمەن. شاراب تۈگمەيدۇ، ئايال ئاخىرلاشمايدۇ، مەستلىك ۋايىغا يەتمەيدۇ، يالىڭاچلىقنىڭ چېكى يوق...... بىكار قالسام ئۆيگە تۈتۈلىمەن، ئۆيلاش خەتەرلىك، تەڭرىگە نۇقسان يېتىدۇ.

مېنى شائىر دېگۈچىلەرمۇ، ئۇنداق دېمىگۈچىلەرمۇ بار. شائىر دېگۈچىلەر مەندە ياشاپ باققان بولسا، ئۇنداق دېمىگەن بولاتتى؛ دېمىگۈچىلەر ئۆزىدە ياشاپ باقسا چوقۇم شۇنداق دەيتتى. مەن ھەر ئىككىسىدىن رازى، دېگۈچىلەردىن خۇرسەنمەن، دېمىگۈچىلەرگە ھەشقاللا...... ئۇتتۇز ئىككى ھەرپ بولمىغان بولسا قانداق قىلار ئىدىم؟ دەپ ئويلايمەن گاھىدا، بەلكىم ئىچىمدىكىلەر تېشىمغا باشقىچە قەبىھ ۋە رەسۋا ھالەتتە چىقار بولغىيتتى. مېنى تەرتىپكە سالغان تىلغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمەن. لېكىن قەلبىمنى پايانىغا تاشلىيالماي ئاۋارىمەن.

www.uyghurkitap

شەھەر كوچىلىرىدا ماڭغاندا يول چىرىغىغا بويسۇنۇش كېرەك، بۇ كۆتۈلمىگەن خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قىزىل چىراغنى بۆسۈپ ئۆتكەن مەردانىلەرگە قول قويىمەن، ئالدىرىغاندا ئۆلۈش قانچىلىك ئىشتى؟ ئۆلىدىغان ئىشقۇ شۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق نېمىش بولماقچى ئىدى؟ كوچىدا، سېمونت يول ئۈستىدە پۇت ـ قوللىرىڭنى ئەركىن ـ ئازادە سوزۇپ ياتىسەن، بېشىڭ يېرىلىدۇ، قېنىڭ قىزىلگۈلدەك ئېچىلىدۇ، مېڭەڭنىڭ قېتىقى تېخىمۇ ئاق......

— كىمنىڭ بالىسىدۇ بۇ؟ — دەيدۇ كىمدۇر بىرى.

— بۇنچە ئالدىراش نەگە ماڭغان بولغىيتى؟ — دەيدۇ يەنە بىرى.

ئەتراپىغا توپلاشقان كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن غۇلغۇلا قىلىشىدۇ:

— بېشى باش ئىكەن......

— چېچى چاچ ئىكەن......

— قولى قول ئىكەن......

— پۇتى پۇت ئىكەن......

— بۆرۈتى ئەجەب چىرايلىق ئىكەن......

— ئىشتىنىنى سالدۇرۇۋېتەيلى......

— كىملىكىنى ئىنىقلاش ئۈچۈن ئىسپات بولغۇدەك بىر نەرسە بارمۇ ـ يوق، قاراپ باقايلى، — بىر يانچۇقچى شۇنداق دەپ سېنىڭ كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇشقا قىيمىغان بىر كوي پۇلۇڭنى ئوغرىلاش ئۈچۈن يانچۇقۇڭغا قول سالىدۇ. سەن تارىشىدەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىڭ بىلەن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قاماللاپ تۇتۇۋالىسەن، بىراق ئوغرى قولىنى تېزلا تارتىۋېلىپ قاچىدۇ، بەربىر تىرىك ئادەم ـ دە، ئۇ. سەنمۇ تۇيۇقسىز ئورنىڭدىن چاچراپ تۇرىسەن ـ دە، كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئوغرىنىڭ كەينىدىن قوغلايسەن. دەل شۇ چاغدا

ماشىنىسىنى ئەنسىز چىرقىرىتىپ قاتناش ساقچىسى كېلىدۇ. سەن رېئاللىقىڭدا ئېھتىياتچان ۋە قورقۇنچاق بولغاچقا، مۇتلەق كۆپ سانلىق تىرىك كىشىلەرنىڭ گۇناھكار ياكى گۇناھسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ساقچىدىن قورقىدىغان ئادىتى بويىچە ئارقاڭغا قاراپ ـ قاراپ تېخىمۇ تېز يۈگۈرىسەن. ئوغرىمۇ قېچىشنى تېزلىتىدۇ. ئاھ، خۇدا! بۇ يەردىكى ئەڭ شور پېشانە ئادەم يەنىلا سەن، چۈنكى سەن ھەم قاچىسەن، ھەم قوغلايسەن. ئۇ بىر كوي پۇل سەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى سەن ئاشۇ بىر كوي پۇلنى تېجەپ قالىمەن دەپ ئۆلۈدۈڭ ئەمەسمۇ؟ ئوغرىنى تۇتۇپ، بىر كوي پۇلۇڭنى چوقۇم قولغا چۈشۈرۈشۈڭ كېرەك. لېكىن ساقچىغا تۇتۇلۇپ قالساڭمۇ بولمايدۇ، چۈنكى سېنىڭ ئۆلگەن تۇرۇقلۇق يەنە قېچىشىڭ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ، كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەت. قېچىپ نەگە بارارسەن؟ قەبرىدىن باشقا ماكان بارمۇ؟ لېكىن ساڭا كىرىپ ياتقۇدەك بىكار گۆرنىڭ بولۇشىمۇ ناتايىن. بارىدىغان يېرىڭ يوق، قېچىشقا مەجبۇرسەن، توختىماي قاچىسەن. ئوغرى ئالدىڭدا قاچىدۇ. قېچىش ۋە قوغلاشلىرىڭ ئارىلىشىپ سېنى چۈشىنىكسىز قىلىۋېتىدۇ. «بىر ئۆلۈك قېچىپ كەتتى» دېگەن خەۋەر پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىدۇ. تاملارغا، ئىستولبىلارغا تۇتۇش بۇيرۇقى چاپلىنىدۇ. قەبرىستانلىقتىكى ئۆلۈكلەرگىمۇ ۋەسۋەسە چۈشىدۇ، ئۇلارمۇ قېچىشقا باشلايدۇ، گۆرلەر تېخىمۇ چوڭقۇر كولىنىدۇ، لېكىن كار قىلمايدۇ، قەبرىستانلىقتا بىرمۇ جەسەت قالمايدۇ. بۇ ئىشتىن تەڭرى غەزەپكە كېلىدۇ، سېنى باش جىنايەتچى دەپ قاراپ، ئەرش لەشكەرلىرىنى سېنى تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئىككى دۇنيا ئارىسىدا قېچىشقا باشلايسەن، بەلكىم قىيامەتكىچە قاچارسەن. بىر كوي پۇلنىڭ ھەسرىتىنى چېكىپ سەن قاچقاچ تۇر. گەپنى بۇياققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

تارتساق، بۇ شېئىرلاردىكى ئادەتتىكى بىر ۋەقە.

ئېشىكىمنى بۇياقتا تارتقىنىمنى كەچۈرۈڭلار، ــــ دېگەنىكەن نەسرىدىن ئەپەندى، ــــ ئۇ ياقتا ئېشەكلەر بار ئىكەن...... بۇ گەپ زاماندىن زامانغا قالىدىغان كاتتا گەپ. بەلكىم ئەينى چاغدا نەسرىدىن ئەپەندى بۇ گەپنى دېمىگەن بولۇشى مۇمكىن، كارايىتى چاغلىق، بۈگۈن بولسىمۇ دېدى ئاخىر......

مېنىڭ گۈزەل ئۆتمۈشۈم يوق، گۈزەل ئىستىقبالىممۇ يوق. مېنىڭ پەقەت بۈگۈنۈملا بار، ئۆلۈپ كەتمىسەملا، ھەر كۈنى بۈگۈنۈم بولىدۇ. ئىشەنچ بىلەن «بۈگۈن ھاياتمەن» دېيەلەيمەن. مەن ھايات بولغاچقا، ئۆلۈممىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمەن، ئۆلگەندە بۇ ئىشلار قولۇمدىن كېلەمدۇ ـ يوق، بىلمەيمەن. مېنى يالغان سۆزلەشكە قىستىماڭلار، بار نەرسىلەرنىڭ يوقلۇقىنى غۇۋالاشتۇرالمايمەن، يوق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىيالمايمەن. بارنى يوققا تەڭ قىلالمايمەن، يوقنى بارغا چاپلىيالمايمەن. توختاپ قالسام بولمايدۇ، ئۆي ئويلىسام تەڭرىگە نۇقسان يېتىدۇ. ئويلىمىسام بولمايدۇ، شېئىر يازمىسام چىدىيالمايمەن. شېئىر دېگەن جالاپ، ئادەمنى رەسۋا قىلىدۇ. جالاپ بىلەن بىللە بولغاندا ئەلنىڭ كۆزىدىن پىنھان بولغۇلۇق، لېكىن رەسۋالىقىمنى ئەل ئارىسىغا تارقىتىپ غۇرۇرلانغىنىم نېمىسى؟...... ئۇنىڭ قەلبىمنى ئىگىلىۋېلىشى بارلىق ئاياللاردىن يامان. كىيىملىرىنى سالدى، بەدىنى يوق. ماڭا ياتتى، قايتا ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم...... ئۇ ماڭا نان يېمىسەڭمۇ بولىدۇ، دېدى. كىيىم كىيمىسەڭمۇ بولىدۇ، دېدى. ياشىمىساڭمۇ بولىدۇ، دېدى. بولغىنىڭ شۇ، بولدۇرما؛ تولغىنىڭ شۇ، تولدۇرما دېدى. ئۇ ماڭا ئەينەككە قارىما، كۆرگىنىڭ سەن ئەمەس، دېدى. ئۇ ماڭا زېمىنىمنى تارتىۋېلىش بەدىلىگە ئاسماننىڭ ھەممىسىنى بەرمەكچى بولدى. بۇ دۇنياغا ئارقاڭنى قىل، ئۇ دۇنياغا كۆزۈڭنى

يۇم، دېدى. ئۇ يەنە سەندە سەن تۇرمىسۇن، ھېچكىم بولمىسۇن، دېدى. ئۇنىڭ دېيىشلىرى ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ جالاپ بىلەن قوچاقلىشىپ تۇرغىنىمدا مېنى ئەدەپكە ئۇندىمەڭلار، بىكار ئاۋارە بولىسىلەر.

بىر مەھبۇس بار، ئۇ مەن. يىگىرمە يىلدىن بېرى قەلبىمدىكى سولاقخانىدا سوراقچىنى كۈتۈپ ياتىمەن. ئۇنىڭ سوراقچىنى كۈتۈشى گويا ئۈمىدۋار ئاشىقنىڭ مەشۇقىنى كۈتۈشىگە ئوخشايدۇ. مەھبۇس دائىم گۇناھىنىڭ نېمىلىكىنى ئويلايدۇ، بىراق تاپالمايدۇ. ئاشىق ئۈمىد بىلەن كۈتكەنچە مەشۇقى كەلمىگەندەك سوراقچىمۇ كەلمەيدۇ. مەھبۇس ئۆزىدە كەچۈرگۈسىز جىنايەتنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ سوراقچىنىڭ ھامان كېلىشىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشىدۇ ياكى ئۆزىنىڭ 20 يىللاپ سولاقخانىدا ياتقىنىغا كۆڭلى تىنىدۇ، رازىمەنلىك ھېس قىلىدۇ. يالغۇزلۇقۇمنى نەچچە مىڭ ئايالغا تېگىشمەيمەن، دېسەم ھەيران قالماڭلار. مېنى يالغۇزلۇقتىن تارتىپ چىقىرىشقا ئۇرۇنماڭلار. مېنى شېئىردىن ئايرىۋېتەلمەيسىلەر، بۇ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ.

ئادەملەر تۈركۈملەپ ئۆلۈۋاتسا، كۆزۈمدىن بىر تامچىمۇ ياش ئاققۇزمىسام، مېنى شائىر دېدىلەر. ئارقامغا كېتىۋېتىپ ئالدىمغا قارىمىسام، مېنى شائىر دېدىلەر. بىر كىشىدە ھېچ كىشى يوق، ھېچ كىشىدە مىڭ كىشى بار دەپ جار سالسام، مېنى شائىر دېدىلەر. كېچىلىرى پۈتۈن يېتىپ، سەھەرلىرى پۈتۈن قوپسام، مېنى شائىر دېدىلەر. ئەتىگەندە يۈزۈمنى يۇماي ناشتا قىلسام، مېنى شائىر دېدىلەر...... چۈشكىچە ئۇخلاپ پادىشاھ بولغان بارمۇ؟ مەندەك قانمايدىغان بەڭگىنى موردىن تاشلاڭلار، مەن كېتىپ قېلىشىمدىن ئىلگىرى خالىغانچە ئۆلتۈرۈڭلار. ئوتتىن چىقىپ سۇغا كىرگۈچە يامغۇر ياغدۇرماڭلار. تۆۋرۈككە

مىخلىمىساڭلار ئىسمىم تۇرمايدۇ، كۆيدۇرمىسەڭلار قەلبىم ئۇنىمايدۇ. ناخشا، سازلارنى توختاتماڭلار، دۇتارنى ياردىن ئايرىماڭلار. بەكمۇ رەھىمدىل خەلقسىلەر، ئۆلتۈرمەيسىلەر، تىرىك قويمايسىلەر......

كوچىلاردىن بىر سۆز ـ بىر سۆزدىن تېرىپ يۈرمەيمەن، ئۆزى كەلسە ئىشكىمنى چەكسۇن! ئىشىك ـ ئىشىكلەرگە دوقۇرۇپ ئۆزۈمنى تىلەپ يۈرمەيمەن، خۇرجۇنۇمدا ھەر ئىككى دۇنيا بار...... ھەربىر كىچەمنى ئايالغا تەسەددۇق قىلىمەن. ئۇنىڭ شېرىنلىكى بولمىسا، شېئىرنىڭ قىيىنلىقىنى سەزمەيمەن.

شېئىر ئاسماندا بولسا كېرەك، نۇر بولۇپ چېچىلسا كېرەك، زۇلمەت بولۇپ يېيىلسا كېرەك. شېئىر تۇپراقتا بولسا كېرەك، گىياھ بولۇپ ئۈنسە كېرەك، قەبرە بولۇپ مېنى ئۆز قوينىغا چىللىسا كېرەك. شېئىر نان بولمىسا، ئۇنى مەززە قىلىپ يېمەس ئىدىم. شېئىر يوتقان بولمىسا، يالىڭاچ تېنىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرارمىدىم؟ شېئىر ۋەتەنپەرۋەر بولمىغاچقا، ئۇرۇش قوزغىمايدۇ، قان تۆكمەيدۇ، بەلكى ئۆلۈۋاتقان ئادەملەر ۋە تۆكۈلۈۋاتقان قانلارغا قاراپ گۈزەل مىسرالارغا غەرق بولىدۇ...... شائىر بولغاندا ئايالنى سۆيمەڭلار، شائىرنىڭ مەشۇقى يوق، يوق بولغاچقا ئىنتىلدۇرىدۇ، تەلپۈندۈرىدۇ......

يۈرىكىڭلارنى ئېلىپ داستىخانغا تاشلاڭلار، ئەنجۈمەننى باشلايمىز. چېچىڭلارنى رەتلىك تاراڭلار، سۆزلەر ئارا ئايالار بار. مەن ھېچكىمدۇرمەن، سەن ئۆزۈڭ كىمسەن؟ دەپ سورايلى. سۆزلەرنى مەنىدىن قۇرۇقدايلى، مىسرالارنى رىتىمدىن چىقىرايلى، كۈپلىتلارنى قاپىيەدىن ئازاد قىلايلى، كۆرۈنمەس ئارغامچىدا كېتىۋاتقان ئۇ ساختىپەز دارۋازنى موللاق ئاتقۇزايلى. قاپقاراڭغۇ سۆز زىندانلىرىدىن، ئىشىك ـ تۈڭلۈكسىز مەنە ئايۋانلاردىن، پەلسەپەدىكى تىرىك جەسەتلەرنىڭ قۇرۇپ كەتكەن

كۆزىدىن، لوگىكىدىكى ھېچكىم بايقىمىغان چىقىش ئېغىزىدىن شېئىرنى ئوغرىلاپ چىقايلى. ھېچبىر مەقسىتىمىز يوق بولغاچقا، يەتمەكچى بولغان ئاخىرقى نىشانىمىزنىڭمۇ يوق ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئېيتايلى. بىز ھېچقانداق ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرمىگۈچىلەرمىز، بىزدە ئەزەلدىن ھېچقانداق سۇلھى بولغان ئەمەس. بىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى ئېخىمۇ قاراڭغۇلۇقمىز، بىز يورۇقلۇق ئىچىدىكى ئېخىمۇ يورۇقلۇقمىز، بىز شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدىكى ئېخىمۇ شاۋقۇن - سۈرەنمىز، بىز جىمجىتلىق ئىچىدىكى ئېخىمۇ جىمجىتلىقمىز، بىز ئاددەملەر ئىچىدىكى ئېخىمۇ ئاددەممىز. بىز ھېچقانداق كىشى تەرىپىدىن سېزىلمىگۈچىلەرمىز، ھېچكىمنىڭ بىزنى قوبۇل قىلىشقا ئامالى يوق، رەت قىلىشقا ھەم ھېچكىم ئامالسىز. دوستلار، خۇشال ئۆلەيلى! قايغۇ تەلەتمىزنى كىتابلارغا چاپلايلى، كۆرمەيدىغان چۈشلىرىمىزنى ئۇخلىمايلى، كۆرىدىغان چۈشلەرگە ياتايلى. بىز باشلانمىغان، ئەبەدىي ئاخىرلاشمايمىز. بىز كونا كىتابلاردىكى ئۇرۇش - قىرغىنچىلىقلارنى قانات يايدۇرمايمىز، يېڭى كىتابلاردىكى ئاياللارنى رەت قىلمايمىز. بىز ھېچكىمگە ئوخشايمىز، بىز سانسىز ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا ئېخىمۇ ناتونۇشمىز. بىز يازغان شېئىرلىرىمىزغا ئەمەل قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، قىلىۋاتقان سۆزلىرىمىز تۈگىگەندىن كېيىن شۇ ھامان ئۇنى رەت قىلغۇچىلارمىز...... مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى ئېلەشتۈرسەم، ئۇلار مېنى شائىر دېدىلەر.

يۈز يىلدىن كېيىن شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ ئولتۇرغان ئەي نازىنىن، سېنى زوق - ھاياجانغا سالغان بۇ شېئىرلارنىڭ مۇئەللىپى پۈتۈن ئۆمرىنى سېنىڭ غايىۋى مۇھەببىتىڭگە ئاتىغان ئىدى، سېنى يازغىلى بولمايدىغان شېئىر دېگەن ئىدى. ئەجەبا، سېنىڭ تۇغۇلۇپ، بۇ شېئىرلارنى ئوقۇغىنىڭ نېمىسى؟

يۈز يىلدىن كېيىن شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ ئولتۇرغان ئەي جاناب، قولۇڭدىكى كىتابنى تاشلىۋەت، بۇ كىتاب لىپمۇلىق شېئىر بىلەن تولغان، شېئىر بىلەن تولغۇچە قان ـ يىرىڭ بىلەن تولسىچۇ، كاشكى......

يۈز يىلدىن كېيىنمۇ شېئىر بولسا، ئۇ ـ مېنىڭ شېئىرلىرىم. چۈنكى، مېنىڭ شېئىرلىرىمنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق. شېئىرلىرىمنى شېئىر دېمەڭلار، بىراق بولما دېگەنسىرى شۇنچە دەھشەت بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىلەر؟ يۈز يىلدىن كېيىن قەبرەمنى بىرنەچچە يۇلتۇزلا بىلىدۇ، مېنى سېغىنغانلار ئاسمانغا قاراپ ماڭسۇن.

2010 ـ يىلى 18 ـ ماي، خوتەن



# ئەسلمە

# ئۇنىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەس ئىككى ئىشى

— ئاتاقلىق خەلق شائىرى روزى سايىت ئەسلىمىلىرىدىن

دەۋر قەھرىمانىنى ياراتتى. ئۇ دەۋرنىڭ قەھرىمانى، زامانلار ئۇنى بارغانسېرى نۇرلاندۇرۇپ چاقنىتىدۇ ياكى تىنىمسىز دولقۇنلىرىغا غەرق قىلىدۇ. لېكىن بۇ خېلى ئۇزاق يىللاردىن كېيىنكى ئىش.

مەن ئۇنىڭ بىلەن كەمدىن ـ كەم دىدارلاشقان، بۇ ئۆمرۈمدە ئۇ ھەققىدىكى ئىنتايىن ئاددىي، لېكىن مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان ئىككى پارچە ئەسلىمىنى ھازىرغىچە يوقاتمىدىم ۋە بۇ ئەسلىمىلەرنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇرچۇم دەپ بىلدىم.

## مەن ئۇنى تۇنجى كۆرگەندە، ئۇ بىر تال بادىرىنى يۇدۇۋالغان ئىكەن

1991 ـ يىلىغۇ دەيمەن. ئىشقىلىپ، مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئىشچى بولۇپ كىرگىلى بىرەر يىلچە بولغان ۋاقتى ئىدى. مەن كۇتۇپخانىدىن چىقىپ، بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ، تېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

چىڭقىلىپ كەتكەن كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىغىنىمچە ئەلەڭ ـ سەلەڭ كېتىۋاتسام، يېنىمدىلا بىر كىملەرنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھا، ھا، ھا......

— ھا، ھا، ھا......

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام بىرنەچچە ئادەم بىر كىشىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، پاراڭلاشقاچ كۈلۈشۈۋېتىپتۇ. ئارىغا ئېلىنغان كىشىنىڭ دولىسىدا ئادەمنىڭ يوتىسىدەك توملۇقتىكى بىرتال بادرا بار ئىكەن.

— ھەي روزاخۇن، قىلمايدىغان ئىشىڭلا يوق ـ دە، سىلىنىڭ.

— ئۇنداق دېمەڭلار مەن قىلمايدىغان ئىشلار خېلى جىق.

— قېنى دەپ بېقىڭلا ئەمىسە.

— قىشتا بۇغداي تېرىپ ئەتىيازدا ئورۇمايمەن، يېنىمدا بولسا بىركىمدىن قەرز سورىمايمەن، غەيۋەتخورلۇق قىلىپ خوتۇن كىشىنى دورىمايمەن، لالما ئىتتەك ئۆيمۇئۆي دوقۇرۇپ بوسۇغا پۇرىمايمەن......

— يەنە، يەنىچۇ؟

— سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇۋالسامالا كەچ كىرگىچە ئۇخلىمايمەن، بىر مېڭىۋالسام بارار يېرىمگە بارمىغىچە توختىمايمەن. كۈچلۈككە ئېگىلمەيمەن، ئاجىزلارغا شوخشىمايمەن، بولمىسا مەن روزى سايىتقا ئوخشىمايمەن......

— ھا، ھا، ھا......

— ھا، ھا، ھا......

روزى سايىت!...... ئەجەبا، بۇ كىشى مەن ئەزەلدىن بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان مەشھۇر شائىر

شۇمىدۇ؟ مەن ئۇنى باشقىچە قىياس قىلاتتىم، ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى، بويى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئۆيگە كىرسە تورۇسقا تاقىشاتتى؛ قوللىرى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، نېمىگە ئۇزاتسا يېتەتتى؛ بېشى ناھايىتى يوغان بولۇپ، بىر جۈپ كۆزى ئېلېكتىر چىراغدەك يورۇق چېچىپ تۇراتتى؛ گەپ قىلسا ئاغزىدىن بىر بولسا قۇچقاچلار ۋىچىرلىشىپ ئۇچۇپ چىقاتتى، بىر بولسا قىپقىزىل ئوتلار ئېتىلىپ چىقاتتى...... مەن بىرنەچچە قېتىم چۈشۈمدىمۇ ئۇنى شۇنداق سىياقتا كۆرگەن. ئەجەبا، مۇشۇ كىشى راستتىنلا روزى سايىت بولسا...... ئادەتتىكىچە ئادەم ئىكەنغۇ شائىر دېگەنمۇ...... خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈرسەم «روزى سايىت» سۆزلەۋېتىپتۇ:

— ...... كېتىۋاتسام ئاتمىش ياشلارغا بېرىپ قالغان بىر كىشى ئالدىمنى توسۇپ «جېنىم ئۇكام، بۇ بادرىنى ئېلىۋالسىلا، ئەرزان بېرىمەن. ھاجەت بولۇپ قالدىم» دەپ تۇرۇۋالدى. قارىسام تەققى ـ تۇرقى ئاۋارە دېھقان كىشى ئىكەن، بوپتۇ ئالاي دەپ: «نەچچە بېرىمەن» دېسەم، «ئۈچ كوي» بەرسىلە دەيدۇ، تالىشىپ يۈرمەيلا ئالدىم مانا. بادرىنىڭغۇ ئىشلىتىدىغان يەر يوق ئىدى، لېكىن يانچۇقۇمدىكى ئۈچ كوي پۇلنى ئىشلىتىدىغان يەر چىقتى. دېمەك، مەن بۈگۈن قالتىس سودىدىن بىرنى قىلدىم.

روزى سايىت گېپىنى تۈگىتىپ ئولىشىۋالغان كىشىلەرگە «خوش!» دەپ بادرىنى دولىسىغا سالغىنىچە كېتىپ قالدى. پەرەز قىلغىنىمغا زادى ئوخشىمايدىغان ئادەتتىكى، ھەتتا ئادەتتىكى ئادەملەر ئارىسىدىمۇ ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيدىغان، ئۇزاقتىن بىرى بىر كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن مەشھۇر شائىرنىڭ كەينىدىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قاراپ قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

مەن شۇ كۈنى، پۈتۈن بىر كۈن خامۇش يۈردۈم. ئۆزۈمنىڭ خۇش بولغىنىمنى ياكى خاپا بولغىنىمنى بىلەلمىدىم. نېمىشقا دەمسىز؟ سەۋەبى: مەن ئۆزۈمدىن بېرى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن روزى سايىتنى كۆردۈم، لېكىن ئۇ ئادەتتىكىچە بىر ئادەم ئىكەن......

## بىر پارچە مۇۋەششەھ ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تونۇتتۇم

مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ يېگىدىن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن يىللىرى ئىنتايىن تىرىشچان ئىدىم. گېزىت ـ ژۇرناللاردىن مەن ئوقۇمىغىنى قالمىغان، مەن يېزىپ باقمىغان يۇقىرىسى ئاروز ۋەزنىنىڭ ئەك قىيىن بەھرلىرىدىن باشلاپ تۆۋىنى قىسقا خەۋەرگىچە چالا قالمىغان ئىدى. بىر كۈنى بىر ژۇرنالنى ئوقۇۋېتىپ «مۇۋەششەھ» دېگەن بىر شېئىرغا كۆزۈم چۈشتى. دېمەك، مەن شېئىرنىڭ يەنە بىر شەكلىگە دۇچ كەلگەن ئىدىم. مەن بۇ مۇۋەششەھنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدۇم، تەھلىل قىلدىم، بېشىم قاپاق بولۇپ كەتكىچە ئويلاندىم، بىراق «مۇۋەششەھ» دېگەن سۆزنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدىم. قانچە ئوقۇساممۇ بۇ بىر ئاددىيلا غەزەل ئىدى. لېكىن نېمىشقا ئۇنى مۇۋەششەھ دەيدۇ؟...... مەن تاسادىپىي پۈرسەتتە بىر پېشقەدەم شائىردىن مۇۋەششەھ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىۋالدىم. ئۇنىڭ: «پۈتۈن شېئىرنىڭ ھەر بىر مىسراسىنىڭ بېشىدىكى ھەرپلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلىسىڭىز مەلۇم ئادەم ياكى نەرسىنىڭ ئىسمى چىقىدۇ» دېگىنى بويىچە ھېلىقى مۇۋەششەھنى ئوقۇغان ئىدىم، «ئۇيغۇر قىزى» دېگەن ئىسىم چىقتى. مەن ئالتۇن

تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتىم. ئەمدى مېنىڭ مۇۋەششەھ يازمىقىم تەس ئەمەس، مەن يازىدىغان شېئىر شەكىللىرىدىن يەنە بىرى كۆپىيىدىغان بولدى...... ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر خوتەندە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، شۇ مەزگىللەردە قەلبىمنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ئۈچ شائىرغا مۇۋەششەھ يازماقچى بولدۇم ۋە كۆپ ئەجىرلەرنى قىلىپ روزى سايىت، توختى مۇھەممەد تۇردى، سىدىق قاۋۇزلارغا ئاتاپ ئۈچ پارچە مۇۋەششەھ يازدىم. ئۇنىڭغا «ئۈچ شائىرغا مۇۋەششەھ» دەپ چىرايلىق ماۋزۇ قويدۇم. مۇۋەششەھلەرنى ژۇرنالغا بېرىش ئالدىدا مەن دېمەتلىك بىر قەلەمكەش دوستۇمغا كۆرسەتكەنىدىم، ئۇ بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ، «ئەسىرىڭغۇ ياخشى چىقىپتۇ، بىراق ئەڭ ياخشىسى بۇنى ‹خوتەن گېزىتى›گىلا بەرگىن، بولمىسا ئېلان قىلدۇرۇشۇڭ تەس» دېدى. «نېمىشقا؟» دېسەم، ئۇ: «سەن مۇۋەششەھ يازغان ئۈچ شائىرنىڭ ئىچىدە ‹خوتەن گېزىتى›نىڭ ئەدەبىي بەت مۇھەررىرى سىدىق قاۋۇزمۇ بار ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن يېزىلغان مۇۋەششەھنى كۆرسە چوقۇم ئېلان قىلدۇ» دېدى. ئويلاپ باقسام بۇ راست گەپ. كىممۇ ماختىلىشنى ياخشى كۆرمىسۇن، بولۇپمۇ شېئىر يېزىپ ماختاش ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ــ تە. بىراق مېنىڭ بۇ شېئىرلىرىمنى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغۇم بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ژۇرنالدىكى بىرەر شائىرغا ئاتاپ يەنە بىر مۇۋەششەھ يېزىش قارارىغا كەلدىم، لېكىن قېرىشقاندەك ژۇرنالدا بىرەرمۇ شائىر يوق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئاخىر ژۇرنال ئىشلىرىغا جان كۆيدۇرۇپ ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىۋاتقان، ھېكايىچىلىقتىمۇ ئەينى يىللاردا خوتەن قەلەمكەشلىرى ئىچىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان مەتقاسىم ئابدۇراخمانغا بىر پارچە مۇۋەششەھ يازدىم ۋە

ئەسىرىمنىڭ ماۋزۇسىنى «تۆت ئەدىبكە مۇۋەششەھ» دەپ ئۆزگەرتىپ، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا بەردىم. راست دېگەندەك كۆپ ئۆتمەي بۇ ئەسىرىم «ئۈچ تەھرىرگە مۇۋەششەھ» دېگەن كىچىك خۇشامەت پۇراپ تۇرغان ماۋزۇ ئاستىدا ئېلان قىلىندى. شور پېشانە توختى مۇھەممەد تۇردى ئۆمرىدە بىرەر گېزىت ياكى ژۇرنالدا تەھرىرلىك قىلىپ باقمىغاچقا، ئەسىرىمدىن چۈشۈپ قاپتۇ......

روزى سايىتقا ئاتاپ يازغان مۇۋەششەھ:

«روزىغار بەرگىن كۆيۈكدىن ئەي سېخىي ئۇستاز ماڭا،
ئول سېخىي ئۇستازلىقىڭ بولسۇن ھامان ئەنداز ماڭا.
زەخمىناك مىسرالىرىمغا ھەرقاچان مەلھەم كېرەك،
ئىزدىمەي ياتتىن ئۇنى، بەرگىن ئۆزۈڭ ئاز ـ پاز ماڭا.
ساھىبى بولغاي جاھاندا ھەر كىشىنىڭ ھەرقاچان،
ئاز ئەمەس ساھىب دىيارىمدا، ئۆزۈڭلا ساز ماڭا.
يايرىتار دىللارنى يەرلىك تىلدا يازغان كۈيلىرىڭ،
ئىدراكىم چاغلىق، لېكىن ھەر بىر سۆزۈڭ تەنناز ماڭا.
تەشنا لەۋمەن مەي كەبى مىسرالىرىڭغا مەن ھامان،
يازغىنىڭ ئالەمچە بار، لېكىن تېخى كۆپ ئاز ماڭا».

شېئىرىم ئېلان قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، خوتەن شەھىرىدىكى بىر قېتىملىق ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. يىغىندا مۈگدەپ ئولتۇرسام، كىمدۇر بىرى ئىسمىمنى توۋلاپ چاقىرىپ قالدى:

— ھوي بالا، غوجىمۇھەممەد دېگەن سەنمۇ؟

چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ھېلىقى كۈنى بادرا كۆتۈرۈۋالغان كىشى — مەشھۇر شائىر روزى سايىت ماڭا قاراپ

تۇرۇپتۇ.

— ھە، مەن...... — دېدىم ھاياجان ئىلكىدە تەمتىرەپ.

— ئۆزۈڭگۇ بەكلا ئاۋاق ئاداش ئىكەنسەن، ئاۋازىڭ نېمانچە يوغان سېنىڭ؟

— ......

ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، يىغىنىنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلمىسۇن دېدىمۇ قانداق، پەس ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— مۇۋەششەھلىرىڭنى ئوقۇدۇم، شېئىرىڭغا قاراپ دەسلەپتە سېنى كەم دېگەندە 40 ياشلاردا بار، دەپ ئويلىدىم ۋە مەن خوتەندە تونۇمايدىغان قەلەمكەش يوق ئىدى، بۇ كىشىنى ئەجەب بىلمەيدىكەنمىنا دەپ ھەيران قالدىم. بۈگۈن سۈرۈشتۈرۈپ سېنى تېپىۋالدىم، قارىسام ياشلا بالا ئىكەنسەن. دىققەت قىلسام سەندە شائىرلىق خۇرۇچى بار ئىكەن، ھەر مىسرايىڭدىن كۈچلۈك ئىشتىياق چىقىپ تۇرىدۇ، بەل قويۇۋەتمە، شائىرلىق كوچىسى ئانچە داغدام ئەمەس، سەندە ماددىي مەھشەتلەردىن ۋاز كېچەلەيدىغان، ئويۇن - تاماشاغا سەرپ قىلىدىغان ۋاقتىڭنى ئىجادىيەتكە سەرپ قىلالايدىغان، ئاقنى ئاق، قارىنى قارا دېيەلەيدىغان كۈچلۈك ئىرادە بولۇشى كېرەك......، — دەپ بىر مۇنچە ئالىي ھېكمەتلىك ۋە ماڭا ئاجايىب خۇشياقىدىغان سۆزلەرنى قىلدى. ئۇ يەنە ماڭا ئەدەبىيات كوچىسىدا زىددىيەت، پىتنىخورلۇق، چىدىماسلىق، چېقىمچىلىق ئىللەتلىرىنىڭمۇ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ ئۇلارغا ئارىلاشماي ۋە پەرۋا قىلماي ئۆز خاھىشىم بىلەن ئىجادىيەت قىلىشىم كېرەكلىكىنى، شۇنداق قىلالىسامىلا بىر مەھەل تونۇلالمىغان بىلەن كۈنلەردىن بىر كۈنى ئەدەبىيات ساھەسىدە تېگىشلىك ئورنۇمنى

تاپالايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ يېڭىدىن ئوئۇنئالغۇ لىنتىسىغا ئېلىنىپ تارقىتىلغان «دېھقان بولماق تەس» ناملىق لىنتىسىدىن ئىككىنى بېرىپ، ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يېنىمدىن كېتەر ۋاقتىدا مۇرەمگە ئىككى قېتىم يېنىك ئۇرۇپ قويدى تېخى...... يىغىندا مەن دېمەتلىك يەنە بىرنەچچە ھەۋەسكار شائىرلارمۇ بار ئىدى، روزى سايىت يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن باشلاپ تاكى كەتكىچە ئۇلارنىڭ كۆزى بىزدىن ئۈزۈلمىدى. دېمەك، ئۇلار ماڭا ھەۋەس ھەم ھەسەت قىلىشقان ئىدى. مەنمۇ شۇ كۈنى تازا كېرىلىۋالدىم، ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەسمەن، دەپ ئۆزۈمدىن زوقلىنىۋالدىم......

يىغىن تارقاپ يىغىن مەيدانىدىن چىقساق روزى سايىت بىر سومكا ئۈستىگە ئۈنئالغۇ لىنتىلىرىنى تىزىپ قويۇپ پەلەمپەيدە بەئەينى چار بازارچىلاردەك خېرىدار چىللاپ ئولتۇرۇپتۇ:

— كېلىڭلار دەي ئېلىڭلار، دېھقانىنىڭ ئاھۇزارىنى سېتىۋېلىڭلار......

بىردەمدىلا يىغىن ئەھلى ئۇنىڭ ئەتراپىغا گۇرىرىدە ئولاشتى. مەنمۇ بىر دانە دەي سېتىۋېلىپ شائىرنىڭ سودىسىنى قىلىپ بىرەي، دەپ مىڭ تەستە توپنى يېرىپ ئۇنىڭ يېنىغا بارسام، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر دانە دەينى بىرسىگە بېرىۋاتقان ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپلا سۆزلەپ كەتتى:

— دۇمبىسى قىچىشقان ئېشەك تۇگمەنگە ئۆزى كەپتۇ، ئالە ئاداش، بايىقى ئىككى دەينىڭ پۇلىنى.

— قانچە...... پۇل؟ — دېدىم يوكانلىرىمغىچە قىزىرىپ.

— ھەربىرى بەش كويدىن جەمئىي ئون كوي.

يانچۇقۇمنى ئاختۇرغان ئىدىم، ئالتە يۈەن چىقتى. مەن مىڭ بىر خىجالەت ئىچىدە:

— مەندە ئالتە يۈيلا بار ئىكەن، يەنە بىر دەينىڭ پۇلىنى كىيىن بەرسەم بولامدۇ، خەتلەپ قويسىلا...... — دېدىم.

— ماقۇل ئاداش، نېسىدىن تەلىيىم يوق مېنىڭ.

ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن ئوڭايسىزلىق ئىچىدە بىزىرىپ قاراپ تۇردۇم.

شائىر يەنە مۇرەمگە يېنىكىنە ئىككىنى ئۇرۇپ قويىدى ۋە دېدى:

— نېمانچە نازۇك ئاداشسەن هوي؟ چاقچاق قىلىپ قويدۇم. شېئىرنى تېخىمۇ ياخشى ياز، شۇنىڭ بىلەن بۇ قەرز ئادا بولۇپ كەتسۇن.

مەن بۇ لېنتىلارنىڭ بىرىنى ئۆزۈم ساقلاشقا ئېلىپ قېلىپ، بىرىنى قوشتاغقا بارغاندا دادامغا بەردىم. دادام لېنتىنى مەسچىتكە ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە مەھەللىمىزدىكى جامائەت خېلى ۋاقىتلارغىچە نامازدىن كېيىن بۇ لېنتىنى ئاڭلاپتۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ قايغۇسىغا قايغۇرغان بۇ شائىرغا دۇئا قىلىشىپتۇ.

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى. مەن چوڭ بىلگەن، بىر كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلغان نۇرغۇن ئاتاقلىق ئەدىبلىرىمىز ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى. بەزىلىرى بىلەن تاسادىپىي پۇرسەتلەردە كۆرۈشۈپ قالغان بولسامۇ، لېكىن سالاھىتىم كىچىك كېلىپ قالغانلىق ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش شەرىپىگە ئېرىشەلمىدىم. لېكىن بىر شەھەردە ياشىغانلىق ۋە ئۆزىنىڭ كىچىك پېئىل، خۇشچاقچاق مىجەزى بىلەن ھەر قانداق كىشى يېقىنلىشىشقا جۇرئەت قىلالايدىغان بولغانلىقى سەۋەبىدىن مەرھۇم خەلق شائىرى روزى سايىت بىلەن ئىككى قېتىملىق كەچۈرمىشنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. ئىلگىرىسىگە ياندىن ئىشتىراك قىلغان بولسام، كېيىنكىسىگە ئۆزۈم بىۋاسىتە

قاتناشتىم. راستچىللىق بىلەن ئېيتالايمەنكى، ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە ماڭا كۆرسەتكەن تەسىرى خېلى زور، بولۇپمۇ ئۇنىڭ: «سەندە ماددىي مەئىشەتلەردىن ۋاز كېچەلەيدىغان، ئويۇن ـ تاماشىغا سەرپ قىلغان ۋاقتىڭنى ئىجادىيەتكە سەرپ قىلالايدىغان، ئاقنى ئاق، قارىنى قارا دېيەلەيدىغان كۈچلۈك ئىرادە بولۇشى كېرەك......» دېگەن سۆزلىرى كېيىنكى تۇرمۇش ۋە ئىجادىيىتىمدە مەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر پرىنسىپلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

2008 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇل، خوتەن

# سۆھبەتلەر

# غوجىمۇھەممەدنىڭ بايانى

ــ مۇتەللىپ ئىقبال بىلەن سۆھبەت

تارىختىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ شېئىرىيەتتىن ئىزدەيدىغىنى كۆپ بولۇپ كەلدى. شېئىرىيەتنىڭ باغۇ بوستانلىرى، قوش ئورمانلىرى، تاغ ـ دەريالىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پىسخىكىسى ۋە روھىيىتىگە مەنىۋى ئىلھام ۋە مەلھەم ئىزدەپ كەلدى. رىقابەت ۋە كىرىزىس بىلەن تولغان بۆگۈنكى كۈندە ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ ئابىھايات بىزگە ئۆزىمىز توغرىسىدا ئويلىنىش پۇرسىتى ۋە ياشاش ھېكمىتى ئاتا قىلالايدۇ، ئەلۋەتتە. شېئىرىيىتىمىزدە نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىش مېتودىنى خەلقىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە رېئال ھاياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن بىر شائىردىن كۈتىدىغىنى ــ ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت ۋە ئىنسانىي كامالەتتۇر. روشەنكى شېئىر ئاۋۋال خەلقىنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلىنىۋاتقان بولىدۇ. شائىر ئۇنى تىل ۋە يۈكسەك ئېتىقادىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىقلا يېزىپ چىقالايدۇ. كېيىن شېئىر يەنە كىتابخانلارنىڭ نەزىرىگە تاپشۇرۇلىدۇ، ماھىيەتتە ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە قايتىشتۇر. مەيلى مۇھەببەت تېمىسىدىكى يالقۇنلۇق مىسرالار بولسۇن، مەيلى ئىنسانىي قىممەتنى ئىزدەشكە بېغىشلانغان تىرەن پىكىرلىك مىسرالار بولسۇن، شائىر ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت، ئۆزىنى ئىچىگە ئالغان مىللەت جامائىتى ۋە ئۆز قىسمەتلىرىگە دەركار بولغان زامانىنىڭ تەسىرىنى چەتكە قاقماس، ھېچقاچان. دېمەككى، شېئىر ــ شائىرغىلا تەۋە ئەمەس. شائىر ــ ھېكمەتتىن

پاراسەتنى، ئېتىقادتىن كامالەتنى بايقىغۇچى ۋە ئۇنىڭغا مەڭگۈ سېغىنغۇچى. تەشنالىق ئوتىدا تۇرۇۋاتقان شائىرنىڭ پاساھىتىگە نېمىلەر تەڭ كەلسۇن؟! بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىمىزنى ئىپادىلەشتە شېئىرىيەتتىنمۇ كەڭرەك زېمىن بولمىسا كېرەك.

**مۇتەللىپ ئىقبال:** ئەلۋەتتە، ھەرقانداق يازغۇچى ـ شائىرنىڭ ئىجادىيەت يولىغا كىرىشىدە مۇئەييەن سەۋەب بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغ ھەربىر ئىجادىيەتچىنىڭ كۆپىنچە تۇنجى ئەسىرى يېزىلغان دەۋر بولىدۇ. سىز بۇ يولغا قەدەم باسقان چاغدىكى كەچۈرمىشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرەمسىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** كىچىك ۋاقىتلىرىمدىنلا كىتابخۇمار بالا ئىدىم. كىتابلارنىڭ تومىغا ئامراق ئىدىم، نېپىز كىتابلارنىڭ تېز تۈگەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. قوي باققىلى چىققاندا مەن كىتابتىكى ئاجايىباتلاردىن زوقلانسام، قويلىرىم باشقىلارنىڭ ئېتىزىدىكى زىرائەتلەردىن يايرايتتى. كېيىنچە ئوقۇغان كىتابلىرىمدىن خاتىرە قالدۇرىدىغان، ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغان ئىشلار ھەققىدە كۈندىلىك خاتىرە يازىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردۈم. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى كىتاب ئوقۇپ تۈگەتتىم دېسەم ھەرگىزمۇ مۇبالىغە قىلغان بولمايمەن. راستىنى ئېيتسام، شۇ چاغلاردا يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىز ئىدىم. قىزىقىشىم ئاشقانسېرى ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردىن قولۇمغا چۈشكەن ژۇرناللارنى ئوقۇيدىغان بولدۇم. قارىسام ژۇرنالدىكى بەزى ئەسەرلەر بىلەن مېنىڭ يازمىلىرىم كۆپ پەرقلەنمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەندە ئەسەر ئەۋەتىپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. بىراق قانداق ئەۋەتىمەن؟ مەن شۇ چاغقىچە ھېچقانداق خەت ـ ئالاقە قىلىپ باقمىغان ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئوقۇۋاتقان مەكتەپتە ئەدەبىيات دەرسى بېرىدىغان، شۇ

چاغلاردىكى قوشتاغ بويىچە نەچچە ئون پارچە شېئىر ئېلان قىلىپ تونۇلغان ئابلىكىم مۇساقىنى ئىزدىدىم. ئۇ يازمىلىرىمنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن مېنى پوچتىخانىغا ئاپىرىپ، ئىككى پارچە شېئىر ۋە تۆت رۇبائىيىنى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا، بىر پارچە ھېكايىنى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بەردى. شېئىرلىرىم مەن قوشتاغدىكى ۋاقتىمدىلا ئېلان قىلىندى. ھېكايەم بولسا «ئاجايىپ تەلپۈنۈشلەر» نامىدا مەن خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەۋاتقان چاغدا ئېلان قىلىندى ھەمدە 85 يۈەن قەلەم ھەققى كەلدى. گەرچە مەن شۇ چاغدا ئەسەر ئېلان قىلىپ بېقىش ئىستىكىدىلا بولغان بولساممۇ، لېكىن ئايلىقى 65 يۈەنلىك مەندەك بىر نامرات ئىشچىغا بۇ پۇل ئالاھىدە تەسىر قىلدى. مەندە ئىقتىسادنىڭ دەۋتى بىلەن يازغۇچى بولۇش ھەۋىسى تۇغۇلدى. پات يېقىندا باي بولالىشىمغا كۆزۈم يەتتى...... كېيىن مەن ئاساسلىق زېھنىمنى شېئىر ئىجادىيىتىگە قاراتتىم. توختىماي يازدىم. ئېلان قىلغانلىرىممۇ ئاز ئەمەس، بىراق كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ھېلىھەم نامراتمەن......

**مۇتەللىپ ئىقبال:** «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا. سىزنى «700 پارچىگە يېقىن شېئىرى ئېلان قىلىندى» دەپ تونۇشتۇرغاندى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە بىر بۆلەك شېئىرلارنى ئېلان قىلدۇردىڭىز. سىز دېمەتلىك شائىرلارغا بۇ زور سان. بەزىلەر سىزنى «ھېچ ئىش قىلماي شېئىر يازىدىغان ئوخشايدۇ» دېيىشىدىكەن، بەلكىم بۇ شېئىرلىرىڭىزنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئەسەرلىرىڭىز سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي، سۈپەت جەھەتتىمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. سىزدىكى بۇ خىل شېئىرىيەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن سۆيۈنۈش كېرەك. شېئىرلىرىڭىزنىڭ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە

سالالىشىدىكى سەۋەبمۇ سوپىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدا. سىز سان بىلەن سوپەت ھەققىدە بىر نىمە دەپ بېرەمسىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** مەن ھەقىقەتەن نۇرغۇن شېئىرنى ئېلان قىلدۇردۇم. لېكىن مەن شېئىردىكى ساننىڭ كۆپلۈكىنى ئۆزۈمنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى دەپ قارىمايمەن. بىر ئەدىبكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا سوپەت. ياخشى يېزىلغان بىر پارچە ئەسەر بىرقانچە ئەسەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ تۇرالايدۇ. بىراق ھەممىنى بىراقلا دەۋالمەن دەپ پۇرسەت كۈتۈش ئۆزۈكسىز غىدىقلىنىپ تۇرىدىغان شائىر روھىغا نىسبەتەن سىقىلىشتىن باشقىنى ئېلىپ كەلمەيدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۆزىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا بوشاندۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. شېئىر يازغاندا ساننىڭ ئەدىشىگە قېلىش ئۆزىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. شېئىرلىرىمنىڭ سان جەھەتتىن كۆپلۈكى مېنىڭ ئاچچىق قىسمەتكە تولغان روھىمنىڭ ھەر بىر نۇقتىدىكى ئىنكاسىدۇر، شۇنداقلا ساننىڭ كۆپلۈكى خالىغانچە دەۋالغىلى بولىدىغان گەپمۇ ئەمەس. مەن نۇرغۇن شېئىرنى ئېلان قىلدىم، دېمەك مېنىڭ شېئىرلىرىمنىڭ سانى كۆپ. ساننىڭ كۆپ بولۇشىمۇ بىر ئەدىبنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە ئىلمىي ئەمگىكى سىڭگەن بولىدۇ. ناۋادا ئاز يېزىپ، ئاز ئېلان قىلدۇرغان بولسامىمۇ، ھازىرقىدىن سوپەتلىك، ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يارىتالىغان بولسام، بۇنى ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيىتىم دەپ قارايتتىم. مەن يەنىلا «ياخشى ئىش كۆپ ئەجىردىن كېلىدۇ» دېگەن گەپكە ئىشىنىمەن.

**مۇتەللىپ ئىقبال:** مەيلى بىز قايسى ئەسىرنىڭ ئوقۇمايلى، ئۇنىڭغا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بولۇش بىلەن بىرگە سىزنىڭ شېئىرغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت تۇيغۇڭىزنى ھېس قىلغىلى بولىدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇ مۇھەببەت تۇيغۇسى ئاسانلىقچە

قولغا كەلمەيدۇ. بۇ خىل مۇھەببەت تۇيغۇسىنى رىئاللىقتىن ئايرىپ قاراش ئاقىلانىلىك بولمىسا كېرەك؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** ئەلۋەتتە دۇنياغا تۆرەلگەن ھەر بىر ئادەم ياشىغانىكەن، ھاياتىدا مەلۇم كەسىپ، مەقسەت مۇددىئا ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بۇ ھەم ياشاشنىڭ تەقەززاسى، ھەم ئادىمىيلىكنىڭ ئېھتىياجى. بۇ نۇقتىدا مېنىڭ ئېتىقادىم ــ ھاياتىمنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان، ياشىشىمنى مەلۇم قىممەتكە ئىگە قىلىپ تۇرغان يېزىقچىلىقتا ئىمكانىيىتىم يار بەرسىلا ئۆزۈمنى بېغىشلاپ ئۆتىمەن. كونىلاردىن قالغان «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن ھېكمەت بار. ئەلۋەتتە، كۆزلىگەن ئېتىقاد، نىشان ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. ياشاشتىكى يادرو بولغان مەلۇم مۇددىئا ـ مەقسەت ئۈچۈن مەلۇم نەرسىلەردىن كېچىشكە، ئۇنى قۇربان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، مەنمۇ مەلۇم قۇربان بېرىشلەردىن خالىي بولالمىدىم. مەن ئەزەلدىن ئۆز خاراكتېرىمگە بوزغۇنچىلىق قىلمىدىم، ئۆز قەلبىمگە ئاسىيلىق قىلمىدىم. گەرچە بۇنداق ھالەتتە رىئاللىق بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرسىمۇ ۋە بەزى كېلىشمەسلىكلەرگە ئۇچرىغان بولسامىمۇ، لېكىن ئۆزۈمنى پاك ساقلاپ ئۆزۈمنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدۇم. بۇ يەردە بەدەل تۆلەش ئانچە مۇھىم ئەمەس. مەن شېئىرلارغا ئۆزۈمنى بېغىشلىغان دەقىقىدىكى روھىيىتىمدە يۈز بەرگەن ئىزتىراپلارنى، سىقىلىشلارنى، پارتلاشلارنى ھەر خىل قېلىپلاردىن خالىي ئەينەن ئىپادىلەشكە تىرىشتىم......

**مۇتەللىپ ئىقبال:** بەدەل تۆلەش توغرۇلۇق سۆزلەر بولۇندى، بەلكىم سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا نىسبەتەن بۇ گەپنى مۇنداقلا دەپ قويۇشقا ياكى چۈشىنىشكە بولمايدۇ. قارىشىمچە، سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆلىگەن بەدەللىرىڭىز ھەقىقەتەن بىر ئەدىبنىڭ

www.uyghurkitap

سەنئەتلىك ۋىجدانى نۇقتىسىدىن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ھەممىگە مەلۇم، شېئىر رېئاللىقتىكى بارلىق شەكىل، فورمۇلا، يوسۇنلاردىن قۇتۇلۇشنى، مەۋجۇت تەرتىپلەردىن خالىي ئىپادىلىنىش خاھىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شېئىر ئۈچۈن بەدەل تۆلەش تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھادىسە، بۇ خىل روھىي ھالەت دەۋرىمىزگە كەلگەندە ئەڭ سۇس ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. سىزنىڭ بۇ جەھەتتە تۆلىگەن بەدەللىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرەلەرسىزمۇ؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** بۇ چاغدا نېمىنى سۆزلەي؟ بىر بالىنى يېتىم قىلىپ ئايالىمدىن ئاجرىشىپ كەتكىنىمنىمۇ؟ خىزمەت ئورنۇمدىن ئايرىلىپ پۇلسىز ھالەتتە كوچىغا چىقىپ قالغىنىمنىمۇ؟ ئەجەبا، بۇلارنىڭ ھەممىسى شېئىر سەۋەبلىك بولغانمىدۇ؟ گەرچە شېئىرغا ھەددىدىن زىيادە مەپتۇن بولۇپ، دائىم شېئىرىي تۇيغۇلار ئىچىدە يۈرۈپ رېئاللىقنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە يۈرسەممۇ يەنىلا نان يېمىسە، كىيىم كىيمىسە بولمايدىغان رېئال ئادەم ئىدىمغۇ؟ ئىشلار قانداق بولغۇسى كەلسە، شۇنداق بولىدىكەن، بەزى ئىشلارغا ئادەمنىڭ ھېچبىر ئامالى يوقكەن. ئۇ ئىشلار شۇنداق بولدى. كۆپ ئۆكۈنگەن بولساممۇ، لېكىن شېئىرنىڭ ئازغۇنلۇقىدىن قۇتۇلغىنىم يوق. گۈزەل زوقمەنلىكتىن ۋاز كەچكىنىم يوق. ھاياتلىقنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان بۇ نېمىتىنى ھېلىھەم تېتىپ كېلىۋاتىمەن. دەسلەپكى قىزىقىشىم باي بولۇش ئىستىكىدە باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىيالدىن ناھايىتى تېزلا خالاس بولغان ئىدىم. ئەمدى راست گەپنى دېيدىغان چاغ كەلگەن ئوخشايدۇ، بوپتۇ، دەي. توي قىلىپ بىر ئائىلىگە باش بولغۇچە، مەندە ئىقتىسادقا نىسبەتەن قىلچىلىكمۇ قىزىقىش يوق ئىدى. شېئىر يازسىلا بولاتتىكى، باشقىنى ئويلىمايتتىم. فابرىكىدىن ئالىدىغان مائاشىم ھەر ھالدا ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق تاماق يېيىشىمگە يېتەتتى. توي قىلغاندىن

كېيىن كۆز ئالدىمدا يېپيېڭى بىر دۇنيا كۆز ئاچتى. مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ مەنىۋى ئېستەكلىرىمنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە ئايالىمنىڭ ماددىي ئېستەكلىرىنىمۇ قاندۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. تۇرمۇشۇمغا قوشۇلغان ئۇ ئايال مېنى ئۆزىنىڭ دۇنياسىغا يېتەكلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ دۇنياسىدا قايناق بازار، ئازادە ئۆي، ئېسىل يېمەكلىكلەر ۋە رەڭگارەڭ، قىممەت باھالىق كىيىملەر بار ئىدى. ئۇ ماڭا: «كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!» دېدى. كۆزۈمنى ئېچىپ باشقا بىر دۇنيانى كۆردۈم. مەن بۇ دۇنيادا ئەزەلدىنلا ياشاپ كەلگەن بولساممۇ، لېكىن شېئىرغا بولغان زىيادە زوقمەنلىك سەۋەبىدىن تا ھازىرغىچە بۇنچىلىك سىنچىلاپ نەزەر سالمىغان ئىكەنمەن. ئۆزۈمنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن ئەمەلىي رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر ھاڭنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ روھىي دۇنيايىمدىن مەئىشەت دۇنياسىغا كىرىشكە مەجبۇرلاندىم. ئايالىمنىڭ ئېستەكلىرى ۋە يېتەكلەشلىرى ئالدىدا ئامالسىز ئىدىم. ۋاھالەنكى، مەن قۇپقۇرۇق ۋە يەككە - يېگانە ئىدىم. بارا - بارا ئائىلىدە ئىقتىساد تۈپەيلىدىن نىزاھ پەيدا بولدى، بۇ ھالەت خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. مەن يەنىلا ئاۋۋالقى ھالىتىمدە ياشاپ قېلىشنى خالايتتىم. رېئاللىقنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ۋە كۆزلەرنى غەلەتلەيدىغان رەڭلىرىگە مەپتۇن بولۇپ خۇددى يوقاتقان بىر ئايالنى شېئىرنىڭ سېھىر - پاساھىتى، مەنىۋىيەتنىڭ پارلاق مەنزىللىرى ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ قايىل قىلىش مۇمكىنمۇ؟...... قورسىقى ئاچ كىشىگە نان ھەققىدە شېئىر ئوقۇپ بېرىشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەسمىدىم؟!...... ماددىي گادايلىق ئاخىر گېلىمنى بوغدى. مەن كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلدىم. مېنىڭ ئۆز روھىي دۇنيايىمدىن رېئال ئىجتىمائىي كىشىلەر توپىغا قېتىلىشىم ئۈچۈن خېلى كۆپ ۋاقىت كېتەتتى. ئەمما ئۇ تەخىرسىز ئىدى. ياشلىقىنىڭ كۈتۈشلەردە خازان بولۇشىغا قاراپ تۇرالمايتتى. بىز ئاجرىشىپ

كەتتۇق، تېگىدىن ئالغاندا بۇ ئايالىمىنىڭ تاللىشى ئىدى. مەن ئۇنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلدىم. ئەزەلدىن ئۇنىڭ بۇ تاللىشىنى خاتا دېگەن ئويدىمۇ بولمىدىم. ئۇنىڭمۇ ئۆزى خالىغان نەرسىلەرنى قوغلىشىش ھوقۇقى بار ــ دە، ئاخىر. بۇلارنى بەدەل دېگىلى بولماس. مەن ھېچبولمىسا ئۆزۈمنىڭ ئورنىنى قايتا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇندۇم.

مۇتەللىپ ئىقبال: مۇقىم تۇرالغۇ ئۆيىڭىزنىڭ، ئايالىڭىزنىڭ، خىزمىتىڭىزنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە ئاڭلىدىم. بۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجادىيىتىڭىزگە بولغان تەسىرى قانداق بولدى، سىز ھەممىدىن ئايرىلىپ قالدىم دەپ قارامسىز؟ ئۇلار ئېلىپ كەلگەن پىسخىك بېسىم قانداق بولدى؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: ئەسلىي بۇنىڭدىكى نۇرغۇن سەۋەبلەر ئۆزۈمدىن كېلىپ چىققان. جەمئىيەتتىن، باشقىلاردىن ئاغرىنىشقا ھېچقانداق ھەققىم يوق. چۈنكى، مەن ياشىغانىكەنمەن، ماددىي موھتاجلىق يەلكەمنى بېسىپ تۇرىدۇ. بۇرۇن بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلمىغانىدىم، يېزىقچىلىقنى بىردىنبىر نىشان قىلغانلىقىم ئۈچۈن مەندە ئەتراپىمدىكى ئىشلارغا بىپەرۋا قارايدىغان، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغان، يالغۇز يۈرۈشكە قىزىقىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالغانىدى. بايا ئېيتقىنىمدەك، يېزىقچىلىق مۇھىم ئورۇندا تۇرغاچقا، رېئاللىققا بولغان تونۇشۇم يېتەرسىز ئىدى. ئىش ھەققىمنىڭ زىيادە تۆۋەنلىكى، ئىشنىڭ ئېغىرلىقى، روھىي بېسىم تۈپەيلىدىن فابرىكىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. كېيىنچە ئىقتىسادنىڭ بىر ئادەمنىڭ ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنداق، بۇ دۇنيادا شېئىردىنمۇ مۇھىم نەرسىلەر بار. ھەر قېتىم ئاتا ــ ئانىسى تىرىك تۇرۇپ يېتىملىك ئازابى تارتىۋاتقان بالامنى ئېسىمگە ئالسام شۇنداق

ئويلايمەن. ئىجادىيىتىمگە بولغان تەسىرى دېگەندە، رېئاللىقتا يەككە ـ يېگانە قالدىم، ھەممە ئىشتا ئۆزۈمگە تايىنىشقا توغرا كەلدى. تەبىئەتتىن ياتلىشىۋاتقان ئادەملەر توپىغا كىرىش ئۈچۈن تەبىئىتىمنى ئۆزگەرتىش كېرەك بولغاچقا، ئىلگىرىكى نۇرغۇن نەرسىلىرىمنى قەلبىمنىڭ ئىچكىرىسىدە قويۇپ قويۇشقا توغرا كەلدى. لېكىن بۇ ۋاقىتلىق ھادىسە، مۇقىم تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىن يەنە ئۆزۈمنى تېپىۋېلىشىمغا ئىشەنچىم كامىل.

**مۇتەللىپ ئىقبال:** شېئىرلىرىڭىز ھەقىقەتەن رېئال روھىي ھالىتىڭىزنىڭ ئىنكاسىمۇ؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمگە ۋە شېئىرغا ئاسىيلىق قىلمىدىم. شۇنداق بولغانىكەن، مېنىڭ ئۆز قەلبىمنى ئاشكارىلاشقا ئۇرۇنۇشۇمدىن تۇغۇلغان تۇزۇندىلار دەل ئاشۇ ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئىزدەشنىڭ قىسمەتلىك جەريانى ئەمەسمۇ؟!

**مۇتەللىپ ئىقبال:** شېئىرلىرىڭىز مەزمۇن ياكى شەكىل جەھەتتىن ھەر خىل سۈنئىي بېزەكلەردىن خالىي. شېئىردىكى لىرىكىلىك كەيپىياتنىڭ چىنلىقى ھامان ئوقۇغان كىشىنى ئۆز دۇنياسىغا يېتەكلەيدۇ. بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** مەن ئۆز روھىيىتىمدىكى ئازاب ـ كەچمىشلەرنى ھەر خىل قېلىپلاردىن خالىي، ئەركىن ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. شېئىر يېزىۋاتقاندا، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىش ـ قىلالماسلىق بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدىم. پەقەت ئۆزۈمنى ئاشكارىلاشقىلا ئۇرۇندۇم. مەن تەبىئىيلىكنى ياقتۇرىمەن.

**مۇتەللىپ ئىقبال:** شېئىرلىرىڭىزدا يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن ئۆلمەس ئوبرازلارنى ياراتتىڭىز. بۇ ئوبرازلار ئۆزىنىڭ ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئىنسانپەرۋەرلىكى، مۇھەببەتپەرۋەرلىكى بىلەن يۈكسەك تەۋەككۇلچىلىك روھىنى

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

بىرلەشتۈرگەن. بۇ ئوبرازلارنى رېئاللىقتىكى قاغجىراشنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىتىكى ئىنكاسى دەپ چۈشەنسەك بولامدۇ؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** شېئىر يازىدىغان بۇرادەرلىرىم «شېئىرلىرىڭدا رېئالىزملىق روھ كۈچلۈك»، دېيىشىدۇ. بىراق مەن ھەرقانداق «ئىزم»نى چۈشەنمەيمەن. يازغان بەزى شېئىرلىرىمدا مىللەت پىسخىكىسىدىكى ھەر خىل قاتلاملار ئەكس ئەتكەن بولسا، بۇ مېنىڭ شۇ مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆزۈمنى، ئۆزۈمدىكى قىسمەت، پاجىئەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن باشقا ئىش ئەمەس. چۈنكى، مەن ئەزەلدىن بىرەر مەقسەت ياكى مۇددىئا ئۈچۈن شېئىر يېزىۋاتىمەن، دەپ قارىمايمەن. دەرۋەقە، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى روھىيەت پىسخىكىسىدىكى نورماللىسىزلىق تۈپەيلى ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، ئۆزىنى بايقىيالماسلىقتەك روھىي پاجىئەلەر بېشىمىزدا ئەگىپ يۈرۈپتۇ. مېنىڭچە، بولغاندا بىر ئادەمدە ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى تونۇش، ئاندىن كۆز ئالدىدىكى مۇھىتقا تەدبىر ئىزدەش خاھىشى بولۇشى كېرەك. شېئىرلىرىم كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بايقىشىغا تۈرتكە بولسا ئەجەب ئەمەس. مىللىتىمىزنىڭ پىسخىكىسىدىكى قارامىلىق، مىجەزىدىكى چۈسلۇق، باتۇرلۇق، ھەققانىيلىق ئامىللىرى بۈگۈنكى كۈندە رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتتى. كىشىلەر ئۆز - ئۆزىنى تونۇشتا ئەلۋەتتە ئۆز تارىخىغا نەزەر سالىدۇ. مېنىڭ ئەكس ئەتتۈرگەنلىرىم ـــ روھىيىتىمىنىڭ پىنھان تارىخلىرىدۇر...

**مۇتەللىپ ئىقبال:** ھەرقانداق بىر شائىر شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن ۋە ئۆز قابىلىيىتىنى، كېيىنكى ئورنىنى دەششەۋاتقان ۋاقىتتا كۆزگە كۆرۈنگەن، ئىقتىدارلىق ئەدىبلەرنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتىدۇ ھەم ئىجادىيىتىگە مۇئەييەن تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. جۈملىدىن، سىزمۇ ئىجادىيەت مۇساپىڭىزدە بۇ جەرياننى بېشىڭىزدىن كەچۈرگەن بولغاچقا، بۇ ھەقتە سۆزلەش مۇھىم دەپ

قارايمەن. بۇ ھەقتىكى ئىچكى كەچۈرمىشلىرىڭىزنى بىلىپ باققۇم بار.

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** بارماق ساناپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا، ئىمىن ئەھمىدىنىڭ شېئىرلىرى ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغان. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا نەشىر قىلىنغان «گۈلگۈن دالالار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى سۆيۈنۈش ئىچىدە ئوقۇغان ھەمدە ئىجادىيىتىمگە مۇئەييەن تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغان ئىدىم. كېيىن بۇغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرى مېنى بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن شېئىرىيەتنىڭ تەبىئەت، پەلسەپە، تارىخ، رىۋايەت تۈسى بىرلىشىپ كەتكەن سىرلىق قەسرىگە باشلاپ كىردى. ياش شائىرلاردىن ئەخمەتجان ئوسمان، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى مېنى ئۇزۇكسىز تەربىيەلەپ ماڭدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنى ئۇستازىم دەپ قارايمەن. گەرچە شائىرلىقنىڭ ئۇستازى بولمىسىمۇ، بىراق بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش جەريانى بولغاچقا، يەنىلا ئۇستاز دەپ ئاتاش ئارتۇقچە ئەمەس.

**مۇتەللىپ ئىقبال:** شېئىرلىرىڭىزدا بىر خىل مەشرەپ روھى، تەۋەككۇلچىلىك، ئىسيانكارلىق، ئەسەبىيلىك بار دەپ قارايمەن. سىزنىڭ بۇ خىل روھىي ھالەتنى تاللىشىڭىزنىڭ مۇئەييەن ئاساسىي بارمۇ؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** مەن ھېچقانداق روھىي ھالەتنى تاللىغان ئەمەس. بۇ خۇددى مېنىڭ تۇغۇلغاندا ئەر ياكى ئايال بولۇشنى تاللىمىغاندەك ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىن ئىسمىمنىڭ غوجىمۇھەممەد بولۇشنى تاللىمىغاندەكلا بىر ئىش. مېنى كۆرگەن كىشىلەر: «ھوي، نېمانداق ياۋاش ئادەم بۇ، ئاشۇ كەپسىز شېئىرلارنى راستىنلا مۇشۇ ئادەم يازغانمىدۇ؟» دېيىشىدۇ. ئەجەبا، ئىككى يېنىمغا بەشتىن ئون پىچاقنى ئېسىپ يۈرۈشۈم كېرەكمۇ؟ كوچىلاردا ئالىتاغىل تۈۋلاپ دىتىمغا ياقمىغان كىشىلەرنى

ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ يۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟ ئۇلار جىمجىت ۋە ئوغرى چىراي بۇ ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ئىنسانىي ئازابلارنى، ئىزتىراپلارنى كۆرەلمەيدۇ. دەرۋەقە، مەن شېئىر يېزىۋاتقاندا ھەرقانداق چەك ـ توساقلارنى كېرەك قىلمايمەن. بارلىق مىزان ـ تەرتىپلەر بويۇن قىسىپ قالىدۇ.

**مۇتەللىپ ئىقبال:** شېئىرلىرىڭىزنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىتابخان بەدىئىي تالانتىڭىزغا قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. بەزىلەر سىزنى بۇ جەھەتتە پەللە ياراتتى، دېيىشىدىكەن. بۇ قاراشلارغا قانداق قارايسىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** شېئىر ــ ئەدەبىياتنىڭ گۈلتاجى. شېئىرىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مەڭگۈ پەللىسى بولغان ئەمەس ھەم بولمايدۇ. پەللە ئۇقۇمىغا كەلسەك، بىر ئەدىبنىڭ ئىجادىيىتى داۋامىدا بىرنەچچە ئۆزۈلۈش باسقۇچى بولۇشى مۇمكىن، بۇ بىر خىل سەۋىيە بىلەن يەنە بىر خىل سەۋىيە ئوتتۇرىسىدا ھاسىل بولغان مۇئەييەن بوشلۇقتۇر. بۇ شائىرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىنكار قىلىش جەريانى، بۇ جەرياندا ئەدىب بىر قاتار ئازابلىق سۈكۈتنى باشتىن كەچۈرىدۇ. شائىر بىر خىل رەۋىشتە يېزىۋەرگەندىن كېيىن بارا ـ بارا زېرىكىش تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. ئۇسلۇب ــ ماھىيەتتە خىش قويىدىغان قېلىپتۇر. بىر خىل ئۇسلۇبتا يېزىۋەرسە، ئەسەر ھەرقانچە مۇكەممەل بولغىنى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە يېڭىلىق ھېس قىلدۇرالمايدۇ. ئۆزگىچە بولغانسېرى دورايدىغان ئادەملەرمۇ كۆپىيىدۇ. بۇ ئەھۋالدا شائىرغا يەنە بىر بالداق قاڭقىشقا توغرا كېلىدۇ. بەلكىم، بەزىلەر ئاشۇ سۈكۈتلۈك جەرياننى پەللە دەۋالسا كېرەك. ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ ئىنكاسى ياخشى بولدى، بىراق پەللە ياراتتى دېگەن گەپكە ئانچە قايىل ئەمەسمەن. ئەدەبىياتنىڭ چېكى يوق، ئەدەبىيات ئىنساننىڭ روھى ۋە تاشقى دۇنيانىڭ دىيالوگى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقاچان يېڭىلىنىپ تۇرۇشنى تەلەپ

قىلىدۇ. ئىنسان ئاخىرلاشمايدىكەن، ئۇنىڭ پائالىيىتى داۋاملىشىۋېرىدۇ. ئىنسان ھەربىكتى ھامان ئۆز - ئۆزىنى ئىنكار قىلىش بىلەن راۋاجلىنىدۇ. بىر نۇقتىدا تۇرۇۋېلىش ئەدىبكە نىسبەتەن ھالاكەتتۇر، خالاس!

**مۇتەللىپ ئىقبال:** ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىغا قانداق قارايسىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** مەن ئۆزۈمنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىغا باھا بېرەلىگۈدەك لاياقەتكە ئىگە ئەمەس، دەپ قارايمەن.

**مۇتەللىپ ئىقبال:** ھازىر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىۋاتقان شېئىرلىرىڭىز سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ. شېئىرلىرىڭىزنىڭ سەۋىيە جەھەتتىكى يۇقىرىلىقى بىلەن بىرەر كىتاب چىقىرىشقا تامامەن ئىمكانىيىتىڭىز بار ئىدى، نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر ۋە ھەۋەسكارلار شېئىرلار توپلىمىڭىز بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە بىرنېمە دەپ باقامسىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** ھەممىگە چۈشىنىشلىك، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ نەشرىيات ئورۇنلىرى بازارغا يۈزلەندى. شۇنداق بولغانىكەن، دەۋرىمىزدە مەلۇم ئىقتىسادىي كۈچ بولمىسا، مەنىۋى ئەمگەكلىرىمىزنى كىتاب قىلىپ چىقىرىش خىيالى قىيىن. مەن ئەزەلدىن ئىچىمدە ياشاپ كەلگەن ئادەم. جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر مەن ئۈچۈن يات ۋە يىچۈن. بۇ كىتاب نەشر قىلدۇرالماسلىقىمدىكى بىر سەۋەب. يەنە بىرسى نەشرىيات سودىگەرلىرى خەلقكە جىددىي زۆرۈر بولغان، ياقىدىغان، سېتىلىش دائىرىسى كەڭرەك بولغان بىر قىسىم ماقالە ۋە تارىخىي رومانلارغا بەكرەك قىزىقىدىكەن. ھېچقايسىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن شېئىرغا مەبلەغ سالمايدىكەن. شېئىرغا مەبلەغ سالغان تەقدىردىمۇ مەندەك تېخى ئات - ئۇچۇرى چىقمىغان يېڭىياچى قەلەمكەشلەرگە نەزىرىنى

سالمايدىكەن. كىتاب چىقىرىش ياخشى ئىش. كىتاب چىقارغان بەزى شائىر تونۇشلىرىمنىڭ دېيىشىچە، بىر كىتاب چىقىرىۋالسا خېلى ھاردۇقى چىقىپ قالارمىش. كۈتۈپ تۇراي، مېنىڭمۇ ھاردۇق چىقىرىدىغان ۋاقىتلىرىم كېلىپ قالار......

**مۇتەللىپ ئىقبال:** ھەممە ئادەمدە ئارزۇ بولىدۇ. ھاياتىڭىزدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغىنىڭىزغا ئۆكۈنگەن چاغلىرىڭىزمۇ بولغانمۇ؟ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ مۇكەممەل تەربىيەگە ئىگە بولغان بولسىڭىز، ھازىرقىدىنمۇ ياخشىراق يېزىشىڭىز مۇمكىنمىدى؟

**غوجمۇھەممەد مۇھەممەد:** تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاران پۈتكۈزگەنمەن دېسەم ھەيران قالىسىز. ئوقۇشتىن زېرىكىپلا تۇراتتىم. ئۆتۈشۈمدىن ئۈمىد بولمىسىمۇ، ئاتا ـ ئانامنىڭ ئون بىر يىل جاپا تارتىپ ئوقۇتقان ئەجرى ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بەردىم. دادامنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۈچىنچى قېتىم ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن قايتا ئوقۇشقا كىرگەن يىلىنىڭ ئۈچىنچى ئېيىدا، سىنىپىمىزدا خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئىشچى ئالىدىكەن، دېگەن خەۋەر تارقالدى. دادامغا ئىمتىھان بېرىپ سىناپ باقاي دېدىم، دادامنىڭ گەرچە مېنى ئىشچى قىلغۇسى بولمىسىمۇ يەنىلا رايىمغا باقتى. كىم ئويلىغان دەيسىز، مەن بۇ ئىمتاھاندىن ئۆتۈپ كەتتىم. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ قانداق ھاياجانلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ھېس قىلىشىمچە، مېنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ھاياجىنىم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھاياجىنىدىن قېلىشمايتتى. ناھىيە بويىچە ئىمتىھاندىن ئۆتكەن 80 بالا پاختا توقۇمىچىلىق بىلىملىرى بويىچە ئىككى يىل تەربىيەلەندۇق. ئەگەر ئاتاش توغرا كەلسە بۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدۇر...... بارا ـ بارا شېئىر يازمىسام ياشىيالمايدىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم، بىراق يازغانلىرىم ئۆزۈمگە زادىلا يارىمايتتى. شۇنداق

چاغلاردا ئويلايتتىم: «ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان بولسام شېئىر يېزىشتا بۇنچە قىينالماستىم......» بىراق يەنىلا يېزىۋەردىم. بىر كۈنلەردە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتكۈزگەن بىر مۇئەللىم تونۇشۇم «ئۇنىۋان ئالماقچى ئىدىم، ماقالە يېزىپ بەرسىڭىز......» دەپ قالدى. ھەيران قالدىم، ئەجەبا، ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتكۈزگەن مۇئەللىمغۇ؟!...... شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئالىي مەكتەپتە يازغۇچى ـ شائىر تەربىيەلىمەيدىكەن. دۇنيادا ئىككى كەسپنىڭ ئۇستازى يوق ئىكەن، بىرى ئاشىقلىق، يەنە بىرى شائىرلىق ئىكەن. تالانت بولغاندىلا، ئاندىن شېئىرىيەتنىڭ پېشىنى تۇتقىلى بولىدىكەن. ئۆز ئىشىغا ئېتىقاد ۋە مۇھەببەت بولمىسا، ھەرقانداق مۇكەممەل تەربىيەمۇ جۇۋالدۇرۇزدىن باشقا نەرسە ئەمەسكەن، شائىرنىڭ بىرلا مەكتىپى بار ئىكەنكى، ئۇ ــ شائىرنىڭ ئۆز قەلبى ئىكەن...... لېكىن بارا ـ بارا ئېھتىياجىم كۆچەيدى، بىلىمىمنىڭ كەمچىللىكى ئېجتىھاتىم ۋە قايناق تالانتىمغا بەزىبىر توسالغۇلارنى ئېلىپ كەلدى. شېئىر تەبىئەت قوينىدا كۆكلىگەچكە، ئۇنىڭ تەبىئەتتىكى تۆرلۈك شەيئى ۋە ھادىسىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىكەن. مېنىڭ تەبىئىي پەنلەردە قارا ساۋات بولۇشۇم ئىجادىيىتىمنى ئىنتايىن تار دائىرە ئىچىدە چەكلەپ قويدى. ئۆزۈم ياشاۋاتقان زېمىننىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى ھەققىدە تۇزۇكرەك مەلۇماتىمنىڭ يوقلۇقىدىن شېئىر يېزىۋېتىپ تالاي قېتىم كېكەچلەپ سالدىم. خەيرىيەت، ئەمدى مەندە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتى يوق. پەقەت زورۇر دەپ قارىغان بىلىملەرنى ئۆزۈم ئۆگىنىش پۇرسىتىلا بار. بۇ پۇرسەتمۇ مەندەك يەتتە ئەزاسى ساق، تەندۇرۇس ئادەم ئۈچۈن چوڭ غەنىيمەت......

**مۇتەللىپ ئىقبال:** ئىككى يىلدىن بېرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا بەدىئىيلىك، شەكىل جەھەتتىن بىر قەدەر يۇقىرى بولغان

نويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

شېئىرلارنى ئېلان قىلدىڭىز. «ئەرنىڭ ئېپپېتى»، «ئوتتۇز ياش»، «قۇم شەھەر»، «جېنىمغىنە، جېنىم ئامرىقىم»...... بۇنىڭغا قارىتا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسى قانداق بولدى؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: «ئوتتۇز ياش» ناملىق شېئىرىمنى ئوقۇغان بەزى يېقىنلىرىم ھازىرقى تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئەكس ئېتىپتۇ، دېيىشتى. دەرۋەقە، ھەقىقىي بىر رېئال كەچۈرمىشنى لىرىك كەيپىياتتا ئىپادىلەش بىر قەدەر قىيىن، بۇ شېئىرىمنى ئۆزۈممۇ بەك ياقتۇرىمەن. «قۇم شەھەر»نىڭ تىلىدىكى ئەسەبىيلىك، «جېنىمغىنە، جېنىم ئامرىقىم»دىكى ياۋايىلىق مېنىڭ شۇ شېئىرلار يېزىلغان ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ چاغدا مەن قوشتاغدا ئۆتمۇشكە چىلىنىپ، كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىز ھالەتتە بولۇشقا ياشاۋاتاتتىم.

مۇتەللىپ ئىقبال: ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەك شېئىر يېزىش ئىزچىللىقىڭىزنى ساقلاپ كېلىۋاتامسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: شېئىر يازغان ۋاقتىمدا كەيپىياتقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىمەن. يەنە بىر جەھەتتىن شېئىر يېزىشقا ئولتۇرغىنىمدا، مەن ئۇچۇن چەكسىز ۋاقىت بولۇشى كېرەك. بىر ياكى ئىككى سائەتتىن كېيىن باشقا مۇھىم ئىش چىقىپ قېلىش ئېھتىمالى بولسا كاللامغا چەك ئۇقۇمى كىرىۋېلىپ، پىكرىمنى يىغالمايمەن. دېمەك، مەن ئۇچۇن ماڭىلا خاس ۋە دەخلىسىز ماكان بولۇشى كېرەك. ھازىرچە مۇقىم تۇرالغۇم يوق، شۇڭا ماكانسىزلىق تۈپەيلىدىن كۆپ قىينىلىمەن. بەزىدە شېئىر يېزىش ئىشتىياقى مېنى قاتتىق چۇلغىۋالىدۇ. مەن تۇرمۇشتىن داۋاملىق ئىلھام ئىزدەيمەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ماكانسىزلىق ئىزچىللىقىمنىڭ داۋاملىشىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ.

مۇتەللىپ ئىقبال: بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر بىلەن ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ رولىغا قانداق

قارايسىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** سەنئەت نۇقتىسىدىن چۈشەنگەندە، ھەرقانداق ئەسەر ھەم بەدىئىي قىممەتكە، ھەم ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دېھقانلارنىڭ نىسبىتى كۆپرەك، زىيالىيلارنىڭ ساپاسى نىسبەتەن تۆۋەن. ساپ بەدىئىي قىممەتنى ئاساس قىلغان ئەسەرلەرنى يېزىپ مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە ئېرىشمەك تەس. نەۋايىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ ئون بەشىنچى ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى پارلاق نامايەندە ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئۇ بىزگە نىسبەتەن بەش ئەسىردىن بېرى تېخى تولۇق ئېچىلمىغان سىر، چۈنكى ئۇ ساپ سەنئەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەسەر يازغان. بىر ئەسەرنىڭ قىممىتىنى بايقاشتا سەنئەت نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنمىسا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى مەلۇم بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىش بىلەن چەكلىنىپ، كېيىنچە تارىخقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن ساپ سەنئەتنىڭ نۇرلىرىنى تېپىش تەسكە توختايدۇ.

**مۇتەللىپ ئىقبال:** سىزنىڭچە، كىشىلىرىمىز تەبىئەتتىن ياتلىشىۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش مۇھىممۇ؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** تەبىئەت دېگەندە، ئەتراپىمىزدىكى بىزنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى بولغان تەبىئىيلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەسلىي خاراكتېرىدىن ياتلىشىش ئىنساننى ياۋۇزلۇققا، رەھىمسىزلىككە، مۇھەببەتسىزلىككە، چۈشكۈنلۈككە، بەربادلىققا باشلايدۇ. ئىككى پۈت مېڭىش ئۈچۈن يارىتىلغان، بىراق قاتناش قوراللىرىنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشى ۋە ئىلغارلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇرۇن تاغلارغا يامىشىدىغان، چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپ تالمايدىغان پۇتلار ئىقتىدارىدىن قېلىپ، ئازراق يول يۇرسىلا ھالىدىن كېتىدىغان بولۇپ قالدى. تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى ماددىيىتى

تويۇنغان كىشىلەرنىڭ تاغقا يامىشىش، چۆللەرنى پىيادە كېسىپ ئۆتۈش قاتارلىق خەتەرلىك ھەرىكەتلىرى ۋە ھەر خىل يۇگۇرۇش مۇسابىقىلىرى، بەلكىم پۈتلىرىنىڭ يوقالغان تەبىئىي ئىقتىدارىنى سېغىنىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پائالىيەتلەردۇر. تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەۋجۇدىيىتى بولمىش ئىنسان بالىسى تەبىئەتنىڭ مەركىزىدە تۇرۇپ پائالىيەت ئېلىپ باردۇ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى تەبىئەت دۇنياسىنى يا ئۇنداق، يا مۇنداق تەسىرگە ئۇچرىتىدۇ. تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش — ماھىيەتتە تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە بولغان پۈتكۈل مەۋجۇتلۇقنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشتۇر. ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر بىلەن شۇ قەدەر مۇكەممەل، شۇ قەدەر تەرتىپلىك ۋە شۇ قەدەر پاساھەتلىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ كىشىلەر نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟ ئېنىقكى، ئىنسانلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان تەبىئىي ئېكولوگىيە يەنە ئىنسانلارنىڭ روھىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شەھەرلەردىكى تاش، سېمونت، مېتاللار سوغۇقلۇقى بىلەن قەلبلەردىكى ھارارەتنى سوۋۇتۇپ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەت ئوتىنى ئۆچۈردى ۋە ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىدىن ياتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى پۈتۈنلەي مېخانىكىلاشقان. تەپەككۇرى، تەسەۋۋۇرى ئۆز ئوقىدىن ھالقىپ چىقالمايدۇ. چىرايلاردىكى سولغۇنلۇق، بىتاقەتلىك ھالەتلىرى كىشىنى بىسەرەمجان قىلىدۇ. ئۇلار نېمىدىندۇر خاتىرجەمسىزلىنىدۇ، نېمىلەرنىدۇ ئىزدەيدۇ، سېغىنىدۇ، ئەمما تاپالمايدۇ. كوچىدىكى مىڭلىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئادەملەر يالغۇز ماڭىدۇ. توي - تۆكۈنلەردىكى يالغۇزلۇق، ئۆلۈم - يېتىملەردىكى يالغۇزلۇق، بەزمە - مەشرەپلەردىكى يالغۇزلۇق…… ھەممە ئادەم يالغۇزلۇق ئازابىدا ئۆرتىنىدۇ. بىر - بىرىنىڭ

كۆڭۈللىرىگە كىرىدىغان ئىشىكنى تاپالمايدۇ. «مەن......» دەيدۇ بىر ناتىق سۆزىنىڭ مۇقەددىمىسىدە، سۆزىنىڭ خاتىمىسىدە يەنە «مەن......» دەيدۇ. ئۇچۇر دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېز، كۆڭلىنىڭ قۇرغاق بولۇشى ۋە ھەددى ـ ھېسابسىز يالغۇزلۇقى پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىقلا ۋاقىتلىق داۋاغا ئېرىشەلەيدۇ.

**مۇتەللىپ ئىقبال:** بەزى ئەسەرلەرنى تىل ئارقىلىق ئوقۇپ، كاللا ئارقىلىق تەپەككۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت يۈرەك ئارقىلىق ئوقۇپ، يۈرەك ئارقىلىقلا چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى ھېچقانداق شەكىل، قېلىپلارغا سېلىپ ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن شېئىرنى چۈشىنىش مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟

**غوجمۇھەممەد مۇھەممەد:** شېئىر مۇزىكىغا ئەڭ يېقىن نەرسە. شېئىرنى چۈشىنىش ئەمەس، ھېس قىلىش ئەڭ مۇھىم. چۈشىنىش كاللىدا بولىدۇ، ھېس قىلىش يۈرەكتە. بەزى شېئىرلارنى ئوقۇپ ناھايىتى زور ھاياجانغا تولىسىز، بىراق ئۇ ھەقتە ھېچنېمە دېيەلمەيسىز. شېئىر سىزگە پۈتۈنلەي تەئەللۇق بولمىغاچقا سىزدە ئىنتىلىش مەۋجۇت.

**مۇتەللىپ ئىقبال:** جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەر يازغۇچى ـ شائىرلاردىن نارازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ يۈرۈشىدىكەن. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئەدىبلەرنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى بىلەن يازمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىدە گەۋدىلىنىدىكەن. ئادەملىك پەزىلىتى بىلەن ئەدىبلىك بۇرچ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قانداق قارايسىز؟

**غوجمۇھەممەد مۇھەممەد:** يازغۇچى ـ شائىرلار ئاۋۋال ئادەمدۇر. ھەرقانچە ئۇلۇغ ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەۋلىياسىمان ئەدىبمۇ تۇرمۇشتا ئادەملىك سالاھىيىتى بىلەن ياشاشقا مەجبۇر. بەزى بىر ئۇلۇغ ئەدىبلەر باركى، يازمىلىرىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

يۈكسەك ئىدىيە، تەڭداشسىز گۈزەل ۋە سىرلىق ماتانەت بىلەن ئۇقۇرمەنلەرگە ئادەم ئەمەستەك، گويا بىر ئەۋلىيا، پاكى ئادەتتىكى نورمال ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر ئادەمدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز تەبىئىتىگە سادىق بولىمەن، ۋىجدان ـ غۇرۇرۇمغا خىلاپ ئىش قىلمايمەن، دەپ ئادەتتىكى ئادەملەردەكمۇ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماي، رېئاللىقنىڭ ئارقا بۇلۇڭلىرىدىكى قاراڭغۇ كوچىلاردا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرگەنلەر بار. ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ، ئەڭ چۈپرەندە ئادەملەردەك كوچىلاردا يېتىپ قالغانلىرىنىمۇ ئاڭلىغاندىم. ئاياللارغا قانات سۆرەپ خالايىقنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالغانلىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ...... بىراق ئۇلار يېزىقچىلىق ئۆيىگە كىرىپ ئىجادىيەتكە تۇتۇنغاندا يەنە ئەۋلىيالىقنىڭ كۆرۈنمەس تونىنى كىيىۋالسا كېرەك. ئەمما زور كۆپچىلىك ئوقۇرمەنلەر يەنىلا ئۇلارنى يازمىلىرى ئارقىلىق تونۇيدۇ، ئۇلارنى يازمىلىرىدىكىدەك ئۇلۇغۋار ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. شۇنداق بولۇشىنى خالايدۇكى، باشقىچە بولۇشىنى زىنھار خالىمايدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىچىپ قويسا مەيلىكى، ئۇلار كىچىككىنە يەل قويۇپ بەرسە زىنھار كەچۈرمەيدۇ. ئۇلار مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ نەزىرى ئاستىدا ئېھتىيات بىلەن قەدەم بېسىشى كېرەك...... ئازراق بولسىمۇ، ئۇلارغا ئىنسانلىقنىڭ ئارامىجانى بولغان مەستلىكنى، ھەۋەس شەيتىنىنى بېرىش كېرەككۇ!...... لېكىن بۇ يەردە پەزىلەت مەسىلىسى مەۋجۇت. دەرھەقىقەت، ئۇلارنىڭ يازمىلىرىغا قارىسىڭىز ئۇلار رېئاللىقتىن ئۈستۈن ئۇلۇغۋار روھ ھالىتىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەمەلىيەت بىلەن يازما ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەر مەۋجۇت. چېقىمچىلىق، ھەسەتخورلۇق، سۈيىقەستچىلىك قاتارلىق ئەدىبلا ئەمەس، ھەرقانداق ئىنسان بالىسى قىلسا بولمايدىغان قەبىھ ئىللەتلەردىن

ساقلانسىلا، ئۇلارنى ئىنسانلىقنىڭ بەزىبىر شوخلۇقلىرى تۇپەيلى سىلكىپ قويساقمۇ، يەنىلا كەچۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ. كىلاسسىكلار ھەققىدە ئاجايىب ھېكايىلەرنى بىلىمىز. مەشرەپنىڭ چېكىدىن ئاشقان كۆلپەت ئىچىدىكى چەكسىز شوخلۇقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى ئىنتايىن ئەدەب بىلەن ياشاپ ئۆتكەنىكەن. كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئۇ نامايەندىلەر ئۆزىنىڭ چىن ئىنسانىي پەزىلىتى، ئەسەرلىرىدىكى يۈكسەكلىك تۇپەيلى كۆڭۈللىرىمىزدا ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا ئوخشاش چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىر قامۇس بولسا، ھاياتى بىر قامۇس. بۈگۈنكى دۇنيا مۇرەككەپ، ياشىغانىكەنمىز، مەلۇم ئىجتىمائىي چەمبىرەك ئىچىدىن ھالقىپ چىقالمايمىز. ئەدىبلەرنىڭ يازمىسى بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۇلارنىڭ رېئاللىقتىكى ئۆزىدىن ھالقىش ـ ھالقىيالماسلىقىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئۇنداق ئوڭاي جەريان ئەمەس. ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئەدىبنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇپ مەلۇم تەسىرگە ئۇچرىغانىكەن، ئۇنىڭ ھاياتىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش ئىستىكىدە بولىدۇ، بىراق بۇ تامامەن ھاجەتسىز. مېنىڭچە، ئوقۇرمەن ئۆز ـ ئۆزىگە مۇستەقىل ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى، يازغۇچى ـ شائىرلارمۇ رېئاللىقتىكى ئۆزىدىن ھالقىشى، ئۆز تەشەببۇسىغا لايىق ئىش قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك.

**مۇتەللىپ ئىقبال:** بىر ئەدىبكە نىسبەتەن ئىپتىقاندا تۇرمۇشنىڭ پايانى بولمايدۇ. پايانى بولمىغان ئاشۇ تۇرمۇش ئەدىبكە چەكسىز ئىلھاملارنى ئاتا قىلىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، نوقۇل بىرلا ژانىرنى تۇتقا قىلىش مەلۇم چەكلىمىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شېئىرىيەت جەھەتتىكى تالانتىڭىزغا باشقىلار قايىل، باشقا ژانىرلاردا ئەسەر يېزىپ بېقىشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

**غوجمۇھەممەد مۇھەممەد:** تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ياشىغانىكەنسىز، ئۇنىڭدىن بەلگىلىك ئىجادىيەت ئوزۇقى، روھىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

ئېنېرگىيە ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە، ھەممىنى بىرلا خىل ژانىردا ئىپادىلەيمەن دېيىش ئانچە ئاقىلانىلىك ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن بىر ئەدىبكە نىسبەتەن ژانىر مەسىلىسى ئانچە مۇھىم ئەمەس. ۋاقتى كەلگەندە ژانىرنى ئەسەرنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ. ئەڭ مۇھىم بولغىنى — ھەقىقىي ئەسەر يېزىشتۇر.

مۇتەللىپ ئىقبال: «بۇگۇن» ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىزنى دەپ باقامسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: ھەرقانداق بىر قەۋم پەقەت ئۆز - ئۆزىنى بىلىش ئارقىلىقلا يوقىلىپ كېتىشتىن ساقلىنالايدۇ. ئۆزىنى بىلىش — ھەر بىر شەخسكىچە ئومۇملىششى كېرەك. ھەر بىر شەخس يەككە مەۋجۇتلۇق ھالىتى بىلەن ئۆز خاسلىقىنى يېتىلدۈرۈشى، بىر قەۋمگە تەۋە بولۇش ھالىتى بىلەن كوللېكتىپ ئاڭغا ئىگە بولۇشى كېرەك. بىر كوللېكتىپنىڭ ئۆزاققىچە دەۋران سۈرۈش، سۈرەلمەسلىكى شۇ كوللېكتىپقا تەۋە شەخسلەرنىڭ يەككە خاسلىقى، ئىجادچانلىقى ۋە ئۆزگىچە تەپەككۇرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىز ئۇچۇن پەۋقۇلئاددە دەۋر بولغان بۇگۇنكى زامان، بىزدىن ئىقتىساد جەھەتتىكى يۈكسىلىش ۋە تاكامۇللۇقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، مازايى - ماشايىخلاردىن ئەمدىلا قايتقان جەللىخور روھىمىز ئەبجەق تېنىمىزنى تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ.

2003 - يىلى 1 - ئۆكتەبىر، خوتەن

# مەن ئۆزۈمنىڭ چىغىر يولىدا ماڭىمەن

— ئابلەت ئەخمەت بىلەن سۆھبەت

**ئابلەت ئەخمەت:** بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە، شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىدىكى شائىر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن سىز توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپلەر بولۇندى، شۇڭلاشقا ئۆزىڭىز ھەققىدە تەپسىلىيرەك، تەرجىمىھال خاراكتېرىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** ئانامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، 1971 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تاڭ سەھەردە، سانسىز ئادەملەرگە ئوخشاش قىرقىراپ يىغلىغان پېتى تۇغۇلغان ئىكەنمەن. ۋاھالەنكى، يىغلاپلا بولدى قىلماي تېلىقىپتىمەن. ئىككى مىنۇتلارغىچە نەپەسىم توختاپتۇ. ئۆيدە ئالا - توپىلاڭ بوپتۇ. بىرسى چېكەمنى ئۇۋۇلىسا، بىرسى سۇغا يۇگۇرۇپتۇ. بىرسى داكىغا يۇگۇرسە، بىرسى خەسىگە...... قىرقىراپ يىغلىغان پېتى تۇيۇقسىز كۆزۈمنى ئېچىپتىمەن...... مەن توختىماي يىغلايدىكەنمەن. كۈندۈزلىرى ئانچە - مۇنچە ئۇخلىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا تۈن بويى يىغلاپ چىقىدىكەنمەن. سەللا دىققەت قىلمىسا تېلىقىپ قالىدىكەنمەن. بىچارە ئانام تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي مېنى بەزلەپ چىقىدىكەن. ھېلى ئەمچەك سالسا، ھېلى مېنى كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ ئىچىدە ماڭىدىكەن. چۈشىنىش - چۈشەنمەسلىكىمنى

ئويلاشمايلا مۆتلۈق ناخشىلارنى، تەسىرلىك قوشاقلارنى ئېيتىپ مېنى ئەللەيلەيدىكەن. مەن يىغىدىن زادى توختىمىسام، مەن بىلەن بىللە يىغلايدىكەن. يىغلىسامىلا يىغامنى توختىتىش ئۈچۈن ھەر ئامالالارنى قىلىدىكەن، تېلىقىپ قېلىپ جېنىمنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن قورقىدىكەن. پەقەت ئانامنى ئېمىۋاتقان ۋاقتىمدىلا يىغىدىن پەسلەيدىكەنمەن. كۆنبويى ئاغزىمدىن ئانامنىڭ ئەمچىكى چۈشمەيدىكەن. ئانام ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ، ئەمچەكلىرى قۇرۇپ كېتىپتۇ. نېمە ئۈچۈندۇركىن، ئانامنى يالماپ شۇنچە ئەمگىنىم بىلەن ئىنتايىن ئاۋاق ۋە ۋىجىك ئىكەنمەن. ئاھ، جاپاكەش ئانام!......

بىر ياشقا تولغان كۈنلىرىمدىكى بىر تاڭ سەھەرى ئىكەن. ئانام مېنى مىلىڭ تەستە ئۇخلىتىپ ئۇھ دەپتۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپتۇ. مەن يەنە قىرقىراپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. شۇ يىغلىغان پېتى يىغلاپ - يىغلاپ تېلىقىپ قاپتىمەن. چىرايىم ئاقىرىپتۇ، نەپسىم توختاپتۇ. ئانام دادامنى ئويغىتىپتۇ، ئىككىسى پايپېتەك بولۇپ چېكەمنى ئۇۋۇلاپتۇ، مەڭزىمنى چىمداپتۇ، يۈزلىرىمگە سۇ چېچىپتۇ. ئۆلۈكتەك جىمجىت ياتار ئىكەنمەن...... دادام مەسچىت جامائىتىنى باشلاپ كەپتۇ. يىغا - زارە كۆتۈرۈلۈپتۇ. كېپەن تەييارلىنىپتۇ. مېيىت يۇيغۇچى مېنى ئۈزۈن ياغاچ تاختايغا ياتقۇزۇپتۇ ۋە «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ بىر نوگاي سوغۇق سۇنى قۇيۇپتۇ. مەن تۇيۇقسىز يىغلىغىنىمچە ھوشۇمغا كەپتىمەن...... ئەسلىي مېنىڭ ئىسمىم نۇرمۇھەممەد ئىكەن. ئۆلىمالار ئاتا - ئانامغا ئىسمىمنى ئۆزگەرتىپ بېقىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپتۇ - ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، مېنىڭ كۆپ يىغلىشىمنىڭ ئىسمىم بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بار ئىكەن. ئىسمىمنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپتۇ. ئۆلىمالار يەنە «مۇھەممەد» دېگەن بۇ ئىسىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ

مۇبارەك ئىسمى ـ زاتى، شۇڭا مۇھەممەد تومۇرى بىلەن كېلىدىغان ھەرقانداق ئىسىمنى ئۆزگەرتسە زور گۇناھ بولىدىغانلىقىنى، ئۆزگەرتىش توغرا كەلسە يەنە مۇھەممەد كېلىدىغان ئىسىم بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئىسمىم غوجىمۇھەممەد بوپتۇ.

كىچىكىمدىنلا جىمغۇر بالا ئىدىم. باللار ئويۇن ئوينىسا، بىر ياندا قاراپ تۇراتتىم. بىرەرسى يۇزۇمگە ئۇزاقراق تىكىلىپ قارىسىمۇ يىغلاپ سالاتتىم. مەكتەپتە ئاشۇنداق ئوقۇدۇم. يالغۇزلۇق ماڭا ھەمراھ بولدى. مەندەك بىر شىڭگىل يا تاتلىق، يا ئاچچىق گېپى يوق گومۇش بالا بىلەن كىممۇ دوست بولۇشنى خالىسۇن؟ سىزمۇ بىلىسىز، ئىككى قېتىم ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىدىم. ئۆزۈممۇ ئىقرار، دەرسلەردە ناچار ئىدىم. مۇئەللىم مېنى «دۆت» دەپ تىللايتتى. ئاتا ـ ئانام جاپايىمنى تولا تارتقاچقىمىكىن ماڭا بەكلا ئامراق ئىدى. دادامنىڭ قانچىلىك جاپا تارتىسىمۇ ۋە قانچىلىك چىقىم كەتسىمۇ، مېنى ئەڭ يۇقىرى مەكتەپلەرگىچە ئوقۇتقۇسى بار ئىدى. ئەپسۇس، دۆتلىكىم تۈپەيلىدىن دادامنى بۇ ئارزۇسىغا يەتكۈزەلمىدىم. دادام ئېگىز بويلۇق، سېرىق يۈزلۈك، يېشىل كۆزلۈك تىپىك ئۇيغۇر پورترېتىغا ئىگە ئادەم ئىدى. ئۇ مەن ئەقلىمنى بىلگەندىن بېرى دوختۇر بولۇپ، قوشتاغ بويىچە خېلىلا ئۇستا دوختۇر ئىدى، ھەمدە ئەل ئىچىدە ھۆرمەت ـ ئىناۋەتكە ئىگە يۇرت مەشھۇرلىرىدىن ھېسابلىناتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئائىلىمىزدىكى يەتتە جان دادامنىڭ ئىش ھەققىگە قاراشلىق ئىدۇق، دادام 1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يۈرەك تىقىلمىسى بىلەن تۇيۇقسىز تۈگەپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئائىلىمىز دېھقانچىلىقنى كەسىپ قىلغان ئىدى (ئۇ ئاز گەپ قىلاتتى، لېكىن مىجەزى سەل چۇسراق ئىدى). تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى

پوتكوزوپلا، يەنى 1990 ـ يىلى خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئىشچىلىققا كىردىم. خىزمەت ھاياتى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىغا ئوخشىمايدىكەن، يالغۇزلۇق مېنى تەلتۆكۈس ئىسكەنجىگە ئالدى. كىتاب بىردىنبىر ھەمراھىم بولدى. شېئىر يېزىشقا بېشىمچىلاپ چۆكۈپ كەتتىم. فابرىكىدا 2002 ـ يىلغىچە تۇپتوغرا 12 يىل ئىشلىدىم. خىزمىتىم جاپالىق، ئىش ھەققىم زىيادە تۆۋەن ئىدى، لېكىن تۇرمۇشتىن زارلاپ باقىنىم ئېسىمدە يوق. مەن بىر خىل ئاددىي، داغدۇغىسىز تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن ئىدىم. 1997 ـ يىلى بىرگە ئىشلەيدىغان بىر قىز بىلەن توي قىلدىم. بىز بەش يىل ئۆي تۇتتۇق، ئوغلىمىز ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى ئاجرىشىپ كەتتۇق. ئاجرىشىپ كېتىشىمىزنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. ئايالىم زامانىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاياللارغا ئوخشاش مەنىۋىيەتتىن ماددىيەتكە بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلۇغ ئىستەكلەردىن ئاددىي ئەمەلىيەتكە بەكرەك چوقۇناتتى. ئۇ نۇرغۇن پۇلىمىز، كەڭ ـ كۇشادە ئۆيىمىز بولسا...... دەپ ئارزۇ قىلاتتى. مەن ئايالىمنىڭ بۇ ئارزۇلىرىنى قاندۇرالمىدىم. ئاخىر ئۇ ئۆز ئارزۇلىرىنى بويلاپ كېتىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي خىزمەت ئورنۇمدىنمۇ ئايرىلدىم ـ دە، ھېچنېمەم يوق ھالەتتە كوچىغا چىقتىم. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام جاھان مەن ئويلىغاندەك ئازادە ۋە گۈزەل ئەمەسكەن. يول بويلىرىدا ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپتۇ، يوللاردا ماشىنىلار توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرۇپتۇ. كىشىلەر نېمىگىدۇر ئالدىراش ئىكەن، ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرى ھەممىدىن قايناق ئىكەن...... نېمە قىلىشىم كېرەك؟ قانداق ياشىشىم كېرەك؟!...... جەمئىيەت بىلەن بولغان زىددىيەتلىك كۈرىشىم باشلاندى. مەندەك ئۇزۇن يىللارغىچە ئۆزىنىڭ تېگى يوق ھەررەڭ ـ سەررەڭ خىياللىرى ئىچىدە ياشىغان ئادەمگە نىسبەتەن جەمئىيەت بىر تىلسىمات ئىدى. مەن

بىر كىچىك بالىدەك ياكى باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەن كەلگۈندى مۇساپىردەك ھەممىگە قىزىقاتتىم، ھەيران بولاتتىم، سۆيۈنەتتىم، نەپرەتلىنەتتىم...... بىر ئايدەك ۋاقىتىمنى خوتەن شەھىرىدە لاغايلاپ ئۆتكۈزدۈم. راستىمنى دېسەم نېمە قىلىشنى بىلمەيتتىم. ياشاش كېرەككۇ ئاخىر، ياشاش كېرەك!...... ياشاش ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمايتتى، نەدىكىنە ئاشۇ پۇل؟!...... مەن ئاخىر پۇل تېپىش ئۈچۈن تەرەددۇتلەنگەن ئىشلەمچىلەرگە قوشۇلۇپ پاختا تېرىش ئۈچۈن ئاقسۇغا بارماقچى بولدۇم. ياشاشنى تۇنجى قېتىم سىناق قىلىۋاتقاندەك ئىدىم، مەن ياشاشنى ئاستا ـ ئاستا ئۆگەنمەكچى بولدۇم...... مەن ئاقسۇ ئاۋات ناھىيەسىنىڭ غوروچۆل دېگەن يېزىسىغا كېلىپ توختىدىم. ئۆزۈمنىڭ بۇ قەدەر يارىماسلىقىمنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام كاشكى، پۇلنى بارلىق پاختىلارنى تېرىپ بولغاندىن كېيىن بىراقلا بېرىدىكەن. ئىش بەكمۇ جاپالىق بولغاچقا ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرەلىشىمگە كۆزۈم يەتمىدى. خوتەنگە قايتىپ كەلدىم، خوتەن شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. يول بويلىرىدا ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ، يوللاردا ماشىنىلار توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرۇپتۇ، كىشىلەر نېمىگىدۇر ئالدىراش ئىكەن...... مېنى 12 يىل باققان بۇ شەھەردە ياشاشتىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، ئاددىيلا «خوش» دېدىم ـ دە، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا سەھرا ــ قوشتاغقا راۋان بولدۇم. ئانام مېنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مېنىڭ قايتىپ كەلگىنىمگە ناھايىتى خۇش بولدى. ئانام بىلەن تالاي كېچىلەر تاڭغىچە مۇڭدىشىپ چىقاتتۇق. ئۇ مېنىڭ ئانام بولۇپلا قالماي، يەنە بۇ دۇنيادىكى مېنى ئەڭ چۈشىنىدىغان بىردىنبىر دوستۇم ئىدى. ئۇنىڭ مۇنۇ گەپلىرى ھازىرمۇ ئېسىمدە: «بالام، ياراتقان ئىگەم ئىنسانغا ھەممىنى تەل قىلىپ بەرمەيدۇ، بىرىنى بەرسە، بىرىنى بەرمەيدۇ. سىزگە قەلەمنى

بىرىپتۇ، ئۇنى تاشلاپ قويسىڭىز گۇناھكار بولىسىز. مۇھەببەت، ئىجتىھات بىلەن قىلغان ھەرقانداق ئىشنىڭ ھامان بىر ياخشى خۇلاسىسى بولىدۇ. دۇنيادا توخۇنىڭ تۇزۇپ چۈشكەن بىر تال تۈكىدىن باشلاپ قىزىلگۈلنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشۋاتقان غۇنچىسىگىچە ئېتىبارسىز ئەمەس......»، مەن يەنە قولۇمغا قەلەمنى ئالدىم...... لېكىن 30 ياشتىن ئاشقان يەتتە ئەزاسى ساق، بىجىرىم بىر ئەر ئۇچۇن ياشىنىپ قالغان ئانىنىڭ قولىغا قاراپ ياشاش نېمىدېگەن كۆلكىلىك، نېمىدېگەن ئۇيات؟!...... ئۇزاق ئۆتمەي بېشىمغا يەنە پىت چۈشتى. ئۇرۇمچىگە چىقىپ بىرەر جاھاندارچىلىق يولىنى تۇتماقچى بولدۇم. ئېسىڭىزدىمىكىن، ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك ۋە سىز مېنى ئۇرۇمچىگە ئۇزىتىپ قويغان ئىدىڭلار. ئۇرۇمچىدە بىر ئايدەك تۇرۇپ قالدىم، بۇ جەرياندا كىيىم ــ كېچەك سېتىش قاتارلىق بەزى ئۇششاق تىجارەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ باقتىم، لېكىن ئاقتۇرالمىدىم. گۇمىغا قايتىپ كېلىپ، يەتتە ئاي ئەتراپىدا ناھىيەلىك سۇ ئىدارىسىدە ئىشلەپ ئۇ يەردىنمۇ يېنىپ چىقتىم. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدىكى مەتسىلىم مەتقاسىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن 2004 ــ يىلىدىن باشلاپ خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش بېكىتىنىڭ گۇما ناھىيەسىدىكى تارماق بېكىتىگە ئىشقا چۈشتۇم. ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش بېكىتىدە ئىشلەۋاتىمەن.

مانا بۇ، مېنىڭ تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە بولغان ئاددىيغىنە ھاياتىم. بەلكىم ئۇ جەمئىيەتتىكى سانسىز ئاددەملەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە سېلىشتۇرغاندا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر ئىشلاردۇر. شۇنداقتىمۇ مەن ۋە ھاياتىم ھەققىدە بەزى گەپ ــ سۆزلەر بولۇپتۇ. مېنىڭچە، بۇ يامان ئىش ئەمەس. مەن ھەقتە گەپ ــ سۆزلەرنىڭ تارقىلىشى جەمئىيەتتە ماڭا قىزىقىدىغان،

مېنى چۈشىنىپ يېقىشنى خالايدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى، ھاياتىمنىڭ مەلۇم قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ. مەن شۇنىڭغا خۇشكى، ھېچكىم مېنىڭ ئېتىقاد ـ ئىمانىمغا، ئەرلىك غۇرۇرۇمغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلمىدى. ئوخشاش بولمىغان ئاشۇ گەپ ـ سۆزلەردىن بىر خىل مېھىر ـ مۇھەببەت پۇراپ تۇرىدۇ.

**ئابلەت ئەخمەت:** «ئوتتۇز ياش» ناملىق شېئىرىڭىزدىكى «زېمىندا ئۆيۈڭ يوق، ئۆيۈڭدە خوتۇن» دېگەن مىسرالىرىڭىز، سىزنى بىلمەيدىغانلارغا «ھېچنېمىسى يوق، كوچىدا قالغان سەرگەردان» ئىكەن دېگەن خاتا تۇيغۇنى بەرگەن ئوخشايدۇ، بۇ ھەقتە ئېنىقراق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەمسىز؟

**غوجمۇھەممەد مۇھەممەد:** ئايالىمدىن ئاجرىشىپ، فابرىكىدىن ئايرىلىپ يەككە ـ يېگانە ھالەتتە جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ۋاقتىلىرىمدا روھىي ھالىتىمدە زور داۋالغۇش يۈز بەردى. ئۆزۈمنى گويا ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئۇزۇن مەزگىل ئۆز روھىي دۇنيايىمدا ياشاپ كەلگەچكە ئىجتىمائىيەت ئالدىدا تېڭىرقاپ قالدىم. رېئاللىق ئالدىدا ناقابىل ئىدىم. ياشاش تەرتىپىم توساتتىنلا بۇزۇلغان ئىدى. «قانداق ياشاش كېرەك؟»، بۇ كاللامدىكى بىردىنبىر سوئال ئىدى. «ئوتتۇز ياش» ناملىق شېئىرنى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ روھىي ھالەت ئىچىدە يېزىپ چىقتىم. دەرۋەقە، بۇ شېئىردا ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلغانلىقىم تەسۋىرلىنەتتى. تەسۋىرلەر شۇ قەدەر چىن ۋە تەسىرلىك ئىدىكى شېئىرىم ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنى قايتا ئوقۇپ ھېچنەرسەمنىڭ قالمىغانلىقىغا مەنمۇ چىنپۈتكەن ئىدىم...... ۋاھالەنكى، بۇ ئالەمدە ھېچنەرسىسى قالمىغان تىرىك ئادەم مەۋجۇت ئەمەس. ھېچنەرسەم قالمىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئاشۇ شېئىر شۇ قەدەر مۇڭلۇق، ئەمما ئۇنىڭدا بىر

خىل توسقۇنسىز كۆچ ۋە قايناق ھاياتقا تەلپۈنۈپ سوقۇۋاتقان ئىسسىق يۈرىكىم بار ئىدى. شېئىرىمنى ئوقۇپ مېنى «كوچىدا قالغان ھېچنېمىسى يوق سەرگەردان» دېگۈچىلەردىن قانداق ئاغرىنالايمەن؟ ھەر بىر ئوقۇرمەننىڭ ئۆزىگە خاس ئىستېتىك ئۆلچىمى، تەپەككۇر شەكلى بولىدۇ. بەزىلەر تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا چۆكۈپ روھىيىتىدىكى سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەيدۇ؛ بەزىلەر تىلدىكى مەنە بوشلۇقلىرىدىن شۇ شېئىرنى يېزىش جەريانىدا شائىرنىڭ ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان ئىجادىي زوقمەنلىككە ئېرىشىدۇ. ئۇلار شۇنداق چۈشەنگەن بولسا بوپتۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ شائىرنىڭ شېئىرنى قانداق يېزىشىنى بەلگىلەپ بېرىش ھوقۇقى بولمىغىنىدەك، شائىرنىڭمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ شېئىرنى قانداق چۈشىنىشى ۋە قانداق بەھرىلىنىشىنى بېكىتىپ بېرىش ھوقۇقى يوقتە.

**ئابلەت ئەخمەت:** بىر قىسىم شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى خوتەننى سىز بىلەن باغلاپ چۈشىنىۋاتىدۇ، مېنىڭچە، بۇ بىر ياخشى ئەھۋال. بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** بۇنىڭغا نېمە دەيمەن ئەمدى، ئۇلار نېمىشقا شۇنداق چۈشىنىدىغاندۇ؟ خوتەندە ياشاپ، خوتەندە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىم ئۈچۈنمىدۇ ياكى خوتەن توغرۇلۇق بىر نەچچە پارچە شېئىر يازغىنىم ئۈچۈنمىدۇ؟ ... بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمىدىم.

**ئابلەت ئەخمەت:** «دۇتارچى ئايال» ناملىق شېئىرىڭىز «ئاقىول شېئىرىيەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپتۇ. بۇ ئىلگىرى ئېرىشكەن «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا قارىغاندا قانداق ئۆزگىچىلىككە ئىگە؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** مەن ئۈچۈن شېئىرلىرىمغا بېرىلگەن ھەرقانداق مۇكاپاتنىڭ ئۆزگىچىلىكى يوق. «خانتەڭرى

ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ئۈچۈن 300 يۈەن بەردى، «ئاقىۋل شېئىرىيەت مۇكاپاتى» ئۈچۈن 2000 يۈەن بەردى، مۇكاپات سوممىسىنىڭ ئارتۇق بولۇشىنى ئۆزگىچىلىك دېيىش كېرەكمۇ قانداق؟!... بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، مەن ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك مۇكاپات قايسىدۇ؟ مۇنداق قارىسام ئاشۇ قىيىنچىلىق، يوقسۇللۇق مەزگىللىرىمدە ھاياتىمنى قىممەتكە، مەنىگە ئىگە قىلىپ مېنى داۋاملىق ياشاشقا ئۈندىگەن، روھىمنى بەربادلىقتىن ساقلاپ قالغان شېئىرلىرىم ماڭا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى مۇكاپات ئىكەن. مېنىڭ بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشۇم، تۇرمۇش ۋە مەنىۋىيەت يولىدا چەككەن ئازاب ـ كۈلپەتلىرىممۇ ياراتقۇچى تەرىپىدىن ماڭا بېرىلگەن مۇكاپات ئىكەن. ھەر بىر ئىنساننىڭ يارىلىشىدا بىر ھېكمەت بار ئىكەن. مەن ئاخىر قولۇمدىكى قەلەمنى ماڭا بېرىلگەن ئەڭ ئالىي مۇكاپات دەپ تونۇدۇم. ماڭا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە شېئىرلىرىمنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن نەشر ئەپكارلار ماڭا مۇكاپات بولمىش شېئىرلىرىمنى مۇكاپاتلىدى. ئالقىش ئالدىدا سۆيۈندۈم، كۆزلىرىمگە ياش ئالدىم...... «ئاقىۋل شېئىرىيەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ۋاقتىمدا، يىغىننىڭ ھارپا ئاخشىمى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى ئەيبۇ ياقۇپ يىغىندا مۇكاپاتلانغۇچىلارغا ۋاكالىتەن سۆزلەيدىغانلىقىمنى، قىسقىچە سۆز تېزىسى تەييارلاپ قويۇشۇمنى ئېيتتى. شۇ ئاخشىمى مەن تۆۋەندىكى سۆز تېزىسىنى تەييارلىدىم: «ھۆرمەتلىك ئەدىب ئۇستازلار، قەلەمكەش دوستلار ياخشىمۇسىلەر؟! مۇشۇنداق بىر كاتتا سورۇندا مۇكاپات ساھىبى بولۇپ، سىلەرگە ھۆرمەت ئېھتىرامىمنى بىلدۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. ‹تەڭرىتاغ› ژۇرنىلىدىكى دوستلارنىڭ ‹دۇتارچى ئايال› ناملىق شېئىرىمغا ئۆز سەھىپىسىدىن ئورۇن بەرگەنلىكىگە ۋە باھالىغۇچىلارنىڭ شېئىرىمنى مۇكاپات نامزاتى قىلىپ

تاللىغانلىقىغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مېنى بۇ كاتتا سورۇننىڭ ھەممە كۆز تىككەن ئەزىز مېھمىنى قىلغان ۋە بۇ مۇكاپاتنىڭ ساھىبى قىلغان ‹دۇتارچى ئايال› ناملىق شېئىرىمغا سەمىمىي رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن......»

ئەتىسى يىغىن باشلىنىش ئالدىدا ئەيبۇ مەندىن سۆز تېزىسىنى سورىدى، مەن تەييارلىمىدىم، دېدىم. چۈنكى، ئادەم كۆپ سورۇندا ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان ئەيىبىم بار ئىدى. قىسقىسى، ھەرقانداق بىر مۇكاپات مەن ئۈچۈن شېئىرلىرىم ماڭا ئاتا قىلغان زوق ـ ھاياجاندىن ئارتۇق ئەمەس.

**ئابلەت ئەخمەت:** شېئىرىي ئىجادىيەت تارىخىڭىزدىن قارىغاندا، سىز ئۆزۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان، ئىلگىرىلەۋاتقان ۋە ئىزچىللىقىڭىزنى ساقلاپ كەلگەن مول ھوسۇللۇق شائىر، شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرىغا ئىزچىللىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**غوجمۇھەممەد مۇھەممەد:** توغرا ئېيتتىڭىز، ئىزچىللىق شېئىر ئىجادىيىتىمدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئارتۇقچىلىقىم. شېئىرلىرىمنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولۇشى ئىجادىيەتتىكى ئىزچىللىقىمنىڭ نەتىجىسى. مەن تۇرمۇشنىڭ ئەڭ قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدىمۇ شېئىر يېزىشنى قەتئىي توختاتمىدىم. ھەممىگە ئايان، شېئىر ئىجادىيىتى پروزا ئىجادىيىتىگە ئوخشىمايدۇ. پروزا ئىجادىيىتىدە بىر مەزگىل ماتېرىيال توپلاش، تەپەككۇر جۇغلانمىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانى بولىدۇ. لېكىن شېئىر ئىجادىيىتى ئۇنداق ئەمەس، لىپ قىلىپ كاللاڭغا كەلگەن بىر تۇيغۇ سېنى ھاياجانلاندۇرۇپ دەقىقە ئىچىدە دەرگاھىڭغا بىرىپ بولىدۇ. شائىردا ئەڭ تېز سۈرئەتتە ھېس ـ تۇيغۇنى خاتىرىلەش ماھارىتى بولۇش كېرەك، بۇ ماھارەتنى يېتىلدۈرۈشتە ئىزچىللىقنىڭ رولى ھەقىقەتەن چوڭ. شائىر بىر مەزگىل

قەلەمنى تاشلاپ قويغاندىن كېيىن تەپەككۇرى گاللىشىدۇ، خاتىرىلەش سۈرئىتى ئاستىلاپ تۇيغۇنىڭ كەينىدىن يېتىشەلمەي پالاقلاپ قالىدۇ. ئۇن يىلدا يولۇۋاس بالىسىدىن بىرنى تۇغقان يازغۇچىلارنى كۆردۇق، بىر مەزگىل قەلەمنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇۋۇسىغا قايتا كىرىپ كۇرۇك مېكياندەك قۇرۇق قاقاقلاۋاتقان شائىرلارنى، ئىلگىرىكى سۇمۇرغ تۇخۇملىرىدىن زوقلىنىپ، ئەمدى قايتا ئۇنداق تۇخۇملىيالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ يا ئۇۋۇسىغا كىرەلمەي، يا ئۇۋۇسىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي ئۇۋىسى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن شائىرلارنىمۇ كۆردۇق.

**ئابلەت ئەخمەت:** سىزنىڭچە، شېئىر دېگەن نېمە؟

**غوجمۇھەممەد مۇھەممەد:** بۇ سوئالنى سورىمىسىڭىز بولاتتى، سورىغان ئىكەنسىز، مەنمۇ بىر نېمە دەپ باقاي. شېئىرغا نۇرغۇن شائىرلار ئوخشاشمىغان تەبىرلەرنى بېرىشتى، بەزىلەر«شېئىر — ئۆزىنى ئىزدەش سەپىرى» دېسە، بەزىلەر «شېئىر — ھەقىقەتنى ئىزدەش يولى» دېيىشتى. بەزىلەر «شېئىر - ئىنسان روھىنىڭ تاشقى ئالەم بىلەن بولغان دىيالوگى» دېسە ، يەنە بەزىلەر «شېئىر — تۇيغۇنىڭ يېزىق شەكلىدە خاتىرىلىنىشى» دېدى. ھەتتا بىر داڭلىق شائىر بىرسىنىڭ «شېئىر دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالىغا «شېئىر — ھېچنېمە» دەپ جاۋاب بەردى. ئەمدى مەن نېمە دېسەم بولار؟ بوپتۇ، مەنمۇ شېئىر يېزىۋاتقان بىر تىرىك شائىر بولغاندىكىن ئويلىغانلىرىمنى ئېيتاي: راستىمنى ئېيتسام، مەن شېئىرنى ئەل - ۋەتەننىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈنلا يازمايدىكەنمەن، شېئىرلىرىم ئارقىلىق خەلقنى تەربىيەلەشمۇ مېنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانىم ئەمەسكەن، يازغان شېئىرلىرىمدىن ئۆزۈم ھەممىدىن بەكرەك بەھرە ئالىدىكەنمەن، شۇنىڭدىن قارىغاندا، مەندە شېئىرغا نىسبەتەن شەخسىيەتچىلىك خاھىشى بەك كۈچلۈك ئوخشايدۇ.

شېئىر يېزىۋاتقاندا ئۆزۈممۇ ئۇنتۇغان ھالدا ئۆزۈمنىڭ دۇنياغا، جەمئىيەتكە، رېئاللىققا، تۇرلۇك ـ تۈمەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە بولغان كۆزقاراشلىرىمنى شېئىرلىرىمغا سىڭدۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنىدىكەنمەن، تۇيغۇمغا بەك چۈكۈپ كېتىدىكەنمەن. گاھ داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ ياقا يىرتىپ يىغلىسام، گاھ بىر ئەسەبىي بۇقىدەك قۇتراپ كېتىدىكەنمەن، يەنە كېلىپ ئاشۇ تۇيغۇ ھالەتلىرىمنى ئەينەن ئىپادىلەشكە تىرىشىدىكەنمەن. قارىغاندا، مەن ھە دەپ ئۆزۈمنى تەرغىب قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئوخشايمەن. شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ مەن شېئىرنى «ئۆزىنى يېيىش» دەپ قارىسام قانداق بولار؟...... بۇ مېنىڭلا قارىشىم جۇمۇ، خۇددى باشقىلارنىڭمۇ شېئىر ھەققىدە بىرنېمىلەرنى دەپ باققىنىدەك......

**ئابلەت ئەخمەت:** شېئىرنى قانداق ۋاقىتتا، قانداق كەيپىياتتا يازىسىز؟ شېئىر يېزىش ئادەتلىرىڭىز بىلەن تونۇشقۇمىز بار؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** فابرىكىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا ھەپتىدە ئۈچ كۈن كېچىلىك ئىسمىنا ئىشلەيتتىم. كېچە ئىشلىگەندىكىن كۈندۈزى ئارام ئالىدىغان ۋە باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغان گەپ. شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپلا كۈندۈزى، يەنى چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتا شېئىر يېزىپ ئادەتلىنىپ قاپتىكەنمەن، ھازىرمۇ ئاساسەن كۈندۈزى يازىمەن. كەيپىيات مەسىلىسىگە كەلسەك، قولۇمغا قەلەم ئېلىشتىن بۇرۇن مەندە ھېچقانداق روھىي تەييارلىق بولمايدۇ. يەنە بىرى مەن شېئىر يېزىشقا پارچە قەغەز ئىشلەتمەيمەن، ئەكسىچە خاتىرە ياكى دەپتەر ئىشلىتىمەن. ئالدىمغا دەپتەرنى قويۇپ، قولۇمغا قەلەمنى ئالغاندىن كېيىن ئويلىنىمەن، تەپەككۇر قىلىمەن. بەزىدە ناھايىتى تېزلا باشلىۋالىمەن، بەزىدە باشلىمىقىم ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. ھەتتاكى ئىككى ـ ئۈچ سائەتلەرگىچە بىرەر مىسرامۇ يازالمايمەن، بۇنداق ۋاقىتلاردا ھەر خىل رەسىملەرنى سىزىپ،

هۆسنخەتلەرنى يېزىپ كېتىمەن. قاچانلاردىدۇر شېئىر باشلىنىپ بولىدۇ. بەزىدە شېئىر يازاي دەپ ئولتۇرسام كاللام قۇپقۇرۇق، بۇنداق چاغلاردا كوپىيە دەپتىرىمنى ۋاراقلاپ دەپتەردىكى ھەر خىل رەسىم، چۈشىنىكسىز ھۆسنخەتلەرگە قارايمەن ياكى بۇرۇن يېزىپ كەيپىياتقا چۆكەلمەي تاشلىنىپ قالغان شېئىرلاردىكى پەۋقۇلئاددە يەككە مىسرالار تەپەككۇرۇمنى غىدىقلاپ يېڭى شېئىرىمنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

**ئابلەت ئەخمەت:** سىز قاچاندىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىدا «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»نى ئوقۇپ بەزى لەتىپىلەرنى يېزىپ باققىنىم ئېسىمدە. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا «پەرىزات خېنىم» ناملىق بەش پەردىلىك دىراما ۋە نۇرغۇن ھېكايىلەرنى يازدىم، ھەممىسى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمدىكى قىزىقىش ئىدى، خالاس. قىزىق يېرى، ئۇ ۋاقىتلاردا بىر پارچىمۇ شېئىر يېزىپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي بىر مەزگىل بىكار قالدىم. بۇ چاغلاردا بىر تۈركۈم شېئىرلارنىمۇ يازدىم...... بىر كۈنى «ئاجايىپ تەلپۈنۈشلەر» ماۋزۇلۇق بىر ھېكايە ۋە «مېنىڭ جەننىتىم» دېگەن بىر شېئىر ھەمدە ئۈچ پارچە رۇبائىينى شۇ چاغلاردا قوشتاغدىكى مەتبۇئاتلاردا شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان بىردىنبىر شائىر ئابلىكىم مۇساققا كۆرسەتتىم. ئابلىكىم مۇساق «ئەسەر»لىرىمنى ئەستايىل كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن: «ھېكايىگە قارىغاندا شېئىرلىرىڭىزدا بىر خىل تەبىئىيلىك ۋە راۋانلىق بار ئىكەن، ئەڭ ياخشىسى سىز شېئىر يازسىڭىز بولغۇدەك......» دېدى. ھەمدە مېنى پوچتىخانىغا ئاپىرىپ ھېكايە ۋە شېئىرلىرىمنى مەتبۇئاتلارغا سېلىپ بەردى. يازغان ئەسەرلەرنى گېزىت ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

ژۇرناللارغا پوچتىخانىدىن ئەۋەتىدىغانلىقىنى، شۇچاغدا ئۆگىنىۋالدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ھېكايەم «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 10 ـ سانىدا، شېئىر ۋە رۇبائىيلىرىم «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. بەزىدە ئويلاپ قالىمەن. ئەگەر ئابلىكىم مۇساق «ھېكايە يېزىڭ» دېگەن بولسا يازغۇچى بولارمىدىمكىن؟!

**ئابلەت ئەخمەت:** «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا يازغۇچى مەمتىلى ھېلىمنىڭ بىر ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ماقالىدىن سىز توغرۇلۇق ئەدەبىيات ساھەسىدە بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ ماقالىگە قانداق قارايسىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** مەمتىلى ھېلىم ئۇ ماقالىنى ئېلان قىلىشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى، يەنى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «غوجىمۇھەممەدنىڭ بايانى»دا دېگۈلۈكنىڭ ھەممىنى دەپ چاۋامنى چىتقا يېيىپ بولغان تۇرسام، ئۇنىڭغا يەنە قانداق قاراشتا بولماقچى ئىدىم. ئۇ «بايان»نىڭ قانداق يوروقلۇقتا چىقىدىغانلىقىنى بىلىپ باققۇڭىز بارمۇ؟ بىر كۈنى مۇتەللىپ ئىقبال مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ ماڭا: «سىز توغرۇلۇق بىر سۆھبەت خاتىرىسى يازاي دېگەنتىم» دېدى. مەن: «ئۇكام، ئويىڭىز مېنى خۇش قىلدى. بىراق مەن تېخى ئىجادىيەت سېپىدە تەمتىلەپ يۈرگەن بالىمەن، قىلغان ئىشىمنىڭ تايىنى يوق تۇرۇپ سۆھبەت خاتىرىسى ئېلان قىلغىلى تۇرسام، خەلقى ئالەمنىڭ كۈلكىسىگە قالمامدىمەن، بىر مەزگىل توختايلى» دېدىم. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن بېسىقتى...... بىر كۈنى قەلەمكەش دوستۇم ئابدۇلھەمىد ياسىنىنىڭ تەكلىپى بىلەن قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئۆرچى يېزىسىغا باردىم. مۇتەللىپ ئىقبال ۋە مەن تونۇمايدىغان يەنە بىر ئەدەبىيات مۇخلىسىمۇ بار ئىكەن.

بىز ئابدۇلھەمىدنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئىشخانىسىدا ئەدەبىيات، جەمئىيەت، تۇرمۇش قاتارلىق تۈرلۈك تېمىلاردا پاراڭلاشتۇق. گاھى ئۇلار سورايتتى، مەن جاۋاب بېرەتتىم، گاھى بىر تېما ئۈستىدە ئورتاق مۇنازىرە قىلاتتۇق. كىم ئويلىغان، مۇتەللىپنىڭ ئۇنچىۋالا تېز خەت يازىدىغانلىقىنى، ئۇ گەپلىرىمنى خاتىرىلىۋاپتۇ، ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە مۇتەللىپ ئالدىمغا سۆھبەت خاتىرىسىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ خاتىرىلىگەنلىرى بويىچە سوئال تەييارلاپ، ماڭا ۋاكالىتەن جاۋابىنى ئۆزى يېزىپ «غوجىمۇھەممەدنىڭ بايانى»نى بىر قوللۇق پۈتكۈزۈپتۇ. «بايان»دا خوتۇنۇمدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىم، خىزمەت ئورنۇمدىن ئايرىلغانلىقىم، ئۆيۈمنىڭ يوقلۇقى قاتارلىق «ئېچىنىشلىق تەقدىر»ىم تولۇق ئەكس ئەتكەن ئىدى. سۆھبەت خاتىرىسى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەدەبىيات ساھەسىدە ماڭا قىزىقىدىغان، تەقدىرىمگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار كۆپەيدى. بەلكىم مەمتىلى ھېلىمۇ شۇنداق قىزىقىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش سەۋەبىدىن سىز تىلغا ئالغان «غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ئەگەر ناخشىچى بولۇپ قالغان بولسا» دېگەن ماقالىنى يېزىپ چىققان بولسا كېرەك. بۇ ئىككى ماقالە ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى شۇ قەدەر ئاددىي ۋە جىمجىت ئادەم ئىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ «سەرگەردان»لىقىم ئەدەبىيات ساھەسىدە پۇر بولدى. بەزىدە ئويلاپ قالىمەن: نامىمنى شېئىرلىرىمغا قارىغاندا ئاشۇ ئىككى ماقالە، ماقالە مەزمۇنىدىكى سەرگەردانلىق كەچۈرمىشلىرىم بەكرەك چىقاردىمۇ قانداق؟!

**ئابلەت ئەخمەت:** شېئىرلار توپلىمىڭىزنى قاچان نەشر قىلدۇرىسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: 2003 ـ يىلى گۇمىدا سۇ پونكىتىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدىلا ئۇرۇمچىدىكى بىر

نەشرىياتچىغا « ئەرنىڭ ئىپپىتى» ماۋزۇلۇق بىر شېئىرلار توپلىمىمنى تاپشۇرغان ئىدىم. مانا، ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپتۇ، ۋاقتى ـ سائىتى كەلمىگەن ئوخشايدۇ، ھازىرغىچە چىقمىدى. نەچچە قېتىم چىققىلى تاس قاپتۇ، لېكىن چىقالماپتۇ. ھەتتا بىر قېتىم كىتاب بېسىلىپ بولۇپ تارقىتىلىش ئالدىدا مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ خاتالىقىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، كىتابىم توختىتىپ قويۇلۇپتۇ. ئاڭلىسام ھازىر يەنە باسمىدا ئىمىش، كىتابنىڭ ئىسمىنى «مەشرەب چۆلى»گە ئۆزگەرتكەنمىش......

**ئابلەت ئەخمەت:** شېئىرلىرىڭىز توغرىسىدا قىسقا بايانلار ۋە ئاغزاكى ئوبزورلار كۆپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىر كىم ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەققانىي باھا بېرىپ باقمىدى، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** بۇنىڭغا ئۇنداق ياكى مۇنداق قاراشتا بولۇشقا مېنىڭ نېمە ھەققىم؟ بىر ھېسساپتا شۇنداق بولغىنىمۇ ياخشى، بىزدەك «ئالتاغىل» سۆزلەيدىغانلار باشقىلارنىڭ دىققەت نەزىرىدىن يىراقراق تۇرغىنىمىز ئەۋزەل. بىز قەلەمكەشلەر باشقىلارنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدۇقمۇ، بولدى، تۈگمەس داۋراڭنىڭ ئىچىدە قالىمىز، ھە دېسە ئۆتمۈشىمىز بىلەن ھازىرىمىزنى سېلىشتۇرىدۇ. ئۇنداق يازدى، مۇنداق يازمىدى دەپ بىزنىڭ خالىغانچە يېزىشىمىزغا ۋە يازالىغانچە يېزىش ھوقۇقىمىزغا تاجاۋۇز قىلىدۇ، ھەتتا بىزدە يوق نەرسىلەرنىمۇ تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ بىر داڭلىق ئەدىبنىڭ مۇنداقراق چىقىپ قالغان بىر ئەسىرىنى كۆرۈپ «ئۇ تۈگىشىپتۇ......» دەپ مەسخىرە قىلىشقانلىرىنى. مەن بىر ئاددىي ئادەممەن، ئۆزۈمنىڭ خىلۋەت كەپەمدە غوۋغالاردىن يىراق ياشاي، قانداق يازالىسام شۇنداق يازاي. كۆزلەر تىكىلىپ تۇرمىغان، غەلۋە ـ جېدەلى بولمىغان ئاددىي تۇرمۇشقا مەن ئامراق، بۇ مېنىڭ

خاراكتېرىمگە خويمۇ ماس كېلىدۇ.

**ئابلەت ئەخمەت:** سىز ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھەر خىل ئېقىم، ھەر خىل پىكىردىكىلەر بىلەن ئۇچراشتىڭىز، لېكىن ھازىرغىچە بىر تەرەپكە ئېغىپ كېتىدىغان ئىشلارنى قىلماي ئۆز يولىڭىزدا مېڭىپ كېلىۋاتىسىز، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلالامسىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** بۇ سوئالنى كىمدىن سورىسىڭىز ئەلۋەتتە شۇنداق قىلالايمەن دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر مېنى شېئىرىيەتتە ئاز ـ تولا خاسلىق ياراتتى دېيىش مۇمكىن بولسا، ئۇ مېنىڭ جاھىل ئۆزۈمچىللىكىمدىن، شېئىرىيەت نەزەرىيەسىگە چولتا «ساۋاتسىز شائىر» بولغانلىقىمدىن ۋە كەم سۆز، ئىچ مىجەزلىكىمدىن كەلگەن دەپ ئېيتالايمەن. ساۋاتسىز ئادەم قانداق بولماقچى؟ ئەلۋەتتە قانۇن ـ نىزاملارنى بىلمەيدۇ، ئۆكتەم، جېدەلخور، تەۋەككۇلچى بولىدۇ... شۇنداق، مەن ئىجادىيەت ھاياتىمدا تالاي ئىجادىيەت ـ سۆھبەت يىغىلىشلىرىغا قاتناشتىم، تالاي شائىرلارنىڭ شېئىر توغرۇلۇق بايانلىرىنى ئاڭلىدىم. ئويلاپ باقسام، بۇ بايانلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغىنى بىلەن ھېچقايسىسى خاتا ئەمەسكەن، بىرسى ئۇنداق يېزىش كېرەك دېسە، يەنە بىرسى مۇنداق يېزىش كېرەك دەيدىكەن، ھەممىسى ئۆزى ياقتۇرغىنىنى تەشەببۇس قىلىدىكەن. مېنىڭچە، ئۇنداق يازسىمۇ بولىدىكەن، مۇنداق يازسىمۇ بولىدىكەن. مەن شۇنداق يازدىم، لېكىن ھېچكىمگە «شۇنداق يېزىش كېرەك» دەپ باقمىدىم. بەزىدە مېنىڭمۇ دەپ باققۇم كەلدى، لېكىن كەم سۆز، ئىچ مىجەزلىكىم بۇنىڭغا يول قويمىدى. ئەگەر مەن سىز ئېيتقاندەك ئۆز يولۇمدا مېڭىۋاتقان بولسام ئۇ چوقۇم كىچىككىنە بىر چىغىر يول، ئەتراپىمدا يەنە نۇرغۇنلىغان چىغىر يوللار بار. چىغىر يوللار تەبىئىيكى بىر چوڭ يولغا تۇتىشىدۇ. چوڭ يولغا تۇتاشمايدىغان

چىغىر يول يوق، ئەگەر بار بولسا ئۇ ئاداشقان يول ياكى غايىب بولىدىغان يول... سىز چوڭ يول ھەققىدە خىيال قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۇ نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى گاھ قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمۈپ، گاھ قۇيۇنلار ئۇچۇپ قالغان، گاھ شاھانە كارۋانلار ئالتۇن قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ ئۆتسە، گاھ ۋەيرانە قەلەندەرلەر ساپايى سوقۇپ ئۆتكەن ئۇيغۇرنىڭ مەنئۇيىەت يولى. ئىشىنىمەنكى، ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە چىغىر يولۇمدا ئاخىرىغىچە ماڭالىسالا چوڭ يولغا ئۇلىشالايمەن. چوڭ يولدا ئىز قالدۇرۇشنى كىممۇ ئارزۇ قىلمىسۇن؟

**ئابلەت ئەخمەت:** شېئىرلىرىڭىزدىكى پەلسەپىۋى ئامىللار قەيەردىن كەلگەن؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** شېئىرلىرىمدا پەلسەپە ئامىللىرى بارمۇ، سىز ئۇنى قانداق تېپىۋالدىڭىز؟ ئەجەبا، مەن بۇ ھەقتە ئويلانماپتىمەنغۇ، سىزنىڭچە ھەرقانداق نەرسىنىڭ كېلىش مەنبەسى بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟...... پەلسەپە تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى، تەپەككۇر ــ ئويلىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانى ئىكەن، ھە، راست، مەن شېئىر يېزىۋاتقاندا ئاجايىپ ـ غارايىپ ئويلارغا چۆمۈپ كېتىمەن، زامانىۋى شەھەردىكى ئېگىز بىنالار، ئالدىراش ماشىنىلار، سۈزۈك ئەينەكلەر، چىرايلىق گۈللەر...... تۇيغۇمدا ھەر خىل سىياقلارغا كىرىدۇ. گاھ ھېچنېمىسى يوق جۇل ـ جۇل قەلەندەرگە، گاھ نومۇسچان پاھىشىگە...... مەن ئۆز تۇيغۇمدىن ھوزۇرلىنىشقا ئامراق. ھايات ھەققىدە، ئۆلۈم ھەققىدە، مۇھەببەت ھەققىدە گاھ ۋەھىمىلىك، گاھ يىرگىنىشلىك، گاھ ئاجايىپ گۈزەل ئويلارغا چۆمىمەن. گاھى ئۆز ئويلىرىمدىن قورقۇپ تەرلەپ كېتىمەن. مەن تاشنى يازماقچى بولسام ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىشىكىنى ئىزدەيمەن، گۈلنى يازماقچى بولسام ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايرىپ نازۇك يېرىنى كۆرۈپ باققۇم

كېلىدۇ. بەزىدە مەن شۇنداق شاللاق، شۇنداق رەسۋا...... لېكىن تۇيغۇمنى يوشۇرغۇم كەلمەيدۇ. يارىم ئۆلۈپ كەتتى، قەلبىم ئۇنىڭ قەبرىسى دەپ ئويلاپ شۇنداق قاتتىق ئازابلىنىپ كېتىمەن، جاھاندا سۆيگەن يارىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ يۇرۇشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بارمۇ ئادەمگە؟!...... ئاشۇلار پەلسەپەمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا، شېئىرلىرىمدا پەلسەپە يوق ئوخشايدۇ، مەن بىلەلمىدىم. چۈنكى، مەن شېئىر يازغاندا ھېچنېمە بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمەن، ھەتتا بەزىدە لوگىكا، مەنتىقە دېگەنلەر بىلەنمۇ. راستىنى ئېيتسام، ئەدەبىياتقا ياندىش نۇرغۇن ئىلىملەر ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچەم يوق، ئەڭ ياخشىسى باشقىلار بىر نېمە دەپ باقسۇن.

**ئابلەت ئەخمەت:** بەزىلەر سىزنى كەچۈرمىشلىرىنى شېئىر ئارقىلىق بايان قىلىدۇ دەپ قارايدىكەن، سىزنىڭچە بۇنىڭ ئاساسى بارمۇ؟

**غوجمۇھەممەد مۇھەممەد:** ئەگەر روھىي كەچۈرمىشلەرمۇ كەچۈرمىش ھېسابلانسا، بۇ قاراشلارنىڭ تولۇق ئاساسى بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مەن «30 ياش» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىمدا ئۆزۈمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال ۋە روھىي كۆلپەتلىرىمنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈردۇم. ئۆز روھىنى زىلزىلىگە سالالىغۇدەك كەچۈرمىشى يوق شائىر بەكمۇ بىچارە، بەكمۇ ئاجىز...... ئۇنىڭدىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرىكىنى تىترىتەلىگۇدەك شېئىر چىقىشى ناتايىن. مېنىڭچە، شېئىر شۇ شائىرنىڭ شېئىرنى يېزىۋاتقان ۋاقىتتىكى روھىي كەچۈرمىشى.

**ئابلەت ئەخمەت:** ھازىرقى شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقىغا قانداق قارايسىز؟

**غوجمۇھەممەد مۇھەممەد:** كۆرمىدىمغۇ، دىققەت قىلمىدىممۇ يا؟!

ئابلەت ئەخمەت: شېئىر يازغاندا شېئىرىي تىل بىلەن شېئىرىي ئوبرازنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىسىز، سىزنىڭچە شېئىرىي تىل قانداق بولۇشى كېرەك؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: مەن شېئىر يازغاندا تىلغا ھەقىقەتەن كۆچەيمەن، لېكىن كەلمىگەن تىلنى زورلاپ ئەكىلىپ تىلنى ۋە شېئىرنى قىينىمايمەن. يېزىۋاتقان شېئىرىمغا ماس كېلىدىغان سۆز بولسىلا، ئۇ ھەرقانچە كۆرۈمسىز ۋە بەدبەشىرە بولسىمۇ كۆزۈمدىن يوقال! دەپ قوغلىۋەتمەيمەن. تىلنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنەمسىز؟ بىر كىتابتا بىر كىشىنىڭ دۈشمىنىنى تىللاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئوقۇغان ئىدىم. قارىشىمچە، شېئىرىي ئوبرازنى شېئىرى تىل يارىتىدۇ، ئۇ ئىككىسىنى ئايرىم ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىدىم. ئۇيغۇر تىلىدىكى پۈتكۈل سۆزلەرنى شېئىرلىرىمدا ئىشلىتىپ بېقىشنى خالايمەن، گەرچە قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، ئۆمرۈم يار بەرمىسىمۇ...... چۈشەندىڭىزمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزى شېئىرىي تىل. مەسىلە، شائىرنىڭ ئۇنى قانداق ئىشلىتىشىدە.

ئابلەت ئەخمەت: سىزنىڭ ئەڭ ياخشى يازدىم، كۆڭلۈمدىكىدەك چىقتى دەپ قارىغان ئەسىرىڭىز قايسى؟ «ئەرنىڭ ئىپپىتى» ناملىق شېئىرىڭىزنى سىزنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرىڭىز دېيىشكە بولامدۇ؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: مەن ھەممە شېئىرلىرىمغا ئامراق، شېئىرلىرىمنى ھازىرغىچە ياخشى، يامان دەپ ئايرىپ باقمىدىم. شېئىر دېگەن قانداق بولسا، شۇنداق بولىدۇ. ماڭا دىققەت قىلغان بەزى شائىر دوستلىرىم «مەشرەپ چۆلى»نى شېئىر ئىجادىيىتىمدىكى بۇرۇلۇش دېدى، ئۇنىدىمىدىم. «ئەرنىڭ ئىپپىتى» بىر قىتىملىق پارتلاش دېدى، باش لىڭشىتىپ قويدۇم. «رەزىل ئاپتاپ» قاتارلىق بىر يۈرۈش شېئىرلىرىڭ سىنىڭ ۋەكىل

خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىڭدۇر، دېدى، مەن مەيلى، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارچە بولسۇن، دېدىم. سۆزمەنلىكنى توختىتىپ گەپنى يىغسام شېئىرلىرىمغا بولغان باھالارنى باشقىلاردىن ئاڭلىدىم. ئۆزۈم بۇ ھەقتە يەنە ئارتۇق گەپ قىلىپ نېمە قىلاي؟

**ئابلەت ئەخمەت:** بەزى شېئىرلىرىڭىزدىن بۇرۇن ئېلان قىلغان شېئىرلىرىڭىزنىڭ سايىسىنى كۆرگىلى بولىدىكەن، بۇنى سىزمۇ ھېس قىلدىڭىزمۇ؟ بۇنى يېتەرسىزلىك دېيىشكە بولامدۇ؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** بۇ بىر يېتەرسىزلىك، يېتەرسىزلىك بولغاندىمۇ ئۆزۈممۇ سەزگەن ۋە ھەل قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان چوڭ مەسىلە. باشتا دەپ ئۆتكىنىمدەك، بۇرۇنقى كوپىيە دەپتىرىمنى ۋاراقلاپ ئىلگىرىكى چالا يېزىلغان شېئىرلىرىمدىكى ئېسىل چىققان يەككە مىسرالار ۋە ھەر خىل رەسىم، ھۆسنىخەتلەردىن ئىلھام ئىزدەش جەريانىدا بۇ سەۋەنلىكلەر سادىر بولۇپ تۇردى. مەسىلەن: بىر ياكى ئىككى يىل ئىلگىرىكى كوپىيە دەپتىرىمدىن ئىلھاملىنىپ يازغان شېئىرىم ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى شېئىرلار بىلەن قۇرۇلما ياكى كەيپىيات جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ قالدى، بەزى مىسرالار ھەتتا ئىككى شېئىردا ئىشلىتىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولدى. شېئىر ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋالنى سېزىپ ئۆكۈندۈم. بۇ مەن بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى.

**ئابلەت ئەخمەت:** قانداق سەۋەبلەر بىلەن يولۇچىلار توشۇش بېكىتىدە ئىشلەپ قالدىڭىز، شۇنىڭغا بىرلەشتۇرۇپ ھازىرقى تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئەھۋالىڭىز توغرۇلۇق كىتابخانلىرىڭىزغا قىسقىچە ئۇچۇر بەرسىڭىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** 2004 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا فابرىكىدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئىش ئورنۇم ــ گۇما ناھىيەلىك

سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى يەتتە ئايلىق خىزمىتىمنى تاماملاپ يەنە بىكارچىلىق كوچىسىغا قەدەم قويدۇم. بۇ ئورۇندىن چىقىپ كېتىشىمنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، خىزمەتنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئالدىراشلىقى سەۋەبىدىن شېئىر يېزىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانلىقىمدىن ئىدى. مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئۆمۈرلۈك خىزمەت ــ شېئىر ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەر قانداق قوشۇمچە خىزمەت ھاياتىمغا سىغدىلىپ كىرەلمەيتتى. شېئىر يېزىشتىن ۋاز كېچەلمەيتتىم، چۈنكى ئۇ مېنىڭ بۇ ئۆمرۈمدە ئەڭ قاملاشتۇرۇپ قىلالىغان ۋە قىلالايدىغان ئىشىم ئىدى...... بىر مەزگىل لاغايلاپ يۈردۈم. 2004 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى مەتسىلىم مەتقاسىم دەرھال خوتەنگە كېلىشىمنى ئېيتتى. بىز بىرلىكتە ئوبۇل ھاشىم ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق. مەتسىلىم ئاللىقاچان مېنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەت ئەھۋالىمنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ بوپتىكەن. ئوبۇل ھاشىم ئەپەندى مېنى قىزغىن قارشى ئالدى ھەمدە ئەتىلا گۇما بېكەتكە ئىشقا چۈشۈشۈمنى ئېيتىپ، گۇما بېكەت باشلىقىغا بىر پارچە ئالاھىدە تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن گۇما بېكەتتە ئىشقا چۈشۈپ كەتتىم. ئىشقا چۈشۈپ يېرىم يىلدىن كېيىن مېنى رەسمىي ئىشتاتقا كىرگۈزۈپ فابرىكىدىكى بارلىق رەسمىيەتلىرىمنى يۆتكەپ ئەكەلدى، تۇرمۇشۇم كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئوبۇل ھاشىم ئاكا مېنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىمغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئىجادىيەت سەۋەبلىك قانداق ئىش بىلەن قەيەرگىلا باراي بارلىق ئىقتىسادىي چىقىملىرىمنى كۆتۈردى. ئۇ پات ـ پات شېئىر يازغان ـ يازمىغانلىقىمنى، قانداق يازغانلىقىمنى سورايتتى. مەن ئۆمرۈمدە «خىزمەتنى قانداقراق ئىشلەۋاتىسەن؟» ئەمەس، «شېئىرنى

قانداقراق يېزىۋاتىسەن؟» دەپ سورايدىغان باشلىقنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىۋاتاتتىم، دەم ھەيران بولسام، دەم ھاياجانلىناتتىم...... ئۇ مېنىڭ گۇمىدا ئۈچ يىل ئىشلەش جەريانىدا ئىجادىيەتتە چېكىنىپ كەتكەنلىكىمنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ مېنى خوتەن باش بېكەت ئورگان ئىشخانىسىغا يۆتكەپ ئەكەلدى ھەمدە ماڭا بىر ئىشخانا ۋە كومپيۇتېر بەردى. كونكرېت ۋەزىپەم يېزىقچىلىق، سەككىز سائەتلىك خىزمەت ۋاقتىم شېئىر يېزىش ۋە كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ. تۇيۇقسىز نېرۋامدىن ئادىشىپ ساراڭ بولۇپ قالمىساملا ۋە تىرىك بولساملا، ئەمدى ماڭا شېئىر يازماسلىققا ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەب يوق.

**ئابلەت ئەخمەت:** بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا «غوجىمۇھەممەد ئىشسىز يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا، بولۇپمۇ ‹تەڭرىتاغ گۈلزارى›غا چىقىشتىن ئىلگىرى بىر تۈركۈم ئېسىل شېئىرلارنى يازغان، خىزمەت غوجىمۇھەممەدنى يەپ كەتتى، بىز ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى سېغىندۇق......» دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرۈپتۇ، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** ئۇلار نېمىشقا بۇنداق دەيدىغاندۇ؟ باشتا دېگەندەك، ئۆزۈمنىڭ خىلۋەت كەيپىدە جاھان غوۋغالىرىدىن خالىي ھالدا ئۆزۈم بىلگەنچە ياشاپ، ئۆزۈم بىلگەنچە يېزىپ ئۆتۈشنى خالايتتىم ئەمەسمۇ؟ راستىمنى ئېيتسام، تېلېۋىزورغا زادىلا چىققۇم يوق ئىدى، «شۆھرەت» ئىشكىمنى چەكتى، ئىشكنى ئاچماي بولمىدى. ئۆزۈمنى بازارغا سالدىم، ئەمدى خېرىدارلىرىم مەندىن ئېۋەن تېپىشقا باشلايدۇ، كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويسام «ئۆتمەس ماتا» قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشىدۇ. كىشىلەر مەندىن تەلەپ قىلىدۇ، تەلەپ قىلغان نەرسىسىنىڭ مەندە بار ـ يوقلۇقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ...... بەلكىم بۇنى مەسئۇلىيەتتىن قېچىش دەپ ئويلارسىز، لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

شائىرنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆتكىنىدەك شېئىر يېزىپ بېرىش مەسئۇلىيىتى بارمۇ؟ مېنىڭ ئۇلۇغ ئادەم بولغۇم يوق، چۈنكى ئۇلۇغلۇقنىڭ ئاددىي ئادەملەرگە ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم...... مەنمۇ ئىقرار، ئىجادىيىتىم بىر مەزگىل سىلىكىپ قالدى، ئۇنى ھەرقانداق بىر باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن چۈشەندۈرگۈم يوق. ئۆتۈنەي كىتابخانلىرىم: تەلەپ قىلماڭلار، ئۆزۈم بەخش ئېتەي. شېئىر ئۇ ــ مۇھەببەتتۇر، مۇھەببەتكە تەلەپ قىلىپ ئېرىشكىلى بولمايدۇ، سىلەر ئويلىمىغان ھالەتتە ئۆزى كېلىدۇ......

**ئابلەت ئەخمەت:** قايسىدۇر بىر يىلى ئۇرۇمچىدە كوچا ئاپتوبۇسىدا تۆت دانە لىق شېئىر يېزىلغان خاتىرىڭىزنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ بەك ئەپسۇسلانغان ئىدۇق، شۇ خاتىرىلەرنىڭ بىرەر ئىز ـ دېرىكى بولدىمۇ؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** 2003 ـ يىلى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى يىغىنى»غا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە باردىم. مۇمكىن بولسا نەشرىياتچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ توپلام چىقىرىش نىيىتىدە 2000 ـ يىلىدىن كېيىنكى بارلىق شېئىرلىرىم كۆچۈرۈلگەن تۆت خاتىرىنى ئالغاچ چىققان ئىدىم، قايتىشىمدا خاتىرىلەر سېلىنغان سومكا كوچا ئاپتوبۇسىدا يوقاپ كەتتى. بەك قايغۇردۇم. شائىرنىڭ، بولۇپمۇ مەندەك شېئىردىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، ھاياتىنىڭ بارلىق قىممەتلىرىنى ۋە تۇرمۇش مەنىسىنى شېئىرنىڭ مىسلىسىز گۈزەل ۋە تەڭداشسىز شېرىن كۆلىپەتلىرىگە تېگىشىۋەتكەن «سەرگەردان شائىر» ئۈچۈن بۇ تولىمۇ ئېغىر يوقىتىش ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ شېئىرلارنىڭ بىر قىسمىنى ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇپ بولغان ئىكەنمەن، يەنە بىر قىسمى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىدە ئېلان قىلىنىشنى ساقلاپ ياتاتتى. «تەڭرىتاغ»، «كىروران»، «يېڭى

قاشتېپشى» قاتارلىق ژۇرناللاردىن تېخى ئېلان قىلىنمىغان بىر قىسىم شېئىرلىرىمنى قايتۇرۇپ ئالدىم. بىر قىسىم شېئىرلارنى ئەسلىمدىكى كۆپىيە دەپتىرىمدىكى دەسلەپكى ئورگىنالدىن پايدىلىنىپ قايتا يازدىم...... لېكىن شېئىرلىرىمنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ شۇ يوقالغانچە ئىز - دېرىكى بولمىدى. ئۆرۈمچىدىكى قايسىدۇر بىر ئەخلەتخانىدا سېسىپ كەتتى ياكى قايسىدۇر بىر نامراتنىڭ پۈتۈن بىر قىش ئوت تۇتاشتۇرۇشى ئۈچۈن تۇترۇق بولدى ئۇ بىچارە شېئىرلىرىم......

**ئابلەت ئەخمەت:** بۇندىن كېيىن قانداق پىلانلىرىڭىز بار؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** شېئىر يېزىشتا كونكرېت پىلان بويىچە تەرتىپلىك ئىجادىيەت ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، شېئىر دېگەن ھېچقانداق قانۇنىيەتلەرگە كۆنمەيدىغان تاسادىپىيلىقتۇر، خالاس. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش نىيىتىم بار.

**ئابلەت ئەخمەت:** شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى ۋە كىتابخانلىرىڭىزغا دەيدىغان قانداق يۈرەك سۆزلىرىڭىز بار؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** شېئىر يېزىشتا مەقسەت - مۇددىئا بولمايدۇ، شېئىر يېزىش پەقەتلا شېئىر يېزىش ئۈچۈندۇر. ھەرقانداق ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلار كونىرايدۇ، تىلنىڭ قۇدرىتى چەكسىز ھەم مەڭگۈلۈكتۇر. ھەركىم ئۆز دۇنياسىغا سۇلتان بولغاندىن كۆرە سۇلتاننى ئىزدەۋاتقان بۈيۈك قۇل بولغىنى خوپراقتۇر، ھەرقانداق سۇلتانلىق بەرباد بولۇش خەۋپى ئىچىدىدۇر. ئۆز سۇلتانىنى ئىزدەۋاتقان قۇل سۇلتانىنى ئۆزى خالىغان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىش، ئۆزى خالىغان سىياقتا يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگىدۇر. يەنى بۇ مەنىدە: سۇلتان قۇلنىڭ قۇلىدۇر، قۇل سۇلتانىنىڭ سۇلتانىدۇر...... ھەركىم شېئىر يازسا بولىدۇ: يۈرەك سوقۇشلىرىنى تىڭشاپ تۇرۇپ، قەلبىدىكى

چۆللەرنى كېزىپ، گۈللەرنى پۇراپ تۇرۇپ، خۇش بولسا كۈلۈپ، قايغۇرسا يىغلاپ تۇرۇپ...... ئانا ۋەتەن، مۇقەددەس تۇپراق، سۆيۈملۈك خەلق ھەرقاچان مەۋجۇت. ھەربىر ئوتلۇق ھاياجاندا، ھەربىر دەردلىك پىغاندا، شېئىردىكى ھەربىر سۆز، ھەر بىر چېكىت ، ھەربىر پەشلەردە...... چۈنكى، شېئىر يېزىلغان تىل — ئاشۇ ۋەتەننىڭ، ئاشۇ خەلقنىڭ تىلىدۇر. نېمە ھاجىتى ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن شېئىر يازىمەن دەپ ئۆز تۇيغۇلىرىغا زورۋاڭلىق قىلىشنىڭ، نېمە ھاجىتى ساختا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ، ساختا خەلقپەرۋەرلىكنىڭ...... شېئىر — ئەڭ بۈيۈك ئاشقانىلىقتۇر، ئاشىقتا ئۆزىنى بېغىشلاش ئىستىكى باركى، ئۇندىن ئارتۇق مەقسەت يوق. مۇھەببەت — گاھ مۇشكۇل قىيامەت، گاھ ئىزگۇ خىيالەت ئىچىدە، گاھ مۇدھىش ئادالەت، گاھ نۇرلۇق جىنايەت ئىچىدە يارنىڭ ۋەسلىنى ئىزدەش جەريانى ئەمەسمۇ؟ بۇ جەريان دەل شېئىر ئەمەسمۇ؟ قايىسى ئاشىق (قايىسى شائىر) بۇ دۇنيادا يارنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ ئۆلۈپتۇ؟ بۇ دەل شېئىرنىڭ مەڭگۈلۈك پايانى ئەمەسمۇ؟......

كىتابخانلىرىمغا ھېچنېمە دېمەيمەن، چۈنكى دەيدىغانلىرىمنىڭ ھەممىنى شېئىرلىرىمدا دەپ بولدۇم.

2008 ـ يىلى 22 ـ فېۋرال، خوتەن

# شائىر بىلەن سۆھبەت

## (شېئىر ۋە شېئىرلىرىم ھەققىدە)

مۇشۇ كەمگىچە شېئىر ھەققىدە ھېچنېمە دېمىگىنىم توغرۇلۇق ئويلاندىم. نېمىشقا ھېچنېمە دېمىدىم؟ چۈنكى ھېچكىم مەندىن شېئىر توغرۇلۇق سوئال سورىمىدى. سورىغانلىرى ئاممىۋى سورۇندىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سوئالىدا مېنىڭ شېئىر ھەققىدىكى باياناتلىرىمنى ئاڭلاشتىن كۆرە ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىش خاھىشى كۈچلۈكرەك. يەنە كېلىپ مېنىڭ شېئىر ھەققىدىكى باياناتلىرىم ئاممىۋى سورۇندىكى ئاممىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقماي، ئۇلارنى بىسەرەمجان قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئېنىقكى، كۆڭلۈمدىكى راست گەپلەرنى قىلسام ئۇلار راستتىنلا بىسەرەمجان بولاتتى. ھېچنېمە دېمىسىمۇ بولىدىغانلىقى يەنە بىر سەۋەب. بۈگۈن تۇيۇقسىز بۇ ھەقتە مۇنازىرە قىلىپ بېقىش ئىستىكىم قوزغالدى. كىمنى سۆھبەتكە چاقىرىش كېرەك؟ ئانچە ئۇزاق ئويلانمايلا بۇ نامزاتمۇ تېپىلدى. ئەڭ ياخشىسى بۇ مۇنازىرىنى شائىر بىلەن ئېلىپ باراي، ئەڭ ياخشىسى شائىر سۆزلىسۇن، مەن سوئال سورىغۇچى بولاي. ئۇ «شائىر» بولغاچقا، ئەركىن ـ ئازادە پىكىر قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ھەر خىل ئۆسەك گەپ ـ سۆزلەرنى تارقىتىپ ھۇجۇم قىلىشىدىنمۇ ئەنسىرىمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنى مىللەت قەھرىمانى ياكى بىرەر ئىدىيەنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىسى دەپ قارىمىغاچقا، مىڭ بىر مۇشەققەتتە تىكلىگەن ئورنىنىڭ يىمىرىلىپ چۈشۈشىدىنمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

ئەنسىرىمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ راست گەپ قىلىشىدىن ھەر ھالدا ئۈمىد كۆتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلىپ بېرىشىدە گەپ يوق، بىراق مېنىڭ قانداق سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇم بۇ سۆھبەتنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشىدىكى ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە. شۇنداق، ياخشى سوئال بولغاندا ياخشى جاۋابلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئەڭ يامىنى ياخشى سوئالنىڭ بولماسلىقى......

**غوجىمۇھەممەد:** ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟

**شائىر:** ئۆزبېك شائىرى خۇرشىد دەۋران بىر شېئىرىدا «ئەدەبىيات ـــ بابا رەھىم مەشرەپ» دېگەن ئىدى، ئۆزلۈكىدىن تاشقان ئۇ تەلۋە روھ ئالدىدا بىز تېخى ئەدەبىيات ئەمەس! سۆز ئەركىنلىكى ئەدەبىياتنىڭ روھى ئىدى، لېكىن سۆزلەش ئەركىنلىكى ئەڭ ئاۋۋال ئەدەبىياتتا دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماقتا. دېمەك، بىزنىڭ تېخى ھەقىقىي ئەدەبىياتىمىز يوق! ۋەتەننى سۆيگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەسەر يازمايمىز، لېكىن يازغان ئەسەرلىرىمىزدە ۋەتەن سۆيگۈسى ئىپادىلەنمىسە قەرزدارلىق ھېسسىياتىدىن قۇتۇلالمايمىز. دېمەك، بىز تېخى قەرزدارمىزكى ـــ ئەدەبىياتچى ئەمەس! ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئېتىقادى ئەدەبىيات ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن بىزدە ھازىر بابا رەھىم مەشرەپ يوق، ئەدۇنىس يوق!

**غوجىمۇھەممەد:** بۇ گەپلىرىڭىزدىن سىزنى «بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز يوق» دەۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.

**شائىر:** يوق دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ بار، لېكىن «قاينام ـ تاشقىنلىق ئەدەبىيات دەۋرى»مىز يوق. نۇرغۇن كىشىلەر ئەسەر يازماقتا، لېكىن ئىھتىياتچان، يۈرىكى پوك ـ پوك، سوغۇق تەرلەيدۇ...... باشقىلارنىڭ كۆزىگە قارايدۇ...... بىر تۈركۈم قەھرىمانلار مەيدانغا كەلمىگىچە ئۇنداق قاينام ـ تاشقىنلىق دەۋر بولمايدۇ. لېكىن...... تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاۋام تىرىك

قەھرىمانغا موھتاج ئەمەس، چۈنكى قەھرىمان ئاۋامنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ يىراقلارغا سۈرگۈن قىلىنىشى ياكى دارغا ئېسىلىشى كېرەك. پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇ ئاۋام تەرىپىدىن قەھرىمان دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

**غوجىمۇھەممەد:** نېمە ئۈچۈن شېئىر يازىسىز؟

**شائىر:** يازالىغانلىقىم ئۈچۈن، يازالمايدىغان ئادەملەردىن پەرقلىنىشىم ئۈچۈن...... يىغلىۋېلىش ئۈچۈن، ۋارقىراپ - جارقىرىۋېلىش ئۈچۈن، ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ھەيران قالدۇرۇش ئۈچۈن......

**غوجىمۇھەممەد:** بۇ ئۆزىڭىزنىڭ شائىرلىق مۇقامىڭىزمۇ، قانداق؟

**شائىر:** مېنىڭ مۇقامىمنى ئەتراپىمدىكىلەر بىر - ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىلا بەلگىلەپ قويغان ھەمدە مۇشۇ مۇقامنى تايماي تولۇق سامىلا، ئاۋازىمنىڭ خېلى بىر كەملەرگىچە جاراڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن، بىراق......

**غوجىمۇھەممەد:** ئۇ قايسى مۇقام؟

**شائىر:** ئەلمىساقتىن تارتىپلا زور بىر تۈركۈم ئەدىب - سەنئەتكارلار توۋلاپ كەلگەن، توۋلىغاندىكى ئاۋازنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەل - خەلقنىڭ مۇناسىپ ھىمايىسى ۋە ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر قىلىغان ۋەتەن، مىللەت مۇقامى......

**غوجىمۇھەممەد:** ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋېتىپسىز - دە؟

**شائىر:** بوسۇغا داۋان ئېگىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە نۇرغۇنلىغان ئۈلۈغ - ئۇششاق، چوڭ - كىچىك، قېرى - چۆرە، مېيىپ - ئاجىز قېرىنداشلىرىم بار، ئۇلار «كەتمە!» دەپ پېشىمغا ئېسىلدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى مۇقەددەس ئورنۇمدىن،

ئۇلارغا بولغان مەسئۇلىيەت ـ بۇرچلىرىمدىن ۋاز كېچەلمەيۋاتىمەن، بىراق ھامان كېتىمەن.

**غوجىمۇھەممەد:** چۈشەندىم. سىز يۈنىلىشنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇۋېتىپسىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈشنى تەلتۆكۈس ئادالىۋېتىشكە توغرا كەلگەچكە، ئىلگىرى ئېرىشكەن ئازغىنە شان ـ شەرەپلىرىڭىزگە قىيالمايۋېتىپسىز. ئۈمىد ۋە ئارمان بىلەن تىكىلگەن ساناقسىز كۆزلەر گويا تۇرمە قاراۋۇللىرىدەك سىزنى نەزەربەند ئاستىغا ئاپتۇ. گەرچە سىزنىڭ كېتىشىڭىز نۇرغۇن كىشىلەرنى بىئارام قىلسىمۇ بىراق تاللىغان يولىڭىز توغرا. ئۆتمۈشتىن مۇستەسنا بولمىغان ھاياتتا ئىجادىيلىق بولمايدۇ. ئەتىگە زور ئۈمىد بىلەن قارىغان كىشىنىڭ گۈزەل كەلگۈسى بولۇشى ناتايىن. مۆجىزە قانداق يۈز بېرىدۇ؟ كۈتۈلمىگەندە ۋە تاسادىپىيلىق ئىچىدە. تەرتىپلىك ھاياتتا مۆجىزە يۈز بېرىشى تەس، بۇنداق ھاياتنىڭ قانداقمۇ زىلزىلىسى بولسۇن. تەڭرى بىزگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن ۋاقىت پەقەت بۈگۈندىنلا ئىبارەت. مۇشۇ بۈگۈن ئىچىدە ھاياتىمىزدىكى بارلىق مۆجىزىلەر، يېڭىلىقلار يۈز بېرىدۇ. دەل مۇشۇ بۈگۈن ئىچىدە تەڭرىنىڭ قولىدىكى مامات شارابىنى تېتىشقا مۇيەسسەر بولىمىز......

**شائىر:** كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز. دېگىنىڭىز ئۈچۈن چوڭقۇرلۇق ئۇقۇمى، چوققىلار ئۈچۈن ئېگىزلىك ئۇقۇمى مەۋجۇت ئەمەس. كۆزىمىز يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن كائىناتنى چەكسىز دېگەن ئۇقۇم بىلەن سۈپەتلىدۇق، ئەقلىمىز يەتمىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇقەددەس بىلىپ كېلىۋاتىمىز. بىراق چوڭقۇرلىغانسېرى يۈكسەكلىشىپ كېتىۋاتقىنىمىزنى، يۈكسەكلىككە ئۆرلىگەنسېرى ئاددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلەلمەيۋاتىمىز. ئىنچىكە ئويلىغاندا ۋەتەن، مىللەت دېگەنلەر بىزنىڭ تاللىشىمىز ئەمەس.

ئاتا ـ ئانىمىزنىمۇ بىز تاللىمىغان. ئۇلار بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە تاشلانغان تاسادىپىيلىق، خالاس......

غوجىمۇھەممەد: ۋاي!!!...... بۇ گېپىڭىز چەكتىن ئېشىپ كەتتى.

شائىر: ھەرقانداق چەكلەرنى كېرەك قىلماسلىق سىزنىڭ خاھىشىڭىز ئىدىغۇ؟!

غوجىمۇھەممەد: بىراق...... ۋەتەن، مىللەت دېگەن بىزنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىمىز. بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى. بۇنداق دېسىڭىز خەلقنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىسىز.

شائىر: دۇرۇس، بىراق تەقدىرىمگە تاشلانغان مۇشۇ ۋەتەن ۋە مىللەتكە ئەزا بولۇشتىن ئىبارەت تاسادىپىيلىق تاكى مەن ئۆلگىچە داۋاملاشسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەن ئۆلۈپ پۈتكۈل مىللەت، ئىرق پەرقلىرى يوقالغان يەنە بىر ئالەمگە كەتكەندىن كېيىنمۇ ماڭا چاڭگال سېلىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايمەن. مۇنداقراق ئېيتاي: سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولغاندا، تىرىكلىكىمدە ئۇلار مېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ ياكى دەپسەندە قىلىپ خورلايدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن ھەيكىلىمنى قاتۇرىدۇ ياكى جەسىتىمنى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىدۇ. بىراق ئىش شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، ئەڭ يامان ئىشلار ئۇنىڭدىن كېيىن باشلىنىدۇ. ئۇلار مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىم ھەققىدە ئۆز پايدىسىغا قاراپ يەكۈن چىقىرىدۇ، يەنى قەھرىمان ياكى دۈشمەن! ئۇلار مەن ھەققىدە كىتابلارنى يازىدۇ، دەرسلىك كىتابلاردا تونۇشتۇرۇپ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەيدۇ. تەتقىقاتچىلار مەن ھەققىدىكى يېڭى ـ يېڭى بايقاشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بارا ـ بارا كېيىنكىلەر ھەممە يەرنى قاپلايمەن، كىشىلەر مەندىن قۇتۇلۇشقا ھېچبىر ئامال تاپالمايدۇ. ئۇلار شۇ چاغدا «قەھرىمان» دەپ قارالغان مېنىڭ ھايات

ۋاقتىمدىكى چاكىنىلىقلىرىم، نەپسانىيەتچىلىكلىرىم، سۆيىقەستلىرىم ھەققىدە خىيال سۈرۈشتىنمۇ قورقىدۇ. «دۈشمەن» دەپ قارالغان مېنىڭ ھايات ۋاقتىمدىكى ئاق كۆڭۈللۈكلۈكۈم، ئالىيجانابلىقىم، راستچىللىقىمنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ. مېنىڭ بىر نورمال ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك تۈرلۈك ئېستەكلىرىمنى تامامەن قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇ قەدەر قاتتىق بۇرمىلىنىشقا دۇچ كېلىمەنكى، پۈتكۈل ھاياتىم سىياسىي ياكى ئىجتىمائىيەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن. بەلكىم مەندىمۇ يوشۇرۇن ھالەتتە مىللىي قەھرىمان بولۇش ئىستىكى ساقلىنىپ ياتقاندۇ، بىراق مېنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنىم بىر ئادەمنىڭ يەككە ئۆزلۈكى ۋە تەقدىرى. ئىنكار قىلالمايمىزكى، بىزنىڭ بىر مىللەتكە تەۋە بولۇشىمىز يەنە بىر مىللەتكە تەۋە بولۇش ئىختىيارىمىزنى چەكلەيدۇ. بىر ۋەتەننىڭ پۇقراسى بولۇشىمىز ھەتتا بىزنىڭ ۋەتەنسىز بولۇشىمىزغىمۇ يول قويمايدۇ. ئەدەب ـ ئەركانلار ئىلكىمىزدىكى قۇل بولۇشتىن تارتىپ پادىشاھ بولۇشقىچە بولغان بارلىق ئىمكانىيەتلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ......

**غوجىمۇھەممەد:** ئەلھەزەر، ئەلھەزەر......

**شائىر:** ھەزەر ئەيلىمەك كېرەك.

**غوجىمۇھەممەد:** تەڭرى ھەققىدە گەپ قىلىپ بەرمەمسىز؟

**شائىر:** ئەقلىمگە كەلسەم ئۇ مېنى ياراتقان ئىكەن. ھازىرچە بىلىدىغانلىرىم بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمەس، بەلكىم تەڭرى ھەققىدىكى بارلىق بىلىشلەرنىڭ جەۋھىرى مۇشۇدۇر......

**غوجىمۇھەممەد:** بىراق، شېئىرلىرىڭىزدا تەڭرىگە توختىماي بىرنېمىلەرنى شىۋىرلىغاندەك قىلىسىز......

شائىر: شېئىرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە تۇرغىنى تەڭرىمىكىن دەيمەن. كۆرگىلى بولمىغاچقا، خالىغانچە تەسەۋۋۇر قىلىپ باققاندىمەنمۇ؟ كىمنىڭمۇ ئۆزىنى ياراتقان مۇبارەك زاتنى كۆرۈپ باققۇسى كەلمىسۇن؟ بىراق بۇ ئۆلمەي تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشمىغاچقا، شېئىرلىرىمدا ئۆلۈشنى ئۆگىنىۋاتقاندەك قىلىمەن......

غوجىمۇھەممەد: شېئىرىي شەكىللەر ھەققىدە سۆزلەپ بېرەمسىز؟

شائىر: يېقىنقى يىللاردىن بېرى تۆت چاسا شېئىرلارنى يازمىدىم. يېزىۋاتقانلىرىم يۇملاق ۋە ئۇچبۇرجەك، كۆپىنچىلىرى ئۇچبۇرجەك.

غوجىمۇھەممەد: رېئاللىقتىكى ئۆزىڭىزنى تونۇمسىز؟

شائىر: تونۇمامدىغان. قىمارۋاز، خوتۇنپۇرۇش، بىكار تەلەپ، ئاقسا بىرنېمىغۇ ئۇ. ئاز - تولا شېئىر ئېلان قىلىپ تۇرمىسا كىم تونۇيتتى ئۇنى؟ يېقىندىن بېرى خوتۇن ئالىمەن دەپ بېشىمنى ئوچاق قىلىۋەتتى. شېئىرلىرىمدىكى ھەممە ئاياللارنى كۆرسەتتىم، بىراق ماڭا تېنى بار ئايال كېرەك، دەپ تۇرۇۋالدى. تېنى بولمىسا ئۆلمەيدۇ، كېيىن جۇدالىق ئازابى تارتىپ قالمايسەن، دېسەم، نېمە دەيدۇ دېمەمسىز. «ئۆلمىسە نېمە پايدىسى تىرىك بولغاننىڭ؟ ماڭا ئۆلىدىغان ئايال كېرەك......»

غوجىمۇھەممەد: سىز بىلەن پاراڭلىشىش بەك كۆڭۈللۈك ئىكەن، سەۋەبىنى بىلەمسىز؟

شائىر: قېنى، سىز دەپ بېقىڭە؟

غوجىمۇھەممەد: كاللا دېسە پاقالچاق دەيدىكەنسىز.

شائىر: يەنچۇ؟

غوجىمۇھەممەد: يەنە...... يەنە بەزى گەپلىرىڭىز «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمىدىكى ساراڭ شائىر ئابدۇل تېرىنىڭ تاققا - تۇققا بىلجارلاشلىرىدەك......

شائىر: بىرگە تۇرۇڭ، يا شائىر، يا ساراڭ......
غوجىمۇھەممەد: ساراڭ!
شائىر: نېمە؟!
غوجىمۇھەممەد: ساراڭ!......
شائىر: ئۆزۈڭ ساراڭ!......
غوجىمۇھەممەد: سەن ساراڭ!......
شائىر: توغرا دېسەڭ، ساراڭ بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرغاندىكىن مەن ساراڭ!......
غوجىمۇھەممەد: ياق، مەن ساراڭ!......
شائىر: مەن ساراڭ!......

2009 ـ يىلى 13 ـ نويابىر، خوتەن

# شائىر قانداق ئادەم؟

(سۆھبەتكە ئۇيۇشتۇرغۇچى: ئابدۇراخمان مۇھەممەت تۈركىي)

تېرەن پىكىرلىرى، ئاجايىپ شېئىرىي تۇيغۇلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزگىچە شېئىرىي زوق ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان غوجىمۇھەممەد مۇھەممەدنىڭ بىر قىسىم ياش شائىرلار بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىدە، شائىرنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى ئۆزىگە خاس بولغان قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. سۆھبەت مەزمۇنى دەبدەبىلىك، چۈشىنىكسىز ئاتالغۇلار دۆۋىسىدىن خالىي بولۇپ ئوقۇرمەنلەرگە زوق ئاتا قىلالايدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھەممەت تۈركىي: ئاۋۋال ئۆزىڭىز ھەققىدە ئازراق توختىلىپ باقامسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: چوغلان مۇنبىرىدە تەرجىمىھالىم تونۇشتۇرۇلدى، سۈرىتىممۇ چاپلاندى. سىلەر ئاشۇ ئورۇق ۋە ئېگىز، چىرايىدىن غەم ـ قايغۇ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كىشىنىڭ غوجىمۇھەممەد ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدۇڭلار. مەتبۇئاتلاردا، تور مۇنبەرلىرىدە ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ شېئىرىي تالانتىنىڭ ۋاي دەپ كەتكۈدەك ئەمەسلىكىنىمۇ ھېس قىلىپ يەتتىڭلار. ئۇ تاسادىپىي ئامەت بىلەن شېئىر خۇمار ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىر مەزگىل «غوجىمۇھەممەد قىزغىنلىقى»نى كۆتۈرۈشى بىلەن خېلى نامى بار شائىرلاردىن بولۇپ قالدى. بىراق

www.uyghurkitap

ئۇنىڭ شېئىرلىرى يۇلتۇزلاردەك كۆپ بولىسمۇ، قۇياش بولۇشتىن خېلىلا يىراق. ئاسماندىكى ھەممە يۇلتۇزلار بىرلىشىپمۇ قۇياشقا تەڭ بولالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان. ئۇ شېئىرىيەت سورۇنلىرىدا، مەتبۇئاتلاردا، مۇنبەرلەردە يەتكۈدەك ماختاپ ئۇچۇرۇلدى. ھەر قېتىم ماختالغاندا ئۇ تارتىنىپ، قىزىرىپ تۇرۇپ ئىچىدە يوشۇرۇن تەنتەنە قىلدى. گاھىدا ئۇ ئۆزىنى ھەقىقەتەن كاتتا شائىرمەن، دەپ ئويلاپ ئۆز ـ ئۆزىدىن مەست بولۇپمۇ يۈردى...... لېكىن ئۇنىڭ يالغۇز قالغاندا ئۆزىنى ۋىجدان تارازىسىدا جىڭلاپ كۆرۈپ، ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەتتا ئۆزى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بىر لەۋزە سۆزىچىلىكمۇ ۋەزنى يوقلۇقىنى بىلىپ قاتتىق ئازابلانغانلىقىنى، ياقىسىنى پارە ـ پارە يىرتىپ نالە قىلغانلىقىنى سىلەر بىلمەيسىلەر...... ئۇ بۇ مەخپىيىتىنى ھېچكىمگە دېمىگەن ئىدى. ئەيتاۋۇر، بۇ راست! ئۇ 39 يىللىق ئۆمرىنى بىر تىنىق ـ بىر تىنىقتىن ياشاپ توشقۇزدى. 20 يىلدىن بېرى بىر ھەرىپ ـ بىر ھەرپتىن يېزىپ 2000 پارچىغا يېقىن شېئىرنى روياپقا چىقاردى. بۇلارنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. ئۇ مۇشۇنداق ياشىسا ھېچكىمگە زىيان تەگمەيدۇ. ناۋادا بىركىم ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق پايدا تاپماقچى بولسا، ئېنىقكى، بۇ ئىككىلا تەرەپ ئۈچۈن بىھۇدە ئىش. ئۇ ئەڭ زور، جاھىلانە تىرىشچانلىقى بىلەن داۋاملىق شېئىر يازماقچى.

**ئابدۇراخمان مۇھەممەت تۈركىي:** شېئىرنى بەزىلەر مەنە سەپىرى دەپ ئاتىسا، يەنە بەزىلەر تۈيغۇ سەنئىتى، يەنە بەزىلەر قوراشتۇرما سەنئەت دەپ قارايدىكەن، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** شېئىر ھەققىدە تالاي شائىرلار نۇرغۇن تەبىرلەرنى بەرگەن. بۇ تەبىرلەر بىر ـ بىرىدىن پاساھەتلىك ۋە سەممىي. مەن يەنە شېئىر توغرۇلۇق ھېچنېمە

دېمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەن. ئۇنى «كەتمەيدىغان، كەلمەيدىغان قىز» دېسەم ئاراڭلاردىن باش لىڭشىتىدىغانلار چىقماي قالمايدۇ. دىن مۇرتى دىنىي تەلىماتلارغا كۆڭۈل بەرگەنسېرى، تەگ ـ تېگىگە چۆككەنسېرى، چۈشەنگەنسېرى دىنسىز بولۇپ كەتكەندەك، شائىرمۇ شېئىرغا چوڭقۇرلىغانسېرى كائىناتنىڭ مەركىزىدە پەقەت ئۆزىنىلا كۆرىدۇ. ئۇ ئۆزىنى تىرىك دەپ ھېسابلىسا ئەتراپىدا ھاياتلىق بولىدۇ. شېئىر نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ تۇغۇلمەيدىغان ئازاب ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. شېئىر بىزگە تۇغۇلمەيدىغان ئازابىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن خۇشالمىز. ئازابقا ئېرىشكىنىمىزدىن خۇشال بولالمىساق شېئىرغا يۈز كېلەلمەيمىز. شېئىرنىڭ ئازابى خۇددى تەڭرىگە ئاشىق بەندىنىڭ تۇغۇلمەس ئۆلۈملىرى...... كىمنىڭمۇ ئۆزىنى ياراتقان مۇبارەك زاتنى كۆرۈپ باققۇسى كەلمىسۇن؟ بىراق بۇ ئۆلمەي تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشمىغاچقا، شېئىر ئارقىلىق ئۆلۈمنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندەك قىلىمىز. شېئىر سىياسىي ئەمەس، شۇڭا ئۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ. شېئىر جاھانگىر ئەمەس، شۇڭا ئۇ ئۇرۇش قوزغىمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۇرۇشلار، ئۆلۈۋاتقان ئادەملەر، تۆكۈلۈۋاتقان قانلارغا قاراپ گۈزەل مىسرالارغا غەرق بولىدۇ. مەن بۇ قارىشىمغا قوشۇلۇڭلار دېمەكچى ئەمەس، چۈنكى گەپلىرىم باش ـ ئاخىرى باغلاشمىغان، ئېنىق بىر مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى بىلگىلى بولمايدىغان، بەئەينى يوق گەپلەر......

**ساجىدە سۇلايمان (نازى):** سىزنى شېئىرىيەت مەنزىلىگە باشلاپ كىرگەن قانداق ئىلھام ۋە قانداق كۈچتۇ؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** مەن شەرەپ بىلەن مېنى شېئىرىيەت مەنزىلىگە باشلاپ كىرگەن كۈچ ۋە ئىلھام — ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان 32 ھەرپ

دەيمەن. بۇ گەپ ماڭا خېلى قويۇق مىللەتپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى بېرىپ قويىسىمۇ، ماڭا تىكىلىپ تۇرغان سانسىز كۆزلەرنىڭ ئالدىدا يالغان ئېيتالمايمەن. پوتكول ھاياتىمدا ئىچىمدىكىنى ۋە تېشىمدىكىنى مۇشۇ تىل ۋە يېزىق بىلەن ئىزھار قىلغىنىمغا ئوخشاش، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قىلمىش - ئەتمىشلىرىمنى مۇشۇ تىل ئارقىلىق بايان قىلىدىغىنىم ماڭا ئايان. سىز مېنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا ھېچقانداق تىلنى بىلمەيدىغانلىقىمنى تېخى بىلمەيسىز.

ساجىدە سۇلايمان (نازى) : ئادەتتە قانداق ۋاقىتلاردا ئىجادىيەت قىلىسىز؟ شېئىر يېزىش، كىشىگە لەززەت ئاتا قىلغۇدەك مىسرالارنى پوتۇش ئۈچۈن قايسى ۋاقىتتا ئىجادىيەت قىلىش ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارايسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: مەن ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىجاد قىلىمەن. مەن ھېچقاچان ئىلھامنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ باققان ئەمەس. بىراق ئاخشىمى شېئىر يازسام تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمايدىغانلىقىم ئۈچۈن ئەتىسى مۇھىم ئىشىم بار كەچلەردە قولۇمغا قەلەم ئالمايمەن. ماڭا بېرىلگەن ۋاقىت ئاساسەن ئىجاد قىلىش ۋاقتىدۇر، ئىجاد قىلمىسام ۋاقتىنىڭ ئىگىسىگە يۈز كېلەلمەيمەن...... كىشىگە لەززەت ئاتا قىلالىغۇدەك شېئىرلارنى پوتۇش ئۈچۈن ھەسرەت چېكىڭ، چۈنكى قايغۇ - ھەسرەت سىزنىڭ باشقىلارغا قىلىدىغان ئەڭ شېرىن سوۋغىتىڭىز. ئادەملەر تورغايىنى يىغلىتىش ئۈچۈن قەپەسكە سولاپ قويىدۇ ۋە ئۇنىڭ پايانسىز ساينى، كەڭرى ئاسماننى سېغىنىپ چەككەن نالە - پىغانلىرىدىن لەززەت ئالىدۇ.

ساجىدە سۇلايمان (نازى): ئەسەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئاجايىپ ھاياجان بىلەن سۆيۈپ ئوقۇغاندىن سىرت، «ئەرنىڭ ئېپپىتى» دېگەن شېئىرىڭىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. سىز

بىرەر ئەسەرنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كاللىڭىزدا تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، قۇرۇلمىسىنى كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئاندىن قولىڭىزغا قەلەم ئالامسىز ياكى قەلىمىڭىزگە بويسۇنۇپ يېزىپ چىقامسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: شېئىر يېزىشتىن ئىلگىرى كاللام قۇپقۇرۇق، ھېچقانداق روھىي تەييارلىقسىز ھالەتتە ئولتۇرىمەن. بۇ خۇددى مەقسەت ـ نىشانسىز سەپەرگە ماڭغان يولۇچىنىڭ ھالىتىگە ئوخشايدۇ. بۇنداق يولۇچىنى قەدەمدە بىر يېڭىلىق كۈتۈۋالىدۇ. مۆجىزە قانداق يۈز بېرىدۇ؟ كۈتۈلمىگەندە ۋە تاسادىپىيلىق ئىچىدە. تەرتىپلىك ھاياتتا مۆجىزە يۈز بېرىشى تەس، بۇنداق ھاياتنىڭ قانداقمۇ زىلزىلىسى بولسۇن؟ مەن ھەربىر شېئىرىمنى ئەنە شۇنداق نىشانسىز قىلغان سەپەردىكى تاسادىپىيلىق دەپ قارايمەن. شېئىر يېزىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ھېچقانداق شەكلى بولمايدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ بار ياكى يوقلۇقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭغا قۇرۇلما بېكىتىش مۇمكىنمۇ؟ بۇ بەلكىم مېنىڭ شېئىر يېزىش ئادىتىمدىن شەكىللەنگەن، ماڭىلا ماس كېلىدىغان قاراشتۇر.

ساجىدە سۇلايمان (نازى): مېنىڭ ئەدەبىياتقا مۇھەببىتىم چوڭقۇر. بۇ چىرايلىق يولغا قەدەم باسقان كۈنۈمدىن باشلاپ، پىروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن، يېقىندىن بېرى قەلبىمدە شۇنداق بىر ئىستەك پەيدا بولۇپ قالدى. قەلبتە يىغىلىپ قالغان گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلارنى پىروزىغا قارىغاندا، مىسرالاردا ئەينەن، ھاردۇقى چىققۇدەك ئىپادىلىگىلى بولىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇنى سىزنىڭ ھەم باشقا ئۇستازلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئالغان ئېستېتىك زوقتىن تونۇدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن قايسى قەدەملەرنى پۇختا بېسىشىم كېرەك؟ تەلىم بەرگەن بولسىڭىز.

www.uyghurkitap

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** مېنىڭچە، ئەسەر يازماقچى بولغاندا ژانىر تاللاپ ئاۋارە بولماڭ. ئەڭ مۇھىم مەسىلە ژانىر مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزنىڭ قەلبىنى تونۇش، راستچىل ۋە جاسارەتلىك بولۇشتۇر. شەكىلنى سىز يازماقچى بولغان ئەسەرنىڭ ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئەسەر يېزىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ژانىر مەسىلىسىنى مەغلۇپ قىلىش كېرەك، شۇندىلا تۇيغۇلىرىڭىز ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ. قەلەمنى ئۇنتۇڭ، ماھارەتنى بىتچىت قىلىڭ، شۇندىلا قەلبىڭىز شېئىرىي قۇللۇقتىن ئازاد بولىدۇ.

**رىسالەت مەردان:** شېئىرىيەتتە كىملەرنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىدىم دەپ قارايسىز؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** ئۇلارنى ساناپ بېرەي، ئەڭ ئاۋۋال ئىمىن ئەخمىدىنىڭ شېئىرلىرىنى دورىدىم، كېيىن ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروراننىڭ شېئىرلىرى بىلەن مۆكۈشمەك ئوينىدىم، ئۇندىن كېيىن بۇغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرىنى دەستەك قىلدىم، ئەڭ ئاخىرىدا ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرىنى ئىخلاس بىلەن تەقلىد قىلدىم. كېيىن ھەممىسىگە مىڭلارچە رەھمەتلەر بىلەن خوش دەپ، ئۆزۈمگە تۇتۇلدۇم. ھازىر ئۆزۈمنى تەقلىد قىلماقتىمەن، بۇ رەزىل كىشى مېنى ھېچبىر قويۇپ بېرەر ئەمەس، ئۇنىڭ سايىسى مەندىنمۇ يورۇق بولۇپ، مېنى كۆلەڭگىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا ئۇرۇنماقتا. مەن بىلىمەن، ئۆزۈمدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئۆتمۈشنى تەلتۆكۈس ئادالىۋېتىشكە توغرا كەلگەچكە، ئىلگىرى ئېرىشكەن ئازغىنە شان - شۆھرەتلەرگە قىيالمايۋاتىمەن. ئۆتمۈشتىن مۇستەسنا بولمىغان ھاياتتا ئىجادىيلىق بولمايدۇ. مەن ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كېتەي دەپ قالغان بۇ خارابىدىن كېتىشىم كېرەك.

**رىسالەت مەردان:** ھازىرقى شېئىر ئىجادىيىتىڭىزنى قايناق بىر مەزگىلدىن كېيىنكى سۈكۈت پەسلىگە كىردى دەپ قارامسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: بۇ سوئالىڭىزدىن سىزنىڭ شۇنداق قارايدىغانلىقىڭىز ماڭا ئايان بولدى. مەن نەچچە يىللار ئىلگىرى باشقىلاردىن قايناق شېئىرىي ئىجادىيەت مەزگىلىمنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىغان. مەن دائىم جىمجىت ياشايمەن ۋە جىمجىت ئىجاد قىلىمەن، قانداقلىقىمغا ئانچە پەرۋا قىلمايمەن. مەن ئۆزۈم توغرىسىدىكى گەپلەرنى دائىم باشقىلاردىن ئاڭلايمەن. ئاشۇ باشقىلار ۋە سىزنىڭ گەپلىرىڭىز راست بولسا كېرەك. نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرىم مېنىڭ يېقىندىن بۇيان شېئىرىيەتتە چېكىنىپ كەتكەنلىكىمنى، ھازىرقى شېئىرلىرىمدىن بۇرۇنقىدەك زوق ئالالمىغانلىقىنى يۇزتۇرانە ۋە ھاۋالە بىلەن ئېيتىشتى. تېخى ئون نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا (مۇشۇ سۆھبەت بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئون نەچچە كۈن) توقسۇلۇق يۇسۇپجان نىياز ئەلقۇت دېگەن بۇرادىرىم توقسۇدىكى بۇرادەرلەرنىڭ سالىمىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى(ئۇ سۆزلەۋاتقاندا يېنىمىزدا قەدىناس شائىر بۇرادىرىم ئابدۇرەشىت ئېلىمۇ بار ئىدى): «شېئىرلىرىڭىز قۇرغاقلىشىپ كەتتى، بۇرۇنقىدەك قىزغىن كەيپىيات يوق. سىز ھازىر تېخنىكىغا تايىنىپ يېزىۋاتىسىز. توقسۇدىكى قەلەمكەش بۇرادەرلەر ‹غوجىمۇھەممەد ئەمدى ئۆزۈمنى يارىتىپ بولدۇم، قانداق يازسام بولىۋېرىدۇ دەپ ئويلىسا كېرەك› دېيىشىۋاتىدۇ» دېگەندە، مەن بەزىبىر باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۆزۈمنى ئاقلىدىم، بىراق ئىچىمدە قانچىلىك بىئارام بولغانلىقىمنى ئابدۇرەشىت تۇيدى. يەنە بىر باھانە ـ سەۋەب بىلەن ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى بولسام، كونا گەپنى تەكرارلاپ مۇنداق سۆزمەنلىك قىلىمەن: «نام ـ ئاتاق گوياكى قاراڭغۇ تۇرمە، ساڭا ئۈمىد ۋە ئارمان بىلەن تىكىلگەن سانسىز كۆزلەر بۇ تۇرمىنىڭ گۈندىپايلىرىدۇر. سېنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىڭ، ھەربىر ئېغىز گېپىڭ ئاشۇ گۈندىپايلارنىڭ نەزەربەندى ئاستىدا. ئۇلار سەندىن تەلەپ قىلىدۇ، تەلەپ قىلغان

نەرسىنىڭ سەندە بار - يوقلۇقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. سېنىڭ خالىغانچە يېزىش ۋە يازالىغانچە يېزىش ھوقۇقۇڭ ئاللىقاچان تارتىۋېلىنغان. ئاھ، بىچارە قول......» بىراق مېنىڭ بۇ نالەمگە ئىچ ئاغرىتماڭ. يات ئارىدا مەن يەنە باشقىلاردىن يېڭى - يېڭى گەپلەرنى ئاڭلىشىم مۇمكىن.

رىسالەت مەردان: شېئىرىيەتنىڭ جېنىنى مەنادا دەپ قارامسىز ياكى شەكىلدىمۇ؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: شېئىر يېزىشتا مەقسەت-مۇددىئا بولمايدۇ، شېئىر يېزىش پەقەتلا مۇھەببەت سەۋەبىدىندۇر. ھەرقانداق ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلار كونىرايدۇ، تىلنىڭ قۇدرىتى چەكسىز ھەم مەڭگۈلۈكتۇر. شېئىر ئەڭ بۈيۈك ئاشىقانىلىكتۇر، شائىردا ئۆزىنى بېغىشلاش ئىستىكى باركى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەقسەت يوق...... مەن قايسىدۇر بىر شامالنىڭ شائىرغا مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان: ئۆلۈپ تۇرۇپ ياز، تىرىكلەرنى سەگىتىدۇ؛ تىرىلىپ تۇرۇپ ياز، ئۆلۈكلەرنى ئويغىتىدۇ؛ شەكىلگە بەند بولما، يىقىلمايدىغان ئىمارەت يوق؛ مەنگە بېقىنما، كونىرىمايدىغان ئىدىيە يوق؛ جان ئاتا قىلما، جان بار يەردە قازا بار؛ روھ بەر، مەڭگۈ ياشايدۇ، چۆلدەك ئەمەس، بورانلاردەك ئەركىن - ئازادە، خۇشال بەختىيار......

رىسالەت مەردان: شېئىرىي ئىلھامنى نەدىن ئالىسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: مەن شېئىرىي ئىلھامنى ئىچىمدىكى ۋەسۋەسىدىن، بەندىلىك ئىزتىراپلىرىدىن، بىسىقماس ھەم ئەبەدىي ئۆچمەس مۇھەببەت يالقۇنلىرىدىن ئالسام كېرەك. بۇ مۇھەببەت مەن تۇركىينىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە قەيت قىلغان «كەتمەيدىغان، كەلمەيدىغان قىز»غا بېغىشلانغان.

رىسالەت مەردان: شېئىرلىرىڭىزدىن ئەڭ ياقتۇرىدىغىنىڭىز قايسى؟

غوجەمۇھەممەد مۇھەممەد: مەن شېئىر دېگەن قانداق بولسا شۇنداق بولىدۇ، دەپ قارىغاچقا، ئادەتتە ئۇنى ياخشى - يامان دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدىكەنمەن. بىراق مەن بەزىدە مېنى شۆھرەتكە ئېرىشتۇرگەن «ئەرنىڭ ئېپپېتى»، «دۇتارچى ئايال» قاتارلىق شېئىرلىرىمنى دوستلىرىمغا ئوقۇپ بېرىشكە ئامراق.

رىسالەت مەردان: سىزنىڭچە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يەنە نېمىلەر كەمچىل؟

غوجەمۇھەممەد مۇھەممەد: ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بارلىقىنى شېئىرغا بېغىشلىيالايدىغان، شېئىر ئۈچۈن رىيازەت چېكەلەيدىغان، ئۆزى توغرا دەپ قارىغان «مۇنداق» ئۈچۈن ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن «شۇنداق»قا ئوت ئاچالايدىغان يىداكار شائىرلار كېرەك. قاراڭە، جاھاندا تەڭدىشى يوق پاساھەتلىك تىل، مۇكەممەل يېزىق، گاڭگىراش، ئازاب، «شەكىل ئۆزگىرىش»لەر...... يەتكۈچە تۇرۇپتىغۇ. شۇنداق رىسالەت، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە شائىردىن باشقا ھېچ نەرسە كەمچىل ئەمەس.

رىسالەت مەردان: زامانداش شائىر - شائىرەلەرگە دەيدىغىنىڭىز بارمۇ؟

غوجەمۇھەممەد مۇھەممەد: مېنىڭ زاماندىش شائىر - شائىرەلەرنىڭ ھەممىسىگە دەيدىغان نۇرغۇن - نۇرغۇن گېپىم بار. گېپىمنىڭ يىغىندىسى مەن ھەممىڭلارنىڭ دوستى. مەن ھەممىڭلار بىلەن دوست بولغاچقا، نۇرغۇن گەپلىرىمنى دېيىش ئۈچۈن ئىسمىڭلارنى بىر - بىرلەپ ئاتىشىم كېرەك. بىراق بۇنىڭغا ھازىرچە ۋاقىت ۋە شارائىت يار بەرمەيدۇ. بىر نەچچىڭلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، يەنە بىر نەچچىڭلارنىڭ كۆڭلۈڭلارغا ئازار بەرگۈم يوق. ھاياتلا بولساق گەپلىرىمىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

بىر ـ بىرلەپ دېيىشۋالىمىز، ئاشۇ گۈزەل دەملەرگە يېتىش ئۈچۈن سىلەرگە ساغلاملىق، ئۇزۇن ئۆمۈر يار بولسۇن!

رىسالەت مەردان: شېئىر بىيەتتە ئۇسلۇب ياراتتىم دەپ قارامسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: ئۇسلۇب خاسلىقتىن شەكىللەنسە، خاسلىق بىر خىللىقنى بىشارەتلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا مەن ئۇسلۇبقا قارشى. ۋاھالەنكى، كۆپ زامانلار ئىلگىرى مەن تولۇپ تاشقان قايناق ھاياجان بىلەن يۈرىكىمنى بېسىپ ياتقان ئەل ـ يۇرت تەشۋىشلىرىنى، ئىنسانلىق ئىزتىراپلىرىنى، ۋەسلىگە يەتكىلى بولمايدىغان مۇھەببەت ئىنتىلىشلىرىنى كۈيلىگەنىدىم. ئاۋازىم ئىنتايىن مىسكىن ۋە ئېغىر ئىدى، ۋارقىراپ يىغلايتتىم. ئايال!...... دەيتتىم قورۇپ كەتكەن باياۋاندەك. بۇ بوزلاشلىرىم بىر ـ ئىككى يىللا داۋاملاشقان بولسىمۇ، مەن ناھايىتى كۆپ يىغلىغاچقا باشقىلار تەرىپىدىن «يىغلاڭغۇ» دەپ ئاتالدىم. ئاڭلىشىمچە، بەزى كىشىلەر سانسىز پەريادلار ئىچىدىن مېنىڭ يىغامنى ئاسانلا تونۇۋالىدىكەن. سىز دېگەن «ئۇسلۇب» مۇشۇ بولسا، مەن ۋاڭ مېڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن: «مەن ئۇسلۇبلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيمەن، چۈنكى ئۇسلۇب قانچە ئۆزگىچە بولغانسېرى باشقىلار شۇنچە ئاسان تەقلىد قىلىدۇ ـ دە، مەنمۇ ئۇسلۇبۇمدىن شۇنچە ئاسان مەھرۇم قالىمەن...... ئۇسلۇب ــ ئۆز ئىزىغا سەكرەش، ئۆزگىچىلىكنى تەكرارلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمما ئۆزگىچىلىكنىڭ جەلپكارلىقى، يوچۇنلۇقى ۋە تەسىرچانلىقى تەكرارلانماسلىقى كېرەك. سىز توختىماي ئۆز ئىزىڭىزغا سەكرىسىڭىز، بولۇپمۇ باشقىلار قارشى چىقمىغان شارائىتتا ئۆز ئىزىڭىزغا سەكرىسىڭىز، زوقلانغۇچىنى چارچىتىپ قويىسىز. سىز قانچە زورۇققانسېرى شۇنچە مەززىسى قالمايدۇ.»

رىسالەت مەردان: بۇرۇنقى شېئىرلىرىڭىز بىلەن ھازىرقى شېئىرلىرىڭىزدا قانداق پەرقلەر بار، دەپ قارايسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: يۇرەكتىن ئىبارەت كۆكسۈمدىكى ئۇلغۇغا ئېسىلغان تەڭرىنىڭ بۇ سەپەر سومكىسىنى تاشلىۋېتەلمىدىم. پانىي دۇنيانىڭ ھەممە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى قاچىلانغان بۇ سومكا ماڭا ھامان ئېغىرلىق قىلىدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن ئاز ـ ئازدىن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ سىلەرگە ھەدىيە قىلىش ئارقىلىق يېنىكلىمەكچى بولىمەن. بىراق ئالغانلىرىمنىڭ ئورنى يەنە نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بىلەن تولۇپ تۇرىدۇ. سومكا كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ قەددىمنى پۈكىدۇ. دەسلەپ مەن بۇ سومكىدىكى ئەڭ جۇلالىق ۋە چىرايلىق بولغان خوتۇن ـ قىزلار ھەسرىتىنى ئېلىپ سىلەرگە بەرگەن ئىدىم، بىراق مەن خوتۇن ـ قىزلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇ ھەسرەتلەر توزۇپ كەتتى. ئاندىن مەن بۇ سومكىدىن يۇرت، قوۋم ئىزتىراپلىرىنى ئالدىم. بۇ ئىزتىراپلار بەكلا سۈلكەتلىك ھەم جەزبىدار بولغاچقا، مېنى تولىمۇ ئالىيجاناب قىلىۋەتتى. كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ماڭا مەدھىيە، ئالقىشلارنى ياغدۇراتتى. بىراق سومكا تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ قەددىمنى رۇسلىيالماس قىلىۋەتتى. بۇ سومكىدا خۇشاللىق دېگەن نەرسە يوق ئىكەن، ئازادلىك، ساراڭلىقنىڭ بارلىقىدىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايدىكەن. بۇ سومكىدا بۇرچ، مەسئۇلىيەتلەر سامانىدەك تولۇپ يېتىپتۇ. يىلتىزى قۇرۇپ كەتكەن، چىرىپ سېسىپ كەتكەن، چېقىلىپ ياكى ئۈزۈلۈپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. توۋا دەيمەن!...... بۇ سومكىدا ھەممە نەرسە بار ئىكەن، بىراق مەن يوق ئىكەنمەن، مەنلا يوق ئىكەنمەن...... بارا ـ بارا بۇ سومكىغا قول ئۇزاتماس بولدۇم ـ دە، كۆڭلۈمگە ئەگەشتىم. كۆڭۈل دېگەنگە ئىت ـ ئېشەكلەر ئەگىشىدۇ، دېدى

كـــمدۇر، بــرى. شـۇ چاغدا ســلەر مېـنـى شائـىـرلـىق ھاياتـى ئـاخـىرلاشـتـى دەپ ئويلـــىدىڭلار. مــەن بـىلـەتـتـىم، بـۇ ھـايـات ئاخىرلـىشاتـتى، شۇنداقـلا قەددىمنـى پۈككەن ئـېغىر سـومكىدىـن خالاس بولاتتـىم. ھازىـر مـەن كـوچا غەزەلـخانلـىرىـغا مەپـتۇن. ئۇلارنـىڭ غەزەللــىرى شۇ قــەدەر ئـەركـىن ـ ئـازادە، ھـېچقـانـداق نەرسـىنى ئۆزـگە يۈك قىلمايدۇ. يەتتە قات ئـاسماننـىڭ قەرىدىـن، يەتتە قات يەرنىڭ تەكـتـىگـىچە يېتــىپ بارالايدۇ. بـۇ غەزەللەردىـن ئۆزۈمـنـىڭ تامـدىن تامغـا ئـارتـىلـىپ، ئوتـلارنـى ئۆچۈرۈپ يـاكـى ئۇلغايتـىپ، سۇلارنىڭ ئۈستـىدە شامـالـدەك يـورغـىلاپ كـېـتـىۋاتقـان توسقۇنـسىزلـىقـىنـى كۆردۈم. ھازىـر مـەن يىغلاۋاتقان ئادەمـنـى كۈلـۈشكە قـىستـىمـايمەن. ئـۈلـۈۋاتقان ئـادەمگە ھايـات ھەققىـدە ۋەز ئېيتـىپ، ئـۇنـىڭ ئۆلـۈشـىـن ئـىبارەت مۇقـەددەس يۈزلـىنـىشىگە كاشىـلا قىلمايمەن. قارىسام ھەممە ئۆز يولىدا، ھەتتا يولسىزلـىقمۇ يولـىنىڭ ئېشىدا خاتىرجەم كېتىۋېتىپتۇ.

مەتتۇرسۇن ئېلى: ھازىرقى زامان شېـئـىرىـيـىتـىمـىزگە قانـداق قارايسىز؟

غوجىمۇھەمـمەد مۇھەمـمەد: ئـۆزۈمـنـى ھـازىـرقـى زامـان شېئـىرىيـىتـىمىزگە باھا بېرەلـىگۈدەك لاياقەتكە ئـىگە ئەمـەس، دەپ قارايـمـەن. بـىراق نۆۋەتـتـىكى شـېئـىرـيـىتـىمـىز ھەقـقـىدە ھـېس قـىلـغانلـىرىمدىـن بـىر ـ ئـىككى ئېغىز سۆزلـەپ بېرەي: ھازىـر شېئـىرـيـىتـىمـىز جـىمجـىت ۋە تـىنچىق. 90 ـ يـىلـلارنىڭ ئالـدى ـ كـەيـنـىدىـكى شاۋقۇن ـ سـۈرەنلـىـك ھـالـەتتـىـن ئەسەر يـوق. شـۇ مەزگىلدىـكى شائـىـرلارنى خىلـى ئۇزاقلارغىچە ئەسلـەيدىغانـدەك تۇرىمىـز. يېڭى بـىر شائـىـرنى كۈتۈپ كـۆزلـىرىـمـىز تۆت بولـدى. دىققەت قىلسام، مەن قولۇمغا يېڭىدىن قەلەم ئالغان چاغ 1990 ـ يىللارغا قارىغاندا، ھازىـر شائىرلار نـەچچە ھەسـسە كۆپـىيـىپتـۇ، بـىراق شـېئـىرلارنـىڭ سەۋيـيەسى تۆۋەنلـەپتۇ. شـېئـىرـيـەت

يىغىلىشلىرى كۆپىيىپتۇ، بىراق شېئىر ھەققىدە بۇرۇنقىدەك زوق - شوق بىلەن سۆزلەيدىغانلار ئاز قاپتۇ. بۇرۇن بىرەر شېئىر توپلىمى ئەمەس، گېزىت - ژۇرناللاردا بىرەر پارچە ئېسىل شېئىر ئېلان قىلىنسىمۇ، ھەپتە - ئايلارغىچە زىلزىلىسى بېسىلمايتتى، تېلېفون، خەتلەر ئارقىلىق بىر - بىرىمىزگە ھاياجان بىلەن تەۋسىيە قىلاتتۇق. بىراق ھازىر ھەممىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇرۇن شېئىر يېزىش ئۈچۈن قەلەم، قەغەز بولمىسا بولمايتتى، بىراق ھازىر قەلەم، قەغەز بولمىسىمۇ بولىدىكەن، كومپيۇتېر ئۇلارغا كەڭرى سەينا ۋە شارائىت ھازىرلاپتۇ. شېئىر يازماق بەك ئاسانلىشىپ كېتىپتۇ، ئاسانلاشقانسېرى شېئىر ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى سىرلىق ۋە مۇقەددەسلىكىدىن يىراقلىشىپ مېڭىپتۇ. ھەتتا بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە شېئىر  بىكارچىلىقتا يېزىپ ئوينايدىغان كۆڭۈل خۇشى ئىكەن. قارىسام ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە چۈشىنىكسىز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقاندەك...... لېكىن شېئىرىيىتىمىزدىكى جىمجىتلىقنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقان گۈزەل بۇزۇلۇشى روھىمىزنى يەنە بىر قېتىم تىترىتىپ ئۆتمەي قالمايدۇ.

مەتتۇرسۇن ئېلى: تور ئەدەبىياتى بىلەن يېزىق ئەدەبىياتىنىڭ پەرقى ۋە مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: بايقىشىمچە، تور ئەدەبىياتى بىر قەدەر ئەركىن بولىدىكەن. مەتبۇئات ئەدەبىياتىدەك تەكرار ۋە مۇشكۈل تەھرىرلىك باسقۇچلىرىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلمىگەچكە، قارىماققا سەل خامدەك، مۇكەممەل ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئەسلىي ئاۋازىنى ئەينەن ئاڭلىغىلى بولىدىكەن، تارقىلىش دائىرىسىمۇ كەڭرەك بولىدىكەن. ئەڭ مۇھىم تەرىپى، بىر ياخشى ئەسەر ئېلان

uyghurkitap.com

قىلىنغاندىن كېيىن، ھەر ھالدا زىلزىلىسى بولىدىكەن، مۇئەييەن باھالار بېرىلىدىكەن. كۆزنى يۇمۇۋشقا بولمايدىغان پاكىت شۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەتبۇئات ئەدەبىياتى يەنىلا ئۇستۇنلۇك ۋە باشلامچىلىق ھالىتىدە تۇرۇۋېتىپتۇ. بىر ئەدىبنىڭ مۇئەييەنلەشتۇرۇلۇشى توردا قانچىلىك ئېسىل ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغىنىدىن قەتئىينەزەر، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ سانى ۋە سۈپىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىۋېتىپتۇ. ھازىر تور ئەدەبىياتىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يېڭى قان بولۇپ قېتىلىپ، كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تۈرگە ئايلىنىۋاتىدۇ. تور ئەدەبىياتىدىكى ئۇكا ئەدىب ۋە ئەدىبەلەرنىڭمۇ مەتبۇئاتلارغا ئەسەر ئەۋەتىپ، ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. گېپىمگە ئىشىنىڭلار، مەتبۇئاتتا ئەسەر ئېلان قىلىشنىڭ بېرىدىغان ھۇزۇرى ۋە ئىلھامى تېخىمۇ قالتىس.

مەتتۇرسۇن ئېلى: يېزىق ئەدەبىياتىمىزدا ساقلانغان مەسىلە نېمە دەپ قارايسىز؟

غوجمۇھەممەد مۇھەممەد: مېنىڭچە، يېزىق ئەدەبىياتىمىزدا ساقلانغان ئەڭ چوڭ مەسىلە — بۈيۈكلۈكتىن كۆرە قالتىسلىق، راۋانلىقتىن كۆرە سىرلىقلىق، ساپلىقتىن كۆرە ئەبجەشلىك...... ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ تور ۋە تېلېۋىزور تارقىتىۋاتقان يالغاچلىق ۋە رەڭۋازلىقتا گالۋاڭلاشقان يورەكلەر...... بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئەمدى كىملەر شېئىر يادلار؟ قايسى شېئىرنى يادلاپ ئېسىدە ساقلار؟ داستانچىلار بىر - بىرلەپ كەتتى، شاھمۇھەممەتتىن كېيىن خوتەندە داستانچى قالمىدى. بىزدىن يەنە داستانچى چىقارمۇ؟!...... ئەمدى يېزىق ئەدەبىياتىمىز ئېغىز ئەدەبىياتىغا يېقىنلىشالمايدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەتجان راشىدىن قاتارلىق ئىنتايىن ئاز ساندىكى شائىرلىرىمىزدىن باشقا ھايات ئەدىبلىرىمىزنىڭ تىلى بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئېغىز

ئەدەبىياتى بولمىسا، يازما ئەدەبىياتنىڭ ئىشكى تاقىلىپ قالىدۇ، بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس.

مەتتۇرسۇن ئېلى: سىز شېئىردىن باشقا ژانىرلاردىمۇ ئەسەر يېزىپ باققانمۇ؟ يېزىپ باققان بولسىڭىز ئۇنىڭ تەسىرى قانداق بولدى؟ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىڭىزدە باشقا ژانىرلاردىمۇ ئەسەر يېزىپ بېقىش ئويىڭىز بارمۇ؟

غوجمۇھەممەد مۇھەممەد: مەن شېئىردىن باشقا ھېكايە، نەسر، ئەدەبىي خاتىرە قاتارلىق ژانىرلاردىمۇ ئەسەر يېزىپ باققان. بۇلارنىڭ ئىچىدە شېئىر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بىر قەدەر تەسىر قوزغىغان دەپ قارىغان ئەسىرىم «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «ئەرنىڭ ئىپپىتى» ناملىق شېئىر. مەن ئىجادىيەتنى مەلۇم پىلان ئىچىدە تەرتىپلىك ئېلىپ بارمىغاچقا، كېيىن قانداق ژانىردا، قانداق ئەسەر يازىدىغانلىقىم توغرىسىدا ھازىرچە سىزگە ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيمەن. بىراق شۇنىسى ماڭا ئايانكى، سالامەتلىك، خاتىرجەملىك...... جەھەتلەردىكى شەرت ـ شارائىتىم دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمىسىلا، مەن ئاخىرغىچە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن. كېيىنكى ئىجادىيىتىمدە شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن، بىراق مەن ئىجادىيەتتە ژانىر مەسىلىسىنى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ قارىمىغاچقا، قەلبىمدىكى ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشتىكى ئېھتىياجىغا قاراپ، بەلكىم يەنە نەسر، ئەدەبىي خاتىرە، ماقالە، ھەتتا پوۋېست، رومانلارنىمۇ يېزىپ قېلىشىم مۇمكىن. بۇنىڭغا دەسلەپ «ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى»نىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇپ شۆھرەت قازىنىپ، كېيىن ماقالە، رومانلىرى بىلەن ئەلنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كېلىۋاتقان ئابدۇقادىر جالالىدىن، پەرھات ئىلياس ۋە ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىت بەرقىيلەرنى مىسال كەلتۈرىمەن.

رېھىم ياسىن قاينامى: شېئىر شائىرنى قەيەرگە ئېلىپ باردۇ؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: مەن يېتىپ بارغاندا، يىراقتا كۆرۈنگەن بوستان چۆل ئىكەن؛ مەن يېتىپ بارغاندا، مېنى تەشنا قىلغان دەريادا بىر تامچىمۇ سۇ يوق؛ مەن يېتىپ بارغاندا، مېنى سېغىندۇرغان پەرىزات قەبرىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇندىن بېرى ماڭدىم ــ يۇ، يېتىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلمىدىم. توختىماي ئەجىر قىلدىم ــ يۇ، نەتىجىسىنى كۈتمىدىم. چۈنكى، مەن ئاخىرقى نەتىجىنىڭ ئۈمىدسىزلىك، بەربادلىق ۋە ئېغىر ئازاب ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن.

ياسىن ئابدۇقادىر (كۆكيال): شائىرلىق بىلەن ئادەمىيلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: سىز ئادەمىيلىك دەپ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز؟ ئەدەپ ــ ئەخلاق ۋە ئەدەپ ــ ئەركانىنىمۇ؟ سىزنىڭچە بۇ ئادەمىيلىكنىڭ شەرتىمۇ؟ بەلكىم ئۇنداق دېمەكچى ئەمەستۇرسىز. بىراق مەن مۇنداق دەيمەن: ئادەمىيلىك ــــ ئادەم بولماقتۇر. ئادەم بولماق ــــ شائىر بولماقنىڭ نەق يولى......

ئادەم قانداق بولغان؟ رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەلمىساقتا خۇدا «ئادەم»نى ياراتقانىكەن. ئۇ ئادەم يالغۇز ئىكەن، بىراق ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى بىلمەيدىكەن. يالىڭاچ ئىكەن، بىراق يالىڭاچلىقىنى كۆرمەيدىكەن. ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئالەمنى بىلمەيدىكەن، بىراق بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئۇ ئۆلۈشنى بىلمەيدىكەن، شۇ سەۋەبتىن قەلبى چەكسىز ۋە بىپايان ئىكەن. ئەگەر بىر تال قوۋۇرغىسىدىن ئايال يارىتىلىش سەۋەبىدىن ئۇ يالغۇزلۇقىدىن مەھرۇم بولمىغان بولسا، ئۇ يالغۇزلۇقىدىن مەھرۇم بولغانلىق تۈپەيلىدىن بۇ ئالەمگە سانسىز بولۇپ چېچىلمىغان بولسا، بۇ ئالەمگە سانسىز بولۇپ چېچىلغانلىقى ئۈچۈن قەدىرسىز بولۇپ ھەممە يەردە نالە ــ زار قىلمىغان بولسا، بىز بۇ ھەسرەتلىك

شېئىرلارنى يېزىپ ئولتۇرارمىدۇق؟ مەن بۇ ھېكايىنى تولا ئېيتىپ زېرىكتىم. باشقا ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، ئاشۇ تۇنجى ھەم ئېپايان ئادەم بۇ ئالەمدىكى بىرىنچى شائىر ئىدى. شائىر بولماقچى بولغان بەزىلەرنىڭ «ئۆزۈمنى ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلاندىم» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. سىز ئۆزىڭىزنى ئىزدەش سەپىرىڭىزدە تۇيۇقسىز نەچچە ئون يىللاردىن بېرى سىزنىڭ ئىسمىڭىز ۋە جىسمىڭىزدا ياشاۋاتقان كۆكيال ئىسىملىك كىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىز بولماستىن، بەلكى ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان مەلۇم بىر ئىدىيەنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىسى، مەلۇم بىر خىل ئادەتنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگىنىڭىزدە، سىز بۇ ئازابلىق رېئاللىقنى قوبۇل قىلالامسىز؟...... ئادەم ئادەم بولغانىكەن، ئۇنىڭدا ئادەمچە قىلىقلار بولامسۇنمۇ؟ ئادەم ئۆمرىدە بىرەر قېتىم خاتالاشمىسا، ئۆزىنىڭ «ئادەم»لىكىنى بىر يانغا تاشلاپ قويالمىسا، بۇ ئۇزاق دۇنيانى قانداق ياشاپ بولغىلى بولىدۇ؟ سىز ئەسلىي ئادەملىكىڭىزگە يېتەلمەي مەڭگۈ پەرياد چېكىسىز، ئادەملىك ئۈچۈن قىلغان ھەر بىر ئۇرۇنۇشىڭىز سىزنى ئادەملەردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. بارغانسېرى يىراقلايسىز، يىراقلايسىز...... بىر زامانلاردا ئەتراپىڭىزدىكى سانسىزلىغان ئادەملەر سىز ئۈچۈن گويا بىر توپ نامەلۇم دەرەخلەردۇر...... سىز شائىرنىڭ ئادەم ئەڭ كۆپ جايدا يالغۇزسىرىشىنىڭ چېكىگە يېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟

ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم (ياپچان): ھاياتنى چىڭ قۇچاقلاپ ياشاش ياكى خۇشاللىق بىلەن ئۆلۈش ئارقىلىق شېئىردىكى پايانسىز دۇنيادىن قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: شېئىر يېزىۋاتقان شائىرنىڭ شېئىردىن باشقا رېئاللىقى يوق. شائىر شېئىردىكى رېئاللىقتىن

ئۆزگە يەنە بىر رېئاللىقنى ھەرگىزمۇ چىڭ قۇچاقلىيالمايدۇ. ھاياتنى چىڭ قۇچاقلاپ ياشاشنى ئۈنىڭغا ئۆلۈم ئۆگەتتى. شېئىر - ئۆلۈمنىڭ ھاياتىدۇر. ئەجەبا، ئۆلۈم ئاتا قىلغان بۇ سۆيگۈ بىزنى شېئىردىكى پايانسىز دۇنياغا چاقىرىۋاتقاندا، نېمىشقا بىز تەكرار - تەكرار خۇشال ئۆلمەيمىز؟ ئەگەر سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىز شېئىرنىڭ سىرتىدىكى كىشىنىڭ چىڭ قۇچاقلاپ ياشايدىغان ھاياتى ۋە ئۆلۈمى بولسا، ياكى بۇ كىشى ماددىي ھايات ۋە ماددىي ئۆلۈم ئارقىلىق شېئىردىن قۇتۇلماقچى بولغان بولسا، بۇ كىشىگە بىز كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە دۇنيانىلا بەردۇق.

ئايىسمە ئىدرىس: ئەسەرلىرىڭىز بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا دىققەت قىلامسىز؟ چۈنكى، مەن ئەسەرلىرىڭىز بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى ئوتتۇرىسىدا ئېچىۋىتىلگەن ئىشىك باردەك ھېس قىلىمەن.

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: مەن شىنجاڭنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى گۇما ناھىيەسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باللىقىم سايلاردا قوي بېقىش بىلەن ئۆتكەن. ئىككى قېتىم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي، توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلىدىم، ھازىر يولۇچىلار توشۇش بېكىتىدە ئىشلەۋاتىمەن. تەرجىمىھالىمنى سۆزلەشتىكى مەقسەت شۇكى، مەن بىر قارا قورساق ئادەم. مېنىڭ ئۇيغۇرچىدىن باشقا ھېچقانداق تىل ياكى يېزىقتىن ساۋاتىم يوق. تېلېۋىزور ۋە كىتابلارنى ھەمدە ئەتراپىمدىكى بىرنەچچە قېرىنداش مىللەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق ئۆزگە مەدەنىيەت بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشمىدىم. شۇنداق سەۋەبلەر بولغاچقا، مەن سىز كۆرگەن ۋە ئاڭلىغاندەك ئادەممەن. ئەگەر شېئىرلىرىم بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بولسا، بۇ مېنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقىمدىن بولۇشى مۇمكىن. بىراق مەن شېئىر يازغاندا

ئۇلارغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىكەنمەن. ئەسەرلىرىم بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتى ئوتتۇرىسىدىكى ئېچىۋېتىلگەن ئىشىكتىن مېنىڭ كىرىپ - چىقىپ يۈرگىنىمنى كۆرگەن بولسىڭىز، ئېنىقكى، سىز بۇنى تۇنجى بايقىغۇچى ياكى بۇ ھەقتە تۇنجى قېتىم ئېغىز ئاچقۇچى. بەلكىم بۇ ئىشىك ئەزەلدىن ئوچۇق بولغىيتى. ئەسەرلىرىمگە كىرگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتى ياقىلىرىنى تۇتۇپ «تۇۋا!......» دېيىشمىگەندۇ - ھە؟! ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنىڭ قوينىغا كىرگەن شېئىرلىرىم «ئانا!......» دەپ ئەركىلىگىنىچە ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ كەتكەندۇ ھەرقاچان؟!...... سىز بۇلارنى كۆرۈپ قاپسىز، مەن بەكمۇ ئۈيۈلۈپ كەتتىم......

**ئۆمەرجان سالام (ياشلىق):** شېئىرلىرىڭىزدا نېمە ئۈچۈن «ئايال» سۆزى ئالاھىدە كۆپ ئۇچرايدۇ؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** ئەزەلدىن ئوتنىڭ قارشىسىدا سۇ، ئاقنىڭ قارشىسىدا قارا، ھاياتنىڭ قارشىسىدا ئۆلۈم بولغان، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە تەلپۈنۈشلىرىنى بىز مەڭگۇ ھېس قىلىپ بولالمايمىز. ئوت سۇنىڭ ئۆزىنى ئۆچۈرۈشىگە تەشنا، ئاق - قارىنىڭ ئۆزىنى يوق قىلىۋېتىشىگە. ھايات ئۆلۈمنىڭ ئۆزىنى يۇتۇۋېتىشىگە تەشنا. چۈنكى، ئوت — ئەسلىي سۇدا، ئاق — ئەسلىي قارىدا، ھايات — ئەسلىي ئۆلۈمدە ئىدى. ئۇلار قاچان بىر - بىرىدىن جۇدا بولدى؟...... شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوت يالقۇنلاپ كۆيىدىغان، قارا زۇلمەتكە پېتىپ كائىناتنىڭ پىنھان تىنۋشلىرىنى تىڭشايدىغان بولدى. ھەر بىر ھايات ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ، مەڭگۈلۈككە ئېرىشىدىغان سەلتەنەتلىك كۈننى ۋەھىمە ۋە ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ ئالەمنى مۇھەببەت قاپلىدى، سېغىنىش، ئىنتىزارلىق ھەممە يەردە جەۋلان قىلدى. ئايال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

ئەرنىڭ قارشىسىدا. ئايال ــ ئەسلىي ئەردە ئىدى، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن جۇدا بولدى (ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن جۇدا بولغانلىق ھېكايىسىنى كۆكيالنىڭ شائىرلىق ۋە ئادىمىيلىك توغرىسىدىكى سوئالىدا سۆزلەپ بولدۇق). شۇنىڭدىن بېرى يېنىمىدىكى ئايالنى يىراقلاردىن ئىزدەيمەن. قۇچاقلاپ تۇرۇپ، سەن قەيەردە؟ دەپ توۋلايمەن. ئايالنىڭ باغرىدا تۇرۇپ جۇدالىق ھەسرىتىدە زارلايمەن. شۇنىڭدىن بېرى ئايال دېگەن سۆز قۇرۇماس بولاقتەك تىلىمنىڭ ئۇچىدا شىلدىرلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدىن بېرى ئايال دېگەن سۆز گويا ئۆتكۈر پىچاق بولۇپ يۈرىكىمگە سانجىلغان. شېرىن ئاغرىق ئىچىدە پەرياد قىلسام پىچاقنى تارتىۋەتمىگەن پەرۋەردىگارغا تەشەككۇر، پىچاقنى تارتىۋەتسە ئۆلەتتىم...... ئايال ئەسلىي ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇقەددەس ۋەتەن ئىدى. ئەر ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئايال دېگەن ۋەتەندە پادىشاھ ئىدى. ئەر ئۇنىڭدىن جۇدا بولدى...... شۇنىڭدىن بېرى سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىم ماكانسىزدۇر. شۇنىڭدىن بېرى توۋلايمەن:

بىر ئايال ۋەسلىگە يەتمىگەن كىشى
ۋەتەنىنىڭ ۋەسلىگە يېتىدۇ قانداق؟!......

ئۆمەرجان سالام (ياشلىق): ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتى قەلەمكەشلىرىدە ھازىر كەم بولۇۋاتقىنى نېمە؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: يىراقلارنى قويۇپ گەپنى يېقىندىن، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا چوغلاندىن باشلايلى: سىزنىڭ تېما يوللىغاندىن كېيىن دەرھال كۆڭۈل بۆلىدىغىنىڭىز نېمە؟ باشقىلارنىڭ يازمىڭىز توغرىسىدىكى ئىنكاسلىرىنى كۆرۈش. ئەتىسى تورغا چىقىپ بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئىشىڭىز نېمە؟ يەنە ئۆز يازمىڭىزنى ئېچىپ، باشقىلارنىڭ ئىنكاس يازغان ـ يازمىغانلىقىغا قاراپ بېقىش. بىرسى يازمىڭىزغا ئىنكاس يازغان

بولسا، يەنە كېلىپ بۇ ئىنكاس سىزگە خۇشياقىدىغان ماختاش جۈملىلىرى بىلەن تولغان بولسا، شۈبھىسىزكى، بۇ ئىنكاسنى يازغان كىشىنىڭ ئىسمى خاتىرىڭىزدە مەھكەم ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىرەر يازما يوللىسا، سىزمۇ كېلىشتۈرۈپ ئىنكاس يېزىپ ئۇ كىشىگە جاۋاب قايتۇرىسىز. بۇ مۇنبەردىكى ئومۇمىيلىق ئەمەس، لېكىن ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان قىسمەنلىك. ئەدەبىيات ساختىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ، گەرچە ئۇ ماتېماتىكىدەك كەسكىن ۋە تەخىرسىز ھالدا ئېتىراز بىلدۈرمىسىمۇ، سىزنى ھامان راست ياكى يالغانغا ئايرىيدۇ. گەرچە سىز (سىز دېگەن سۆز بىر قاراتما، بەلكىم سىز بولماسلىقىڭىز مۇمكىن) قاناتلىرى تېخى يېتىلمىگەن كىچىك قۇش بولسىڭىزمۇ، توردىن ئىبارەت كەڭرى سامادا پەرۋاز قىلىش ئۈچۈن سىزگىمۇ يېتەرلىك بوشلۇق بار. بۇ بوشلۇق سىزنى تېخىمۇ ئېگىز ئاسمانلارغا ئېلىپ چىقىشى ياكى شۇ يەردىنلا موللاق ئاتقۇزۇشى مۇمكىن. سىز تورنى ھەرگىزمۇ بىرنەچچە ئادەمنىڭ دوست تارتىشىپ بىر - بىرىنى ماختايدىغان ياكى رەقىبلەرنىڭ خۇپىيانە ئىسىملار بىلەن بىر - بىرىنى تىللىشىدىغان سورۇنى دەپ قارىماڭ. ئەدەبىياتنى ھەرگىزمۇ سۆزمەنلىك قىلىپ شۆھرەت تاپىدىغان ئەڭ ئاسان يول دەپ قارىماڭ. بىلىمەن، ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيىسىز. ئۇنداقتا، ئەدەبىياتنىڭ سىزنى ئاقنى ئاق دېيىش ئۈچۈن كۆك، سېرىق، قىزىل، سۆسۈن، بىنەپشە...... قاتارلىق تالاي رەڭلەرنىڭ قاراڭغۇ كوچىلىرىدا ناھايىتى ئۇزاق ماڭدۇرسىمۇ، ئاخىر ئاقنىڭ ئۆزىنىڭ ئاقلىقىدىن ئىبارەت بۈيۈك مەنزىلگە يەتكۈزىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ. ئىلگىرى بىز ئەسەرلەرنى قەلەمدە يازاتتۇق. ئەسەر يازىدىغانلار باشقىلارنىڭ تىلىدا «قەلەمكەش» دەپ ئاتىلاتتۇق. «قەلەم» دېگەن سۆز بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇقەددەس ئىدى. ياخشى

يازىدىغانلار توغرىسىدا پاراڭ سېلىشساق «مەن ئۇنىڭ قەلىمىگە قايىل» دېيىتتۇق. دەرۋەقە، قەلەم بىر مېتال، ئۇ ئەسەر يازغاندا پەقەت كۆڭۈلدە ئويلىغانلىرىمىزنى قەغەز يۈزىگە چىقىرىپ بېرىش رولىنىلا ئىگە. بىراق ئىلگىرىكىلەر قەلەمنى بىر قەلەمكەشنىڭ مەسئۇلىيەت، بۇرچ، ھەتتا ۋىجدانىغا سىمۋول قىلىغان. سىز بۇ بايانلىرىمدىن نېمە دېمەكچى بولغانلىرىمنى ئاللىقاچان ھېس قىلىپ بولدىڭىز، شۇنداقتىمۇ مەن يەنە دېمەكچى، ھازىر تور ئەدەبىياتى قەلەمكەشلىرىدە كەم بولۇۋاتقىنى «قەلەم».

ئەنۋەر ھىدايەت: ئاممىباب شېئىرلارغا قانداق قارايسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: سوئالىڭىزنىڭ ئۆزىدىنلا چىقىپ تۇرىدۇ. ئاممىباب شېئىرلار ــ ئاممىغا باب كېلىدىغان شېئىرلار دېگەنلىكتۇر. بۇ گەپتىن يەنە چىقىپ تۇرىدۇكى، ئاممىباب شېئىرلار بىر ئوقۇپلا چۈشەنگىلى بولىدىغان، ئاددىي، يېقىشلىق، مەنتىقىلىك، راۋان تىلدا يېزىلغان شېئىرلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئاممىباب شېئىرلار جەمئىيەتتىمىزدىكى ئەڭ ئالقىشلانغان، ئەڭ كىتابخانلىق شېئىرلاردۇر. سەنئەت نۇقتىسىدىن چۈشەنگەندە، ھەرقانداق ئەسەر ھەم ئىجتىمائىي قىممەتكە، ھەم بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. ئاممىباب شېئىرلار مەلۇم بىر دەۋردىكى مەلۇم بىر خىل كىشىلەر توپىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلغاچقا، ئۇ تارىختا يېقىن تۇرىدۇ. ئۇنى ساپ سەنئەت نۇرلىرىغا قارىغاندا تارىخ ۋە ھەقىقەتنىڭ تامغىسى تېخىمۇ بۈيۈكلۈككە كۆتۈرگەن. ئەپسۇسلۇق يېرى شۇكى، كۆپىنچە ئاممىباب شېئىرلار مەلۇم بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ، تېخىمۇ ئۇزاق زامانلارغا يېتىپ بارالمايدۇ.

**ئابلەت مۇھەممەت (كۆيزار): شائىر قانداق ئادەم؟**

غوجمۇھەممەد مۇھەممەد. شائىر — شېئىر يازىدىغان ئادەم دېسەم، جاۋابىمغا قايىل بولمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. بىراق مېنىڭ مەقسىتىممۇ سىزنى قايىل قىلىش ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەر «شېئىر يازىدىغان» دېگەن گەپنىڭ كەينىدىكى «ئادەم» دېگەن سۆزنى تازا ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ، ئۇلار شائىرنى گويا «ئادەم ئەمەس»تەكلا ھېس قىلىسا كېرەك. ئۇلار «ئادەم» دېگەن گەپ شائىرنىڭ سەلتەنەتىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ دەپ قارىسا، ئۇنى ئادەم ئەمەس، باشقا...... نەرسە دەپ باقسۇن، بۇنىمۇ ئاڭلاپ باقمىز. بىراق مەن ئۇنى ئادەم دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىمەن. باشقىلار ئۇنىڭغا قانچىلىك مۇقەددەس بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى تېڭىشى ۋە ئۇلۇغلاپ كۆككە كۆتۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئايال تەرىپىدىن ئەرلىكىدىن ئايرىلىپ ئىنسانلىقىنىڭ مەھرۇملىقىدا بىر ئۆمۈر يىغلاپ ئۆتكەن ئەلىشىر نەۋايىنى، ئافاق خوجا تەرىپىدىن ئاختا قىلىنىپ دەشتمۇدەشت ئەرز ئېيتىپ ئۆتكەن شاھ مەشرەپنى، مەن يەنە ئەرەب ئەللىرى بىلەن ئۇرۇمچى ئارىلىقىدا ياشاش ۋە ياشاش ئۇچۇن سەپەر قىلىۋاتقان ئادىل تۇنىيازنى، موھتاجلىق ۋە نامراتلىقتا ياشاپ جەسىتى ئۇرۇمچى كوچىسىدا بىرنەچچە سائەت يالغۇز قالغان باتۇر روزىنى، مەن بىلەن بىلىيارت ئويناپ، تاماكا چېكىشكەچ قىزلار توغرىسىدا ھەزىل چاقچاقلارنى قىلىشىدىغان مۇتەللىپ ماڭسۇر بىلەن ئابدۇرەشىت ئېلىنى شائىر دەيمەن. مەن يەنە خوتەنگە كېلىپ خىزمەت، تۇرمۇش ئالدىراشلىقىدا مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە قەشقەرگە قايتار ۋاقتىدا ئاران يېرىم سائەتلا ۋاقىت چىقارغان چىمەنگۈل ئاۋۇتنى، قايسىدۇر بىر مۇرەككەپ مەسىلىنى مۇتائىلە قىلىۋاتقان پەرھات تۇرسۇننى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ ئولتۇرغان ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم بىلەن قەيسەر تۇرسۇننى

شائىر دەيمەن. مەن ئۇلارنى شائىر دەۋاتقاندا هايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇمچىدە كىتابخانا، خوتەندە كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ئېچىپ ئىككى شەھەر ئارلىقىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئوسمانجان مۇھەممەد پاسئان، ئىجادىيەتچىلەر يىغىلىشىغا بېرىش ئۈچۈن مەكتەپ مۇدىرىدىن رۇخسەت ئالالماي تېرىكىپ تۇرغان ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك ۋە قورغاس ناهىيە مەركىزى سانائەت سودا بازىرى 24 ـ دۇكاندا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغان رەھىم ياسىن قاينامىنىڭ شائىرلىقىنى ھېچقاچان تاشلاپ كېتەلمەيمەن. مەن ئۇلارغا ئەۋلىيالىقنىڭ كۆرۈنمەس تونىنى كىيدۈرۈپ قويۇپ، كارامەت كۆرسەت، دەپ قىستىغۇچىلارغا نەپرەتلىنىمەن. مەن بۈگۈن ئۇلارغا ياشاش، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كوچىلاردا ئىككى پۇتى بىلەن مېڭىپ، ئىككى قولىقى بىلەن ئاڭلاپ، ئىككى قولى بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ شائىر ئىكەنلىكىنى دەپ قويماقچى. خالايىق، ئۇلارغا ئىنسانلىقنىڭ ئارامى جانى بولغان مەستلىكنى، ھەۋەس شەيتىنىنى ئازراق بولسىمۇ بېرىڭلار، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئادەم......

ئابلەت مۇھەممەت (كۈيزار): شائىرلىقتىن ئۆكۈنگەن چاغلىرىڭىزمۇ بولغانمۇ؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: مەن ھاياتىمدا كۆپ ئىشلاردىن ئۆكۈنگەن، بىراق شائىر بولۇپ قالغانلىقىمدىن ئۆكۈنگەن ئەمەسمەن. فابرىكىدىن ئايرىلىپ ئىشسىز قالغاندا، ئايالىمدىن ئاجرىشىپ ئىللىق ئائىلىدىن مەھرۇم بولغاندا، تىجارەت قىلىمەن دەپ زىيان تارتقاندا، لۈكچەكلەر بىلەن مۇشتلىشىپ تاياق يېگەندە...... ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنيادا ئەڭ قاملاشتۇرۇپ قىلالايدىغان ۋە قىلالىغان ئىشىمنىڭ شائىرلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم. ئەگەر شېئىر يازىدىغان ئادەم بولمىغان بولسام، بەلكىم چۈشكۈنلۈك، ئامالسىزلىق ئىچىدە ئاللىقاچان تۈگىشىپ

كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ، ئەڭ مۇدھىش كۈنلىرىدە شېئىر روھىمنى بەربادلىقتىن ساقلاپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن.

تۇراپجان تۆمۈر(ئاتقۇچى): تۇغۇلغان يۇرتىڭىز بولغان گۇمىغا ئالاھىدە ھۆرمىتىم بار. كېيىنكى ئىجادىيەت يۇكسىلىشىڭىزدە گۇمىدىكى بىر تۇركۇم ئوت يۈرەك قەلەمكەشلەرنىڭ ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە تەسىرى بارمۇ؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: تۇغۇلغان يۇرتۇم گۇما توغرۇلۇق سۆزلىسەم تىلىم يايرايدۇ، چۈنكى جاھاندىكى ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مېنىڭمۇ تۇغۇلغان يۇرتۇمغا ئالاھىدە مېھرىم بار. چۈنكى، يۇرتۇمدا ئۆزىگە مېھرىمنى كۆنسېرى چوڭقۇرلىتىپ تۇرىدىغان پەرىشتىدەك ئانام، تاغدەك ئاكام، ئايدەك ئاچام، يۇلتۇزدەك سىڭلىم ۋە بىر - بىرىدىن شەپقەتلىك ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك، ئابلەت ئەخمەت چۆلتېكىن، ئابلىكىم ئابلىمىت تاغتېكىن، مۇھەممەت كامال خۇشخۇي، ئابلىكىم تالىپ، ئابدۇقادىر سادىر، ئابدۇلئەھەت داۋۇت تۇركزاد، توخسۇن ھۇسىيىن ئەلقۇت، ئابدۇرەشىت ئەمەت سەھرا، ئابلەت ئابلىكىم توغراق، ئابلىكىم مۇساق مىركالان، ئىدرىس روسۇل تەمكىن، غوجىمۇھەممەد قابىز...... قاتارلىق قەلەمكەش دوست - بۇرادەرلىرىم بار. قەلەمكەش دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۇدەك تەخەللۇسى بار، شۇنداق بولىسىمۇ ئۇلار مەندەك بۇرادىرىنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ. گۇما ھەرقانداق قەلەمكەشنىڭ مىسالى ئۆز يۇرتىدۇر. شىنجاڭنىڭ ھەرقانداق يېرىدىن داڭلىق ياكى داڭسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەلەمكەش كەلسە گۇمىغا چۈشۈپلا ئەخمەتجان تۇرۇپنى ئىزدىسۇن، ئۇ دەرھال گۇمىدىكى يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بۇرادەرلەرگە تېلېفون ئۇرىدۇ. ئۇ بۇرادەرلەر مەيلى ھۆكۈمەتنىڭ، مەيلى ئۆزىنىڭ مۇھىم

ئىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىرەر رېستوران ياكى ئارامگاھقا يىغىلىدۇ ـ دە، مېھمانىنىڭ ھۆرمىتىگە سورۇن راسلايدۇ. مېھمان گۆمىدا بېجىرىدىغان ئىشلىرىدىن ئەسلا غەم يېمىسۇن. ئۇ تەشۋىشىنى ئېيتسىلا بولدى، ئۇ سورۇندىن قوپۇپ بولغۇچە ھاجىتى راۋا...... ئەقلىمگە كېلىپ، شېئىر يېزىپ يۈرگەندە خوتەندە ئىدىم. كېيىن يەنە ئون ئىككى يىل خوتەندە ياشىدىم. بۇ جەرياندا ھەرقېتىم گۆمىغا چىقسام، مەنمۇ ھېلى تىلغا ئېلىنغان داغلىق ياكى داڭسىز مېھماندەك مېھمانلىقنىڭ پەيزىنى سۈردۇم. ھالا ئون ئىككى يىلدىن كېيىن تەقدىر مەندىن خوتەننى تارتىۋالدى. خوتەن قولدىن كەتتى...... ئەمدى قايان بارىمەن؟!...... ئاخىر ساياق بېشىمنى ئېلىپ سەرگەردانلىق كوچىسىغا كىردىم. قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا، ئۈرۈمچىلەرنىڭ كوچىلىرىدا ئاياغ ئىزلىرىم قالدى، ئۆزۈم قالالمىدىم. ئېھ سەرگەردان، مالامەتتە قالغان غېرىب بېشىمنى قەيەردە قويارسەن ئەمدى؟!...... ئەجەبا، گۆمىغا بېرىش نېمىشقا ئېسىمگە كەلمىگەندۇ؟ ئويلىماپتىمەن، ئانام جان ـ جەھلى بىلەن مېنى سېغىنىپتۇ ۋە ئاشۇ سېغىنىشلىرى بىلەن مەن ئۈچۈن قوشتاغىنى، شائىر بۇرادەرلىرىم چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلەن ماڭا گۆمىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. قوشتاغقا كەلدىم، ئانام: «ئال ئوغلۇم، قوشتاغنى قولۇڭغا ئال» دېدى. گۆمىغا كەلدىم، شائىر بۇرادەرلىرىم: «ئال دوستۇم، گۆما سېنىڭ» دېدى. ھېچ ئويلىمىغان ئىكەنمەن، گۆما مەندىن ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان يەر ئىكەن ئەمەسمۇ؟!...... گۆما مېنىڭ يۇرتۇم. مەيلى قەيەردە بولاي، گۆما قولدىن كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ئېھتىرام بىلەن مەن ئۈچۈن گۆمىنى ساقلايدىغان شائىر بۇرادەرلىرىم بار...... كېيىن گۆمىدا تويتوغرا بەش يىل تۇرۇپ قالدىم. بۇ جەرياندا ئاشۇ بۇرادەرلەر، بولۇپمۇ ئەخمەتجان تۇرۇپ

بەگتۇرك، ئابلەت ئەخمەت چۆلتېكىن، ئابلىكىم ئابلىمىت تاغتېكىن قاتارلىق جانجىگەرلەر بىر تاۋاقنى يالاپ، بىر تامبالنى يىرتىپ ئۆتتۇق. تۆتەيلەن سانسىز كېچىلەردىن چىققاندا قۇياش بىزدىن رۇخسەت ئالاتتى. ئىچ-باغرىمىزنى يېرىپ داستىخانغا تاشلايتتۇق - دە، ئاچ كۆزلەرچە يېيىشكە باشلايتتۇق. بىز بىر - بىرىمىزنى بىر - بىرىمىزگە قوشۇۋەتتۇق. بىز بىر - بىرىمىزگە ئەنە شۇنداق قانمايتتۇق...... ئۇلار مەندىن شېئىر يېزىشنى، يەنە يېزىشنى تەلەپ قىلىشتى. ماڭا توختىماي ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشتى. قوشتاغدا ياخشى يازالمىدىم دەپ ئاتايىن گۇمىغا كېلىپ، ساق بىر قىش مۇھەممەت كامال خۇشخۇي ۋە ئابلەت ئابلىكىم توغراقلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ شېئىر يازدىم. كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى...... 2008 - يىلى خوتەننى قايتا قولۇمغا ئالدىم. گۇمىدىكى دوستلىرىمغا يەنە مېھمانمەن. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئۇلار چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلەن گۇمىنى ماڭا ساقلاپ تۇرىدۇ......

**تۇراپجان تۆمۈر:** تۇيغۇنى ھەشەمەتلىك ۋە چۈشىنىكسىز سۆز دۆۋىسى ئارقىلىق ئىپادە قىلىدىغانلارغا قارىغاندا، ئانا تىلىمىزدىكى ساپ سۆزلەر بىلەن سەنئەتلىك ئىپادە قىلىشقا تىرىشىپ كېلىۋاتىسىز...... مۇشۇ نۇقتىدىمۇ ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ قانداق؟

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد:** كىمدۇر بىرىگە ئېيتقىنىمدەك، شېئىر يېزىۋاتقىنىمدا ھېچقانداق نەرسىنى ئويلىمايتتىم. راستىنى ئېيتسام، ئۆزۈم يازغان شېئىرنى ئۇنداق ياكى مۇنداق دەپ شەرھلەشنىمۇ ياقتۇرۇپ كەتمەيتتىم. بىراق ئۆمرۈمدىكى ئەڭ كۆپ سۆزلەپ يۈرگەن بۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى دېمىگەن گېپىم ئاز قالغاندەك قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ سۆزلىسەم سۆزلەي.

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

مەن شېئىر يېزىۋاتقاندا سۆز تاللاپ ئولتۇرمايمەن. شېئىر دېگەنگە كېلىدىغان سۆزلەر ئۆزى كېلىدۇ. كەلمەيدىغان سۆز بولسا يەتتە پاتمان چاقىرسىڭىزمۇ كەلمەيدۇ. سۆزلەرنىڭ قەلەندىرى بولۇپ ئىشىك چېكىپ يۇرگۇچە يازماسمىنا ئاشۇ شېئىرنى...... ئەمدى ئويلاپ باقسام، ئانا تىلىمىزدىكى ساپ سۆزلەر بىلەن سەنئەتلىك ئىپادىلەپ بېرەلىگىنىمگە قارىغاندا، شېئىر يېزىۋاتقىنىمدا سۆزلەرنىڭ رىتىمىغا ئۇسسۇل ئوينىمايدىكەنمەن، ئەكسىچە سۆزلەرنى تۇيغۇمنىڭ رىتىمىغا كەلتۈرۈپ ئوينىتىدىكەنمەن. ئاھ، خۇدا، مەن سۆزلەرنى ئوينايدىكەنمەن، ھەرگىزمۇ سۆزلەر تەرىپىدىن ئوينالمايدىكەنمەن. لۇغەتكە قاراپ ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۆلچەملىك شاھانە كۈيلىرىنى ئاڭلاشتىن كۆرە، سۆزلەرنى ئۆزۈم خالىغان كۈيگە ئۆزۈم چالىدىكەنمەن. سۆزلەرنىڭ مېنى تۆت تەرەپتىن قىستاپ كېلىشىگە، بۇرنۇمنى نوقۇشىغا، كىيىملىرىنى يىرتىشىغا، ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ھەرگىزمۇ تەخىر قىلىپ تۇرالمايدىكەنمەن. سۆزلەر ماڭا ئاشىقكەن، ئىشىكىم ئالدىدا ۋىسالىمغا زار بولۇپ تەلمۈرۈپ تۇرۇشىدىكەن. رۇخسەت قىلىڭ دوستۇم، جاھاندا تەڭدىشى يوق بۇ ساھىبجامال سۆزلەرنى ۋىسالىغا قاندۇراي!......

ئۆمەرجان تۇرسۇن: شېئىرنىڭ گۈزەللىكى نېمىدە ئىپادىلىنىدۇ؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: سەت ئايال يوق. ئايال دېمەك ــ گۈزەللىك دېمەكتۇر. ئايال ــ يالىڭاچ بولغاندا ئاندىن ئايال. ئايالنىڭ ماھىيىتى ــ يالىڭاچلىق. كۆرۈمسىز ئايال ئۇپا ـ ئەڭلىك ئارقىلىق گۈزەللىكنى ئىپادە قىلىدۇ، سەتەڭ ئايال ناز ـ كەرەشمە ئارقىلىق گۈزەللىكنى ئىپادە قىلىدۇ، ئىپپەتلىك ئايال ئەخلاق ـ ھاياسى بىلەن گۈزەللىكنى ئىپادە قىلىدۇ. ئۇ گۈزەللىكنى ئىپادە قىلىدىغان ئاشۇ نەرسىلەرنى سېلىۋەتكەندە، ئاھ خۇدا، ئۇ تېخىمۇ يالىڭاچ، تېخىمۇ گۈزەل...... مەن ئەسلىي

شېئىرنىڭ گۈزەللىكى نېمىدە ئىپادىلىنىدۇ؟ دېگەن تېمىدا سۆزلىمەكچى ئىدىم. شۇنداق، شۇ تېمىدا سۆزلىمەكچى ئىدىم. قارىغاندا، بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ ئاياللار بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولمىسا ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ يالىڭاچلىقى ھەققىدە ۋاتىلداپ كېتەتتىممۇ؟ شېئىر يېزىپ يۈرگەن دەسلەپكى مەزگىللىرىمدە، ئارۇز ۋە بارماق ۋەزنىنىڭ ھەممە تۈرلىرىگە چېپىلىپ باققان ئىدىم. بارماق ۋەزنىنىڭ بوغۇم، قاپىيە، رىتىملىرى ۋە قېلىپتا قۇيغاندەك تۆت چاسا كۇپلېتلىرى ماڭا ئىنتايىن مۇكەممەل ۋە نەپىس بىلىنەتتى. ئىشلەتكەن ئۆلچەملىك تىللار مەزمۇندىكى تېيىزلىقلارنى يېپىپ تۇراتتى. ئارۇزنىڭ سەلتەنىتىگە باش ئۇرغان چاغلىرىمدا بەھر، قاپىيە، رادىف...... لارنىڭ مەپتۇنلۇقىدا ئىدىم، ماڭا نە ناخشا، نە ساز تېتىماس ئىدى. ئارۇزدىكى ھەددىدىن تاشقىرى مۇستەھكەم شەكىل ۋە يىمىرىلمەس ئۆلچەم، مېنى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قەسرىگە بەند قىلىۋالغان ئىدى. بىراق تاسادىپىي بۇ ئىككى ۋەزنىنىڭ بەس - بەس بىلەن كۆتۈرگەن غەلىيانلىرى، نالە - پىغانلىرى، ئەسەبىي قۇتراشلىرىنى كۆرۈپ قالدىم. ئەسەبىي روھلار، ئەشەددىي نۇرلار، غايەت قاراڭغۇلۇق، مىسلىسىز چۇقانلار قەسرىنىڭ تاملىرىغا سوقۇلاتتى...... ئاھ!...... شېئىر ئۆزىگە پاتمايتتى...... ھەرپلەر سۆزلەرگە، سۆزلەر مىسرالارغا، مىسرالار كۇپلېتلارغا زەرب بىلەن ئۆزىنى ئۇراتتى. گۈمبۈرلەپ ئۆرۈلۈشلەر، تاراڭلاپ چېقىلىشلار، ۋەرت - ۋەرت يىرتىلىشلارنى سېزەتتىم. ئاچچىق ئىنجىقلاشلار، قايغۇلۇق ۋارقىراشلارنى ئاڭلايتتىم. سىقىلىش، ئازابلارغا چىدىيالماي ئۇ قەسرىدىن بۇ قەسرىگە يۈگۈرەيتتىم...... كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھ مەشرەپنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. ۋاي ئاللاھ!... كۆردۈمكى، يېرىلىپ تۇراتتى، يېرىقلاردىن ئاسمانلار ساڭگىلاپ تۇراتتى.

سۆكۆلۈپ تۇراتتى، يوچۇقلاردىن دەشت ـ باياۋانلار يۇگۇرۇپ چىقاتتى...... شۇندىن بېرى شېئىرلىرىم ماڭا باقمىدى، قەسىرلەردىن ئۆزىنى قاچۇردى. كىچىككىنە بىخەستە بولسام كىيىملىرىنى يىرتىۋېتىشكە، ھەتتا يالىڭاچ بولۇپ كوچىلارغا يۈگۈرەشكە باشلىدى. مەن ئۇلارنى قەسىرگە ھەيدەش، كىيىم كىيدۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدىم. قورقاتتىم، شېئىرلىرىم قەسىردە جىم ئولتۇرۇپ مېنىڭ پەرمانىم بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك ئىدى، ئۇلار قەسىر ئىچىدە ئىنتايىن بىخەتەر بولاتتى. شېئىرلىرىم قاپىيە، ۋەزىن، تىل...... قاتارلىق كىيىملەر بىلەن ئەدەپلىك، نازاكەتلىك كۆرۈنەتتى. بىراق...... كېچىككەن ئىدىم. ئەمدى ئۇلار مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايتتى. مېنىڭچە، شېئىر يالىڭاچ بولغاندا ئاندىن شېئىردەك بولاتتى. بىراق، يالىڭاچلىق قورقۇنچلۇق گۈزەللىك، بۇ يالىڭاچلىقنىڭ چېكى يوق ئىدى. شېئىردىكى بۇ يالىڭاچلىق بارلىق يالىڭاچلىقنىڭ چېكىنى بۇزۇپ تاشلايتتى. شېئىردىكى بۇ گۈزەللىك بارلىق گۈزەللىكنىڭ، ھەتتا ئۆلۈمنىڭ بىپايان ۋە سىرلىق گۈزەللىكىنىڭ چېكىنىمۇ بۇزۇپ تاشلايتتى. بۇ چەكسىزلىكتە ئىنسانلار نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن قۇرۇپ چىققان بارلىق مۇقەددەسلىكلەر، بۈيۈكلۈكلەر، سەلتەنەتلەر؛ ئېرىشكەن نەتىجىلەر، شان ـ شەرەپلەر؛ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەت، يىمىرىلىش، گۇمران بولۇشلار؛ بارلىق ھەقىقەتلەر ۋە خاتالىقلار بىر دۆۋە سوغۇق كۈلگە ئايلانغان...... بۇ بەجايىكى قىيامەتنىڭ ئۆزى ئىدى. شۇ دەقىقىدە دانىشمەن ئەجدادلارغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدىم. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن ئاياللارنى كىيىمدىن چىقارمىغان ۋە شېئىرىي تۇيغۇلىرىنى قەسىرلەرگە باشلاپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى پاساھەتلىك تىل، ئاھاڭدار رىتىم، قاپىيەلەر...... بىلەن ئىپادە

قىلغان ئىكەن. ئۆزىگە پاتمىغان نەرسە يا بۇرۇقتۇملۇقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۆزىنى پاچاقلاپ تاشلاپ چەكسىز يوقلۇققا سىڭىپ كېتىدۇ. بولدى دوستۇم، يەنە سۆزلەشكە مەندە تاقەت يوق.

ئۆمەرجان تۇرسۇن: ئىجادىيەت مۇساپىڭىزدە ئەڭ ئۆكۈنگەن ئىش قايسى؟

غوجمۇھەممەد مۇھەممەد: بۇ ھەقتە سورىغانلارغا 2003 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە 12 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنىغا قاتناشقىلى چىقىپ، تۆت دانە خاتىرەمنى يوقىتىپ قويغىنىمنى ھازىرغىچە بولغان ئىجادىيەت مۇساپەمدىكى ئەڭ ئۆكۈنۈشلۈك ئىش دەپ قارايمەن. بۇ خاتىرىلەرگە 2000 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2003 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە يازغان بارلىق شېئىرلىرىم قاچىلانغان ئىدى. بۇ مېنىڭ ئىجادىيەتكە تازا قىزغىنلىق بىلەن كىرىشكەن، رېئاللىقتا نە بىر خىزمەت، نە بىر ئائىلە، نە بىر ياشاش نىشانىم يوق، شېئىردىن باشقا ھېچ نەرسەم قالمىغان چاغلىرىم ئىدى. شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىم ھازىرمۇ ئېسىمدە، مەن ئەمدى شېئىر يازمايمەن، دەپ ئويلىغان......

قاسىمجان ئۇسمان (غازى): ھۆرمەتلىك دوستۇم، سىز بىلەن ھەم سىز ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەن ۋۇجۇد ئىگىلىرى بىلەن دەۋرداش بولۇپ يۇرۇۋاتقانلىقىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن. مەن بۇ يىل خوتەنگە بارغاندا ئابدۇرەشىت ئېلىنىڭ ئۆيىدىن گىيوتى يازغان «فائۇست» ناملىق شېئىرىي ئوپېرانىڭ 1 ـ قىسمىنى ئاچىقىپ ئوقۇپ، شېئىرنى ئىلگىرىكىلەر يېزىپ بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. نۆۋەتتە بىر سوئال سوراي، سىز مەتبۇئاتلاردا، تور مۇنبەرلىرىدە كۆرگەن تەرجىمە شېئىرلارنى ئوقۇپ شېئىرنى مۇنداق يازسىمۇ بولىدىكەن، دەپ باققانمۇ؟ دېمەكچى، تۇيغۇ ئالمىشىڭىزدە سۆزلەرنى ئويناۋاتقىنىڭىزدا نېمىگە ھەيران بولىسىز؟

غوجمۇھەممەد مۇھەممەد: ھەرقانداق سوئالغا قىلچە يالغاننى قاتماي، مۇبالىغە قىلماي راستچىللىق بىلەن جاۋاب بېرىشنىڭ بىرلا ئامالى بار. ئۇ بولسىمۇ جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئويلانماسلىق، سوئال سورالغان شۇ دەقىقىدە كاللىغا كەلگەن ئىنكاسنى ئۇدۇل ئېيتىش، بۇ كۆڭۈلدىكى سۆزدۇر. مەنمۇ مۇشۇ ئەسنادا كۆڭلۈمدىن كەچكەن سۆزلەرنى ئۇدۇللا ئېيتاي. مەن ئېيتماقچى بولغان بۇ سۆزلەر بەلكىم سىزنى قايىل قىلالماس، چۈنكى ئۇ سۆزلەر كۆڭلىڭىز كۈتكەن سۆزلەر ئەمەستۇر. بىراق ئىشىنىمەنكى، سىزمۇ مەندىن كۆڭلۈمدىكى سۆزلەرنى ئېيتىپ مېنى قايىل قىلىڭ دەپ ئەمەس، بەلكى كۆڭلىڭىزدىكى سۆزلەرنى ئېيتىڭ دەپ مەندىن بۇ سوئالنى سورىدىڭىز. مەن مەتبۇئاتلاردا، تور مۇنبەرلىرىدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان شېئىرلارنى ئاساسەن دېگۈدەك تولۇق ئوقۇپ ماڭدىم. ئىنكار قىلالمايمەنكى، ئىجادىيىتىمنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئوقۇغان چەت ئەلنىڭ نادىر تەرجىمە شېئىرلىرى شۇ مەزگىلدىكى شېئىر ئىجادىيىتىمنىڭ مەيلى قۇرۇلما، مەيلى ئىپادىلەش جەھەتلىرىدە بولسۇن، ئاز - تولا ئىپادىسىنى تاپتى. بىراق مەن ھېچقاچان «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى تۈنجى كۆرگەن چېغىمدىكى «شېئىرنى مۇنداق يازسىمۇ بولىدىكەن» دېگەن سۆزنى ئىككىنچى تەكرارلاپ باقمىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلىنىپ «سۇمۇرغ»، «ئەنقا» تورلىرىدا ئېلان قىلىنغان ئەرەب شائىرلىرىدىن ئەدۇنىس، ئۇنسى ئەلھاج قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەۋەس بىلەن «مۇنداق يېزىپ باقايمۇ يا؟» دېگەن خىياللاردا بولدۇم. سىز ئېيتقان گيۇتىنىڭ «فائۇست» دېگەن ئوپېراسىنى تېخى ئوقۇپ باقمىدىم، ئۇنى ئوقۇپ سىزنىڭ «شېئىرنى ئىلگىرىكىلەر يېزىپ بوپتىكەن» دېگەن قاراشقا كەلگىنىڭىزنى ئاڭلاپ، مەندە دەرھال ئۇ كىتابنى

ئوقۇش ئىستىكى قوزغالدى. بەلكىم شۇ چاغدا مەندە يەنە بىر قېتىم «شېئىرنى مۇنداق يازسىمۇ بولىدىكەن» دېگەن ئوي تۇغۇلار، بەلكىم ئۇنداق بولماس...... لېكىن مەن شېئىر دېگەن قانداق بولسا، شۇنداق بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئۇنداق يازسىمۇ بولىدۇ، مۇنداق يازسىمۇ بولىدۇ، دەيدىغانلارنىڭ تەرەپدارى.
«تۇيغۇ ئالەمىڭىزدە سۆزلەرنى ئويناۋاتقىنىڭىزدا نېمىگە ھەيران بولىسىز؟» دېگەن سوئالىڭىز ئېسىمگە كەلدى. ئويناش شادىمانلىق ئىچىدە بولىدۇ. بالىلارچە تەنتەكلىك، بىغۇبارلىق ۋە تەسۋىرلىگۇسىز قىزغىنلىق ئىچىدە ئويناش داۋاملىشىۋاتقاندا، سىزدە مەستلىك ھەم ھاياجاندىن باشقا نېمە بار؟ مەست بولۇش ــ ئىدراكتىن خالاس بولۇش دېگەنلىكقۇ؟!...... سۆزلەردىكى مەنىنى، پاساھەتنى، قۇدرەتنى يوق قىلىۋېتەلمىسىڭىز، ئۇلار سىزنى ئىدراكقا، تەپەككۇرغا، مەپتۇنلۇققا سۆرەيدۇ. ئۇ چاغدا سۆزلەر سىزنى ئوينايدۇ. دېمەكچىمەنكى، ئويناۋاتقان چېغىمدا شادىمانمەن، مەستمەن، بىھۇشمەن، سۆزلەر ماڭا ھەيران......
مۇھەممەد توختى( جالالدىن): مۇكەممەل بولماسلىق شېئىرنىڭ خاسلىقى دەپ قارامسىز؟
غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئەبەدىي مەپتۇن. سۆز ئويۇنىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىنساننىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى، مۇكەممەللىك ئىزدەپ مەنىۋىيەت چۆللىرىدە بىر ئۆمۈر سەرگەردان بولۇپ يۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىمىز. ئەگەر ئادەم تاسادىپىي تۇغۇلۇپ، تۇيۇقسىز ئۆلسە، بۇ شېئىرنىڭ تۇيۇقسىز باشلىنىپ، تاسادىپىي ئاخىرلىشىدىغانلىقى، بۇ ھەم ئىنساننىڭ ئىككى ئۇچىنىڭ يوقلۇققا چىلىشىپ تۇرىدىغانلىقى...... سىز دەۋاتقان مۇكەممەل بولماسلىقنىڭ شېئىرنىڭ شەكلىدىكى چۇۋالچاقلىق، مەزمۇنىدىكى مەنتىقسىزلىك، رىتىمىدىكى

تۇراقسىزلىق ئىكەنلىكى ماشا ئايان. سىز دەۋاتقان ئۇ مۇكەممەل ئەمەس شېئىرلاردا پىرامىدالاردەك مەزمۇتلۇق ۋە ھەيۋەتلىك تۇس يوق، دەريالاردەك قىرغاق ۋە مۇقىم مەنزىل يوق. ئۇ شېئىرلار گويا باشلانمىغاندەك، ئاخىرلاشمىغاندەك...... ئۇ سىزنى ئۆزىڭىزمۇ بىلمەيدىغان بىر يەرگە باشلاپ قويۇپ غايىب بولىدۇ. قايسى تەرەپكە، قانداق مېڭىش ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى. دەرۋەقە، ھازىر ئاشۇنداق مۇكەممەل ئەمەس شېئىرلار ۋە مۇكەممەل بولماسلىقنى شېئىرلارنىڭ خاسلىقى دەيدىغان قاراشلار بار. مەنمۇ ھېچقاچان ئۆزۈمنىڭ بىرەر پارچە شېئىرىنى مۇكەممەل يېزىلدى دەپ قاراپ باقمىدىم، ھامان كەمتۈكلۈك ھېسسىياتىدىن قۇتۇلالمايمەن، بۇ ئىزدىنىش يولىدا قاچانغىچە مېڭىشىمنى، مۇكەممەللىككە قاچان يېتىشىمنى ئەسلا بىلمەيمەن......

ئابدۇرەشت مۇھەممەتئىمىن: «شائىر تىل ئادەتلىرىگە جەڭ ئېلان قىلغۇچى» دېگەنىدى بىر ئۇستاز. مەن بۇ سۆزنى قوللايمەن. شائىر ھەقىقەتەنمۇ بىز ئادەتلەنگەن تىل فورمىسىنى توختىماي بۇزۇپ تۇرغۇچىدۇر. بولمىسا، ئۇزاق تارىختىن ئاۋۋاللا كېيىنكىلەرگە گەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان بولاتتى. دېمەك، شائىر قېلىپتىن چىقىپ قەلبكە يېقىنلاشقۇچى ئىكەن. ئىلگىرى «چاھار ماقالە» دېگەن كىتابنى كۆرگەن چېغىمدا مۇنداق مەزمۇندىكى باياناتلارنى ئۇچراتقان ئىدىم: «شائىر بولماقچى بولغان كىشى ئۆزى بىلەن دەۋرداش ياكى ئىلگىرىكى داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن 20 مىڭ مىسرانى يادقا بىلىشى كېرەك......» بۇ گەپ مېنى بەك چۆچۈتكەنىدى. چۈنكى، شائىرلىقتا ھەۋەس قىلساممۇ شېئىر يادلىمايتتىم. ئۆزۈم ياقتۇرغان شېئىرلارنى قايتا-قايتا ئوقۇيتتۇم، ھەر قېتىم ئوقۇغىنىمدا ئوخشىمىغان لەززەتنى ھېس قىلاتتىم. گەپكە قايتىپ كەلسەم، شائىر بولماقچى بولغان كىشى باشقىلارنىڭ 20 مىڭ مىسرا شېئىرىنى يادلىسا،

ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتى تەقلىدچىلىككە پېتىپ قالامدۇ قانداق؟ سىزمۇ باشقىلارنىڭ شېئىرىنى يادلاپ باققانمۇ؟ ماڭا ۋە مەندەك ھەۋەسكارلارغا بۇ ھەقتە نېمىنى تەۋسىيە قىلىسىز؟

غوجمۇھەممەد مۇھەممەد: بۇ سوئالىڭىز ۋە سوئالغا مۇقەددىمە بولغان شېئىر ۋە شائىرلىق ھەققىدىكى شەرھلىرىڭىز سىزنىڭ بۇ ھەقتە خېلى چوڭقۇر ئويلانغانلىقىڭىزنى بىشارەتلەپتۇ، شۇنداقلا بۇ بىشارەتلەردىن ئۆزىڭىزگە ئايان بولغان ۋە توغرا دەپ قارىغان قاراشلىرىڭىزنى مەن ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرماقچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەندىم. دەرۋەقە، شائىر تىلنىڭ ئادەتلىرىگە جەڭ ئېلان قىلغۇچىدۇر. شائىر تىلنىڭ مەنە مۇمكىنچىلىكلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر. شائىرنىڭ پائالىيەت مەيدانى تىل ياكى مەنە بولماستىن، بەلكى تىل ۋە مەنە ئارىسىدىكى بوشلۇقتۇر. شائىر بۇ بوشلۇقتا تىلنى ئەزەلدىن بىر ياكى بىرنەچچىلا مەنىنى ئىپادىلەش بەخشەندىلىكىدىن ئازاد قىلىپ، چەكسىز مەنە مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشتۈرىدۇ. مەنىنى تىلنىڭ مۇستەھكەم ۋە يېمىرىلمەس قورشاۋىدىن ئازاد قىلىپ، مەنىنىڭ ئاداققى مەنزىلى — مەنىسىزلىك پايانىغا باشلايدۇ. مەن سىز ئېيتقان «چاھار ماقالە» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ باقمىغان، بىراق «چاھار» دېگەن سۆز ئارقىلىق بۇ كىتابنىڭ كىلاسسىكلىرىمىزغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ھەربىر ياخشى كىتاب ھەر بىر ھاياتلىق ۋە ئىجادىيەت باسقۇچلىرىمىزدا بىزگە مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىز ھاياتىمىزدا نۇرغۇن كىتابلار بىلەن ئۇچرىشىمىز، بىز ئۇچراشقان ئۇ كىتابلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ھەتتا بەزىلىرى بىر ـ بىرىنى رەت قىلىدۇ. بىراق بىز قەلبىمىزنىڭ بەرباد بولۇشىدىن قورقۇپ، كىتاب ئوقۇشنى قەتئىي توختىتىپ قويالمايمىز، بىزنىڭ بەرباد بولۇش خەۋپى ئىچىدە تۇرغان ئاشۇ قەلبىمىز، تەۋەككۇلچىلىككە تولغان

خاراكتېرىمىز ۋە مەڭگۈ ئاچ مەنۋىيىتىمىز بىزنىڭ تىنىمسىز كىتاب ئوقۇش ئادىتىمىزنى بەلگىلىگەن. كىتابلارغا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەقىل- پاراسەتلىرى قاچىلانغان. كىتابلار ئۆزۈكسىز نەشر قىلىنىپ تۇرىدۇ، كىتابلارغا قاچىلانغان بىلىملەرمۇ ئۆزۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ھاياتىمىز ۋە ئىجادىيىتىمىزنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئوقۇغان كىتابلار پەقەت ھاياتىمىز ۋە ئىجادىيىتىمىزنىڭ شۇ باسقۇچىغىلا تەۋە. «20 مىڭ مىسرا شېئىر» يادلاش، بەلكىم ئەينى زاماندىكى شائىرلارنىڭ شېئىري تاكامۇللۇققا يېتىشتىكى بىسىپ ئۆتكەن يولى بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ھەددىدىن تاشقىرى شەكىل مۇكەممەللىكىنى تەلەپ قىلىدىغان ئارۇز ۋەزىن ئۈچۈن بۇنىڭ نۇرغۇن پايدىلىق تەرەپلىرى باردۇر. بىز كىلاسسىكلارنىڭ تەشەببۇسلىرىنى رەت قىلمايمىز، بىراق ئەينى زامانغا تەۋە بولغان كىتابتىكى بىزنىڭ ھازىرقى ھاياتىمىز ۋە ئىجادىيىتىمىزگە ماس كەلمەيدىغان تەشەببۇسنى ئۆزىمىزگە تاڭمايمىز. مەنمۇ شېئىر يادلاپ باققان، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچۇمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس»، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرلىرى ۋە چۈيۈەننىڭ «جۇدالىق زارى» دېگەن داستانىنىڭ دەرسلىك كىتابقا كىرگۈزۈلگەن قىسمىنى يادلىغان. كېيىن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق شېئىرىنى يادلىدىم. ئەينى چاغدا بۇ شېئىرلار ماڭا ئىنتايىن چىرايلىق تۇيۇلاتتى، ھەر قېتىم يادلىسام كۆڭلۈم تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل ۋە يارقىن تۇيغۇلارغا چۆمۈلەتتى. بۇ شېئىرلارنى ھازىرمۇ يادلاپ بېرەلەيمەن، چۈنكى ئۇ پاك ۋە سەبىي ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمنىڭ ئۇنتۇلماس ئەسلىمىسى. گەرچە ئۆتمۈشنى ھازىرىمغا قويۇپ ئاڭا تېۋىنىش ئويىدا بولمىساممۇ،

ئەسلىمىنى تاشلىۋېتەلمەيمەن ۋە تاشلىۋېتىشنى يامان كۆرىمەن. شېئىر يادلاش ئۇنچىۋالا يامان ئىشمۇ ئەمەس، پەقەت مەلۇم مۇددىتا ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى قەلبىڭىزنى ئادالاش، گۈزەل تۇيغۇلارغا چۆمدۈرۈش ئۇچۇن شېئىر يادلىسىڭىز، بۇنىڭ سىزگە ھېچقانداق زىيانلىق تەرىپى يوق. ھاياتىڭىز ۋە ئىجادىيىتىڭىزنىڭ مەلۇم باسقۇچىغا تەۋە بولۇپ، كېيىن ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كېتىدىغان بۇ شېئىرلارنى ئۆمۈرلۈك دەستەك قىلىۋالمىسىڭىزلا بولىدى. 20 مىڭ مىسرا شېئىر يادلاشنىڭ ھاجىتى يوق، مەيلىڭىزگە بېقىڭ......

ئابدۇرەشت مۇھەممەتئىمىن: ئۆزىڭىز ياكى ئەسەرلىرىڭىز توغرۇلۇق يېزىلغان ئوبزور، ماقالىلەرگە قانداق قارايسىز؟

غوجىمۇھەمەد مۇھەممەد: شۈكرىكى، مەن ۋە شېئىرلىرىم توغرۇلۇق يېزىلغان ئوبزور، ماقالىلەر كۆپ ئەمەس. بۇ مېنىڭ ھازىرغىچە تىنچ ـ ئامان ۋە جىمجىت ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشىمغا كۆپ پايدىلارنى ئېلىپ كەلدى. مەن بىلەن ئۇچراشقانلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، مەن تېپىك كەم سۆز ۋە غەمكىن تەبىئەتتىكى ئىچ مىجەز كىشى. مەن ھېچقاچان بۇنچىلىك كۆپ سۆزلەپ باقمىغان. سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇلماقچى بولغاندا بۇنچىلىك سۆزلىيەلەيدىغىنىمنىمۇ بىلمەيتتىم...... مەن توغرۇلۇق يېزىلغان ماقالىلەر مەمتىلى ھېلىمنىڭ «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد ئەگەر ناخشىچى بولۇپ قالغان بولسا......» ۋە نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئادىل تۇنىياز ۋە مەن ھەققىدە يېزىلغان «ئەركەكلىكنىڭ چىللىشى» بىلەن چەكلىنىدۇ. بۇ ماقالىلەرنىڭ بىرىنچىسىدە، مېنىڭ شېئىرنى دەپ ئۆي ـ ماكانسىز قالغانلىقىم، ئەگەر ناخشىچى بولغان بولسام ئەقىلدىن كۆرە ھېسسىياتقا بەكرەك مايىل خەلقىمىزنىڭ مېنى بېشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

ئېلىپ كۆتۈرىدىغانلىقى، رېستوران ـ قاۋاق، توي ـ بەزمىلەردە ئالغان ئۆرۈملەر بىلەنلا بايۋەتچىلەردەك كۈن كەچۈرىدىغانلىقىم...... تەسىرلىك بايان قىلىنغان. ۋاھالەنكى، بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغانغا قەدەر مەن بۇ ماقالىنىڭ مۇئەللىپى ـــ مەمتىلى ھېلىم بىلەن دىدار مۇلاقەتتە بولمىغان، تېلېفوندا كۆرۈشمىگەن، ھەتتا خەت ـ ئالاقە قىلىشىپمۇ باقمىغان ئىدىم. ئۇ شۇنىڭدىن بىر يىللار ئىلگىرى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «غوجىمۇھەممەدنىڭ بايانى» ناملىق سۆھبەت خاتىرىسى (مۇتەللىپ ئىقبال بىلەن ئېلىپ بېرىلغان) ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە تارقىلىپ يۈرگەن مەن ھەققىدىكى ئەيقاچىتى گەپلەرنى ماتېرىيال قىلىپ بۇ ماقالىنى يېزىپتۇ. بۇ ماقالىدە، تەسۋىرلەنگەن ئېچىنىشلىق تەقدىرىم مېنى خېلىلا بىئارام قىلدى. مەمتىلى ھېلىم گەرچە مەزكۇر ماقالىسى ئارقىلىق مېنىڭ شېئىر ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىم ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ مۇكاپاتقا ئېرىشەلمىگەنلىكىمدىن ئىبارەت رېئاللىقنى يازماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق تەقدىرىمنى بايان قىلغاندىكى ھەددىدىن زىيادە ئېچىنىشلىق تەسۋىرلەر ۋە مېنى بايرۇن، مىستىرال قاتارلىق دۇنياۋى شائىرلار بىلەن سېلىشتۇرۇشلار كۆڭلۈمگە تەگدى. مەن ماقالە ژۇرنالغا بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ ماقالىدىن خەۋەر تاپتىم ۋە خىجىللىق ئىچىدە «ئەلھۆكمىلىللاھ» دېدىم. كېيىنكى ماقالە ئاپتورى نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن بىلەن خېلىدىن بېرى قويۇق باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەتتە ئىدىم. تالاي قېتىملىق ئۇچرىشىشلىرىمىز، كېچە ـ كېچىلەپ قىلىشقان پاراڭلىرىمىز ئارقىلىق ئۇ مەن ھەقتە ئاز ـ تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولغان ۋە مەزكۇر ماقالىنى ئېلان قىلىشتىن خېلى يىللار ئىلگىرى مەن ۋە شېئىرلىرىم توغرۇلۇق «روھ دارىدا تىرىلگەن ئىسيان» ناملىق ئوتتۇراھال ھەجىمدە ئەسەرمۇ يېزىپ پۈتكۈزگەن (بۇ ئەسەر مەلۇم سەۋەبلەر

تۇپەيلىدىن ئېلان قىلىنمىدى). ئۇنىڭ بۇ ماقالىسىدىكى مېنى شامال چىقسا ئۆرۈلۈپ كەتكۈدەك ئورۇق ۋە ئېگىز، چىرايىدىن چۈشكۈنلۈك ۋە چەكسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، جۇلدۇر كىيىمى سوپى تەلەت قىلىپ تەسۋىرلەشلىرىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. مەن ئويلىدىمكى، ئۇ مېنىڭ ئىچكى دۇنيايىمنى بايان قىلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن تېشىمغا شۇنداق رەڭ بەرگەن. ھەر ئىككى ماقالە نەسر تىلىدا تەسىرلىك يېزىلغان بولۇپ، كىملا ئوقۇسا شۇبھىسىزكى مەن بىلەن بىر قېتىم دىدارلىشىپ باققۇسى كېلىدۇ. شېئىرلىرىم توغرۇلۇق يېزىلغان ئوبزورلارمۇ پەقەت بىرنەچچىلا پارچە، ئۇلار: ئەكبەر نۇرۇللانىڭ «تۇرپان» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «تامغا سۆزلەش ـــ بۇلانغان ھەسرىتىمدە قالدىم يىگانە»، تۇردى سۇلتان ئىزچىنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «غوجىمۇھەممەدنىڭ شېئىرىيەت قەلئەسىگە نەزەر» ۋە ھەزرىتىلى ئەلىنىڭ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «شېئىر ـــ شائىرنىڭ قەلب تارىخى» قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئوبزورلاردا شېئىرلىرىمغا يۇقىرى باھا بېرىلگەن ۋە يازغانلىرىمنىڭ «شېئىر» ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. شېئىر يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۆزۈرىغا تاشلىنىدۇ. ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئۆز ـ ئۆزىگە مۇستەقىل ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى يۇرگۈزۈشى كېرەك. دېمەك، ھەرقانداق ئوقۇرمەننىڭ ھەرقانداق ئەسەرگە نىسبەتەن ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقى بار.

ئابدۇرەشىت مۇھەممەتئىمىن: مەن شېئىرلىرىڭىزدىن روھىيىتىڭىزدىكى ئىنتايىن سۇزۇك بولغان بىرخىل شېئىرىي تۇيغۇنى ھېس قىلدىم. بەزىدە يەنە سىزنى مەشرەپ بىلەن بەيگىگە چۈشكەندەك ھېس قىلىپ قالىمەن. سىز ئۆزىڭىزنى زامانىمىزنىڭ تەسەۋۋۇپ شائىرى دەپ قارامسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: مەن ئۆزۈمنى ئۇنداق دەپ ھېس قىلمايمەن ھەم ئۇنداق دەپ قارىمايمەن. مەن پەقەت ئۇنىسىز ۋە جىمجىت ئىجاد قىلىمەن. كىمدۇر بىرسىگە ئېيتقىنىمدەك، مەن ۋە شېئىرلىرىم ھەققىدىكى قاراشلارنى باشقىلاردىن ئاڭلايمەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىرقى شېئىرلىرىم «مۇقام»غا چۈشمەسمىش. ئەجەبا، ھەر كىشىنىڭ ئۆز مۇقامى بولغاننىڭ نېمە يامىنى بار؟ قانداق يارالغان بولسام، شۇنداقمەن. ئەزەلدىن ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىش خىيالىدا بولمىدىمكى، ياشاشنىڭ جەبىر - جاپالىرى، ئىجتىمائىيەتنىڭ چاڭ - توزانلىرى بىلەن بۇلغانغان قەلبىمنى تازىلاش بىلەن مەشغۇلمەن. تىخىمۇ چوڭقۇرلاپ، تىخىمۇ يالقۇنلاپ، ئۆز پايانىمغا يەتسەم دەيمەن. بۇ بۆيۈك مەقسىتىم ئۈچۈن پەرۋەردىگارىم ماڭا شېئىرنى بېرىپتۇ. قەلبىمنىڭ ئىچكىرىسىدىكى خىلۋەت كەپىدە ئولتۇرغىنى ئىبتىكاپتىكى سوپى، شۈكرى - قانائەتچان كۆكتۆش ياكى سوۋۇپ كەتكەن جەسەت بولماستىن، بەلكى ئىنسانىي كامالەت ئۈچۈن يۇلقۇنىۋاتقان بىر تىرىك ئەقىدە بولغاچقا، مەندىن تەۋەككۇلچى، ئەسەبىي مىسرالار روياپقا چىققاندۇر. مەن قانداق بولسام شۇنداق قوبۇل قىلىڭ، قوبۇل قىلالمىسىڭىز سۆكۈت قىلىپ، ئۆز ئىشىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ. بىراۋنى ئۆز رايىڭىزدىكىدەك ئادەم بولۇشقا قىستىماڭ. ئىنساننى ئەسلىي تەبىئىيتىدىن ئۆزگەرتىش مىسلىسىز جىنايەتكى، سىز ئۇنى ئازغۇنلۇقتا، گۇمراھلىقتا باشلايسىز. قەدىرلىك دوستۇم، مەشرەپنىڭ شېئىرلىرىنى ۋە تەسەۋۋۇپقا ئائىت كىتابلارنى زوق - شوق بىلەن ئوقۇغىنىمدىن تانمايمەن. بەلكىم ئۇ شېئىرلار ۋە كىتابلار روھىي دۇنيايىمغا يېقىن تۇرغاندۇ. بىراق ئۇ مېنىڭ ھاياتىم ۋە ئىجادىيىتىمنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدىكى ھادىسە. ئۇ مېنىڭ كېيىنكى

باسقۇچلاردىكى ھاياتىم ۋە ئىجادىيىتىمگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. مەن بىر چاغلاردىمۇ ئېيتقان: ئەدەبىياتنىڭ چېكى يوق، ئەدەبىيات ئىنسان روھى بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ دىيالوگى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقاچان يېڭىلىنىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنسان ئاخىرلاشمايدىكەن، ئۇنىڭ پائالىيىتى داۋاملىشىۋېرىدۇ. ئىنساننىڭ ھەرىكىتى ھامان ئۆز ـ ئۆزىنى ئىنكار قىلىش بىلەن راۋاجلىنىدۇ. بىر نۇقتىدا توختاپ قېلىش ئەدىب ئۈچۈن ھالاكەتتۇر، خالاس!

2010 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇل، خوتەن

# شېئىر بىزگە ناتونۇش ئەمەس

— مەتسىلىم مەتقاسىم بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** سىز بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلىرىڭىز ئارقىلىق ئۇيغۇر هازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدە خاسلىق ياراتقان ئۈمىدلىك ياش شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. مەزمۇن ۋە شەكىلدىكى يېڭىلىق، پىكىردىكى چوڭقۇرلۇق، ھېسسىياتتىكى قويۇقلۇق سىز ئىجاد قىلغان شېئىرلارنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. مۇشۇ مەۋقە ئاساسىدا، ئۆزىڭىزنىڭ شېئىرىيەت قارىشىڭىزنى ئەتراپلىق شەرھلەپ باقسىڭىز؟ سىزنىڭچە، ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر شائىردىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟

**جاۋاب:** شېئىر ھەقىقەتەن سۆزلەشكە تىلىم يارايدۇ، ۋاھالەنكى، سۆزلىمەك بولغاندا ناباب تىلىم ھەرقاچان مېنى ئوسال قىلىدۇ. ئىلگىرىكىلەر شېئىرنى «تىل سەنئىتى» دەپ شەرھلەپ ئۆتۈشكەن، مەنمۇ ھەم بۇ شەرھىدىن ھېچقاچان تانمايمەن. ئىچىمدىكى مالامەتلەر، قايناپ تۇرغان ھاياجان، ۋەسۋەسە ۋە ئىزتىراپلارنى بايان قىلىۋاتقاندا تىلىم تىلغا ناقىستۇر. ھاياتنىڭ ئىزگۈلۈكلىرى ۋە تەبىئەتنىڭ مۆجىزىلىرى ئىچىمدىكى يورۇق ئەينەكتە قۇياشتەك ئاياندۇر، ۋاھالەنكى، مەن ئىچىمدىكى ئايان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئەينەن كۆرسىتىشكە ئاجىزمەن. سىلەرنىڭ كۆرگىنىڭلار قەلبىمنىڭ ئەينى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئەينەكتىن يانغان شولىسىدۇر. ئەڭ كامىل شائىرنىڭمۇ شېئىر ئارقىلىق

قەلبىنى ئايان قىلىش ئۈچۈن تىلغا قىسىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. «ئادەمىي تىل» ھاجىتىمىزدىن چىقالمىسا...... ئەجەبا، بىز «ئىلاھىي(تەبىئىي) تىل»غا موھتاجدۇرمىزمۇ؟! بۇ بىز تەكىتلەۋاتقان «شېئىرىي تىل»مىدۇ؟!......

قاچان، قانداقلارچە شېئىرىيەت كوچىسىغا كىرىپ قالغانلىقىم ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرەلمەيمەن؛ قاچان بۇ كوچىنىڭ ئاخىرىغا چىقىشىنىمۇ بىلمەيمەن؛ بۇ بىلمەسلىكلەر مېنى شېئىرنىڭ مەڭگۈلۈك لەھزىلىرىگە تۇتاشتۇرىدۇ. بۇ كوچىدا تەم - تەم مېڭىپ يۈرگەن چاغلاردىن ھازىرغىچە 2000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازدىم ۋە ئېلان قىلدىم. ئېسىمدە قالغانلىرى تۇرمۇشتىكى نامراتلىق، يەكلىنىش، جەبىر - جاپالار...... ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەيدىغىنى تۇنجى يارنىڭ ساھىبجامال ھەسرىتى...... ئۇزاق ۋە قاراڭغۇ كېچىلەر. شېئىر يېزىشنى تاماق يېيىشتەك مۇھىم بىلگەن چاغلىرىمدا، جەمئىيەت ئىلگىرىلەپ يىراقلارغا كېتىپ بولغان ئىكەن. يول بويىدىكى بىر - بىرى بىلەن بويى تالىشىپ تۇرغان ئېگىز ئىمارەتلەر، يوللاردىكى ئۈچقۇر ماشىنىلار، بانكىلاردىكى پىچىتى بۇزۇلمىغان قىپقىزىل پۇللار، بەزمىخانىلار، ئىشرەتخانىلار...... مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. رېئاللىقتىكى يەككە - يېگانىلىك مېنى شېئىرنىڭ ئازغۇن چۆللىرىگە ھەيدىگەن ئىكەن. ئەنە شۇ چاغلاردا مەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق «ئاشىق بەندە» ئىكەنمەن. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ياشاش تەرتىپىم بۇزۇلغاندا «نان»نىڭ تەھلىكىسىگە ئۇچرىدىم. ئىنسان بولماقنىڭ مۇشەققىتىنى سەزدىم. رېئاللىقتىكى ئۆزۈم بىلەن قەلبىمدىكى ئۆزۈم ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلىك توقۇنۇشلار باشلاندى. بۇ توقۇنۇشلارنىڭ شېئىرلىرىمدىكى ئىنكاسى ئەينى چاغلاردىكى «30 ياش» قاتارلىق شېئىرلىرىمدۇر. ئىجادىيىتىم باشتا ئاددىي، داغدۇغىسىز ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، كېيىن بىر قاتار غەلۋە - پاراڭلاردىن چەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

قالمىدى. ماختاش ـ سۆكۈشلەردىن ئۆزۈمنى دەڭسىدىم ـ يۇ، قەلبىم زىنھار تەۋرىمىدى. قانداق بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر، شېئىر يېزىشنىڭ ئۆمۈرلۈك ھايات پائالىيىتىم ئىكەنلىكى بارغانسېرى ئايان بولدى.

شېئىر ھەققىدە كىشىلەر تۈرلۈك تەبىرلەرنى بېرىشتى.

ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر ــ ئەل ـ خەلقنىڭ تەقدىرى، ئاۋامنىڭ قايغۇ ـ شادلىقى بىلەن زىچ باغلانغان شېئىرلاردۇر، دېيدۇ كىمدۇر بىرى. بىراق ئۇ ئۆز گېپىدىكى «باغلانغان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە دىققەت قىلمايدۇ، ئەجەبا ئۇ بىلمەمدىكىنە، باغلانغان نەرسىلەرنىڭ ئەركى بولمايدىغانلىقىنى، شېئىرنىڭ مەنىۋى پائالىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن چەكسىز روھىي ئازادلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى......

ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر ــ مەنىدىن قۇرۇقدالغاندۇر، مەنىسىزلىك ئۇنىڭ بىردىنبىر مەنىسىدۇر، دېيدۇ يەنە بىرى چالۋاقاپ. بىراق ئۇ بىلمەمدىغاندۇ، ھەرقانداق شەكىلنىڭ مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق مەنىنىڭمۇ شەكلى بولىدىغانلىقىنى؟...... ھەربىر تىل (سۆز)نىڭ مەلۇم نىسبەتتە شەكىل ۋە مەنە ئېھتىياجى ئۈچۈن ياسىلىدىغانلىقىنى؟!......

ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر ــ پەقەت ۋە پەقەت شېئىر ئۈچۈنلا يېزىلغان شېئىردۇر، ئۇنىڭدا نە سىياسىي، نە دىداكتىكا، نە بىر مەقسەت ـ مۇددىئا بولسۇن؟!...... دېيدۇ يەنە بىرى گېلىنى قىرىپ، لېكىن شۇنداق دېگۈچى كۆز قاراشلىرىنى ئەجدادلاردىن مىراس قالغان ئىخچام ۋە مەنىلىك «ماقال ـ تەمسىل»لەر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئامراق. ئۇ كىشى ئەقىدە ـ ئېتىقادنى ئۇلۇغلايدىغان، مىللىي خاسلىقى گەۋدىلىك بولغان بىر مىللەتنىڭ پۇشتى. يۇكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان مەدەنىي

جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بۇ كىشىنىڭ رېئاللىقى قەلبىدىكى ئەينەكتىن ئاز ـ تولا ئەكسلىنىپ چىقماسمۇ؟!......

ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر دەپ كىمدۇر بىرى شالىنى چاچىدۇ ۋە غەرب مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ بىر نەچچە پېشۋاسىنى ئالدىمىزغا باشلاپ كېلىپ، بىزنىڭ بۇ پېشۋالارنىڭ شېئىرلىرىدىن ھەيرەتتە قېلىشىمىزنى، ۋاھا! دەپ لەۋ تامشىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە قەۋمىمىزنىڭ ئاشۇ شائىرلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان بىرنەچچە شائىرىنى سەھنىگە چىقىرىپ، بىزنى ئۇلارغا قول كۆتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. «ئۇ يېڭى شېئىرىيەتچى ئەمەس، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئەنئەنىنىڭ ئاسارەتلىرى ئېغىر!» دەيدۇ ئۇلار مېنى ياكى باشقا بىرىنى كۆرسىتىپ، چۈنكى ئۇ مىللىيلىكتىن قول ئۈزمىگەن......
دەرۋەقە، غەربنىڭ مودېرنىزم پېشۋالىرىنى ئېتىراپ قىلىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئالەمشۇمۇل شېئىرىيەت نەتىجىلىرىگە ئاپىرىن ئېيتىمىز. بىزنىڭ بۇ ئېتىراپىمىز ۋە ئاپىرىنىمىزنىڭ ئارقىسىغا يەنە بىر ئېتىراپ ۋە ئاپىرىن يوشۇرۇنغانكى — ئۇلار ئۆزلىرى ھەرىكەت قىلىۋاتقان مەدەنىيەت تېررىتورىيەسى ۋە مۇھىتىنى، ئۆزلىرى نەپەس ئېلىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاۋاسىنى شېئىرلىرىدا سەنئەتلىك تۈس بىلەن ئىپادە قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ مىللىي خاسلىقى ۋە ئېتىقاد ئەندىزىسىنى شېئىرلىرىنىڭ تەگ ـ تېگىگە كۆمۈۋەتكەن. ئۇلار شېئىرلىرىدا پۈتۈن دۇنيا، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى سۆيگەن ۋە ئۇلار ئۇچۇن قايغۇرغان. ۋاھالەنكى، ئۇلار سۆيگەن دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت غەرب ۋە غەرب ئەللىرىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ماكانىنى ۋە ئۆزى تەۋە بولغان قەۋمنى دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت بالاغىتىدە سۆيەلىگەن. مودېرنىزم ئۇچۇن مىللىيلىكنى تازىلاشنىڭ ھاجىتى يوقكى، ئېخىمۇ چوڭقۇر قېزىش ۋە يۈكسەك سەنئەت نۇرىدا جۇلالاندۇرۇش زۆرۈردۇر.

www.uyghurkitap

يـەنە بەزى شائىـرلار باركى، ئـۇلار: «شېئىـرنى پەقـەت ئـۆزۈم ئۈچۈنلا يازىمەن، شېئىر ــ شائىـرنىڭ ئـۆزىگە بولـغان يۈكسـەك مۇھەببىتىنىڭ ھاسىلاتىدۇر» دەيدۇ. ئەلسۆيەر ئوبزورچىلار بۇنداق قاراشقا ھەرگىز سۈكۈت قىلىپ تۇرمايدۇ، «شائىر ــ مىللەتنىڭ ۋىجدانى، شېئىـر ــ دەۋرنىڭ ئاۋازى» دەيدۇ ئۇلار چىڭقىلىپ. «ئاھ ـ ۋاھ، كۆيدۈم ـ پىشتىم... بىلەن تولغان بۇ شېئىرلار قانداقمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاچقان يېرىگە بارسۇن؟ خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، غايە ـ ئىستەكلىرىنى ۋە تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرەلمىگەن بۇ شېئىرلارنى قانداقمۇ ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر دېگىلى بولسۇن؟!»...... دەيدۇ ئوبزورچىلار يەنە چوڭقۇر ئۆكۈنۈش بىلەن. ئەجەبا، ئۆزىنى چوڭقۇر سۆيمىگەن كىشىدىن مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق جۇلاسىنى تاپقىلى بولسۇنمۇ؟ ئۆزىنى سۆيمىگەن كىشىنىڭ باشقىلارنى سۆيۈشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇنمۇ؟ ئەمەلىيەتتە شېئىردىكى ئاھ ئۇرغان، پەرياد چەككەن، شادلانغان، تەنتەنە قىلغان كىشى شۇ شېئىرنى ئوقۇغان ئاۋامدۇر. ئاپتور يېزىلىپ بولغان شېئىردىن راھەتلىنىدۇ ۋە يېنىكلەيدۇ، خالاس! «ئۆزۈم ئۈچۈن......» دېگەن شائىر ئۆزى ئۈچۈن ۋەتىنىنى سۆيۈشى، خەلقنىڭ تەقدىرى، ئېكولوگىيەنىڭ بۇزۇلۇشى، ئەنئەنىنىڭ ياتلىشىشى، مۇھەببەتنىڭ سۇسلىشىشى قاتارلىق تىراگېدىيەلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى مۇمكىن. قاراڭ، ئۆزى ئۈچۈن چەككەن بۇ ئىزتىراپلار نېمىدېگەن سەممىي؟! ئەل ـ ئاۋامنىڭ، يۇرت ـ قەۋمنىڭ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تىراگېدىيەسىنى ئۆز قايغۇسىغا ئايلاندۇرغان بۇ شائىر نەقەدەر سۆيۈملۈك ۋە جەلپكار؟! ئۆزى ئۈچۈن يېزىش ۋە خەلق ئۈچۈن يېزىش دېگەنلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ماھىيەتلىك پەرقى يوق. كۆپىنچە ھاللاردا بىز بۇلارنى بۇرمىلاپ قويىمىز.

شېئىر ھەققىدە گەپ قىلغۇچىلارنىڭ كۆپلىكى ۋە قىلىنغان گەپلەرنىڭ خىلمۇخىللىقىدىن بۇ يەردە بىز ھەممىسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ بولالمايمىز. شۇنداقتىمۇ ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر شائىردىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا ئىككى ئېغىز سۆز كەلتۈرىمىز. يۇقىرىدىكى بايانلاردىن ئايانكى، ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر شائىردىن ئۆزىگە نىسبەتەن كۈچلۈك مۇھەببەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ مۇھەببەت پۈتۈن تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتكە بولغان مۇھەببەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شائىرنىڭ قەلبىدە يالقۇنلاۋاتقان ئوت مەشۇقى بولغان «ئىنسان»لىقنىڭ پىراقىدۇر. مۇھەببەت بولغان بىلەنلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇ يەنە مۇھەببەتلىك قەلبىگە سادىق بولۇشى، راستچىل ۋە سەمىمىي بولۇشى كېرەك. ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىرنىڭ شائىردىن تەلەپ قىلغانلىرى يەنە بىر تالايدۇر، بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىرنى يازالمايۋاتساق كېرەك!

**سوئال:** نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا ئەسەرلەرنىڭ پۈچەكلىشىش ھادىسىسى يۈز بېرىۋاتىدۇ. جۈملىدىن، شېئىرىيىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ھېسسىياتتىكى سۇسلۇق، شەكىلدىكى قاتماللىق، مەزمۇندىكى تەكرارلىق كىتابخانلارنى بەزدۈرمەكتە. سىز يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي ياش شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، شېئىرىيىتىمىزنى نۆۋەتتىكى كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئىجادىي يوللىرى ھەققىدە قاراشلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسىڭىز؟

**جاۋاب:** ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزۈمگە ئەڭ بەك چېلىققىنى — نۆۋەتتىكى رومان پاخاللىقى بولدى. ساۋاتىم چىققاندىن كېيىن رومان ئوقۇپ چوڭ بولغان بالىمەن. گەرچە ئىلگىرى ۋە ھازىر

ئۇيغۇر كىتاب www.uyghurkitap

ئىزچىل شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولساممۇ، رومان ئوقۇش ئادىتىمنى ھېلىھەم تاشلىغىنىم يوق. بەختىمگە يارىشا، چوڭ بولغىنىمچە كىتابخانىلار رومان بىلەن تولۇپ بارماقتا، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ رومانلىرى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كۆزۈمنى ئالىچەكمەن قىلماقتا. بالىلىقىمدا ئوقۇغان «تۇلكە رىنارت»، «ياغاچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى»، «نىلىسنىڭ غاز ئۈستىدىكى ساياھىتى»، ئۆسمۈرلۈكۈمدە ئوقۇغان «ھېكلبېررىفىننىڭ كەچۈرمىشلىرى»، «شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇ»، «نەسىرىددىن ئەپەندى ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»، «چالا تەگكەن ئوق»، ياشلىقىمدا ئوقۇغان «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «قىيامەت»، «مەمەت ئاۋاق»، «قوم باسقان شەھەر»، «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى»، «جىنايەت ۋە جازا»، «گىراف مونتى كرىستو» قاتارلىق رومانلارنى تامشىيمەن. يېقىندا ئوقۇغان «چاڭ ـ توزان بېسىققاندا»، «ئانا يۇرت»، «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل»، «باھادىرنامە» قاتارلىق رومانلارنى پات ـ پات ۋاراقلاپ قويىمەن. مەن ئۇلارنى «نادىر رومان»لار دېمەكچى، لېكىن باشقا يېزىلغان ياخشى رومانلارنى چەتكە قاقمايمەن. بۇ سۆزۈم ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ پىروزىچىلىقىنىڭ نۆۋەتتىكى سەۋىيەسى نوقۇل رومان ئارقىلىق ئۆلچەش ئويۇممۇ يوق. دەرۋەقە، ئەدەبىياتىمىزدا نۇرمۇھەممەد توختى ۋە مۇھەممەد باغراشلار كەبى رومان يازمىغان سەركىلەرمۇ بار. مەن بۇ يەردە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ياكى تەنقىدچى ئەمەس، بەلكى ئاددىي بىر كىتابخانلىق سالاھىتىدە سۆزلەۋاتقانلىقىم ئۈچۈن نۆۋەتتە خەلقىمىزدە باش كۆتۈرگەن رومان ئوقۇش قىزغىنلىقى، كىتابخانلارغا رەت ـ رېتى بىلەن تىزىلىپ كەتكەن تىما، قۇرۇلما ۋە ئىپادىلەش جەھەتتە گويا بىر قېلىپتىن چىققان خىشتەك رومانلار ۋە رومانسىراپ كەتكەن

كىتابخانىلارنى نەزەردىن ساقىت قىلالمىدىم. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ مىللىتىمىزنىڭ تولىمۇ يىراقلاردىن باشلانغان شانلىق مەدەنىيەت تارىخى، تىلسىماتلاردەك سىرلىق ۋە مۇرەككەپ روھىي تىندۇرمىسى، يېقىنقى جاھالەت ۋە داۋاملىشىۋاتقان تىراگېدىيە، نۆۋەتتىكى پىسخىك بۆھران...... يەنە نېمە كەملىك قىلىدۇ؟ تىلمۇ؟!...... ياق. ئىپادىلەش دائىرىسى كەڭ، مەنە قاتلىمى چوڭقۇر ۋە پاساھەتلىك ئۇيغۇر تىلىغا گۇناھ ئارتىشقا يۈز قىزىرىدۇ. نېمىدۇر بىرنەرسە كەملىك قىلغاندەك قىلىدۇ، شۇنداق، بىر نەرسە كەم، ئۇ — مۇھەببەت، ئۇ — شىجائەت! مەن ھېچقاچان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ماھارىتىدىن گۇمانلىنىپ باققان ئەمەس. مەن يەنە ھېس قىلغانكى، كۆپ ساندىكى ماھارەتلىك يازغۇچىلىرىمىز ئۆزىدىن ھالقىيالمىدى، قەلبىدىكى چېگرالارنى بۇزۇۋېتەلمىدى، تېخىمۇ كەڭلىككە، چوڭقۇرلۇققا ۋە يۈكسەكلىككە يۈزلىنەلمىدى. مەنپەئەت، شۆھرەت، ئىمتىياز قاتارلىقلارنى چۆرۈۋېتىپ، چىن ئاشىقلىق سۈپىتىدە مۇھەببەت ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتەلمىدى. مۇشۇ سۆزلەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يازغۇچىلىرىمىزدىن ئەقىدە، ئىخلاس بىلەن قەلەم تەۋرىتىشنى، سان ۋە مۇكاپات قوغلاشماسلىقنى ۋە ئۆزىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت، تەبىئەت، ئەل - يۇرت تەرىقىسىدە چوڭقۇر سۆيۈشنى تەلەپ قىلىمەن. چۈنكى، قەلبىدە مۇھەببەت بولغاندا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ھارارەت قەلبىمىزنى ئىللىتىدۇ.

شېئىرىيىتىمىزنى نۆۋەتتىكى كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئىجادىي يوللىرى ھەققىدە سوراپسىز، بۇ ھەقتە سىستېمىلىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن. بىراق بۇ شېئىرىيەت ئۇيغۇرنىڭ شېئىرىيىتى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ھەر بىر ئۇيغۇر ئەدىب ۋە ئوقۇرمەننىڭ بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بار دەپ قاراپ، ئىككى كەلىمە گەپ قىلاي: مەن ھازىرنى ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

شېئىرىيىتىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق يېڭىلىنىشقا تولغاق يەۋاتقان پەيتى، دەپ چۈشىنىمەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئەخمەتجان ئوسمان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ، قىسقىغىنە بىر نەچچە يىلدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئومۇملاشتى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ شېئىرلار ئۆزىنىڭ ئىپادىلەشتىكى غۇۋا ۋە تۇتۇق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن شېئىرىيەت ئوبزورچىلىرى ۋە شېئىرىيەت ئەھلى تەرىپىدىن «گۇڭگا شېئىر» دەپ ئاتالدى. يېڭى شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتى شېئىرىيەت بىلەنلا چەكلەنمەي، پىروزا ھەمدە سەنئەتنىڭ باشقا ساھەلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يېڭى باھارىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى ۋە ئاۋامنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىدە مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتكە قارىغاندا پەرقلىنىدىغان ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى — شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ سىرتقى ھالىتىنىلا تەسۋىرلەشتىن ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تەسۋىرلەشتە، سۆزنى بىر ياكى بىرنەچچە مەنىنىلا ئىپادىلەش بەخشەندىلىكىدىن ئازاد قىلىپ، چەكسىز مەنە مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە قىلىشتا ۋە مەنىنى چەكلىمىسىز ئىپادىلەشكە ماس ھالدا شەكىلنىڭ ئەركىن بولۇشىدا ئىپادىلەندى. يېڭى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقى بىلەن ماس قەدەمدە ئىلىپ بېرىلغاچقا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېزلا يېڭى قان بولۇپ قوشۇلدى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزىنىڭ زور بىر تۈركۈم ئىجادىيەت قوشۇنىنى ياراتتى. يېڭى شېئىرلار شەكىل جەھەتتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە يات ھالەتتە، غەرب مودېرنىزم

شېئىرىيىتىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبىدا يېزىلغانلىق سەۋەبىدىن ئوقۇرمەنلەرگە تاسادىپىي تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سىرلىق سېھرىي كۈچى ۋە مەپتۇنكارلىقى ئاساسىي ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىنغاچقا، ئوقۇرمەنلەر ۋە شېئىر ھەۋەسكارلىرىغا ئانچە يات تۇيۇلمىدى. ئەلۋەتتە، بۇ جەرياندا بىر تۈركۈم «ساختا گۈڭگا شائىر»لارمۇ مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شېئىر قانچە چۈشىنىكسىز ۋە غەلىتە بولسا، شۇنچە قالتىس بولۇپ، بۇ شېئىرنى رەت قىلغۇچىلار بولسا ئۇلار تەرىپىدىن «يېڭىلىقنى قوبۇل قىلالمايدىغان مۇتەئەسسىپلەر» ھېسابلاندى. يېڭىدىن ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان ھەۋەسكارلارنىڭ زور تۈركۈمدە ئۇلارنىڭ ئالدىجوقا سۈرەنلىرىگە مەپتۇن بولۇپ، قارىغۇلارچە ئەگىشىش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى مۇئەييەن دەرىجىدە بۇرمىلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىنى ياقلايدىغان پېشقەدەم شائىرلار بىلەن يېڭى شېئىرىيەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان كەسكىن مۇنازىرە جېڭى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەنئەنىنى ياقلايدىغان پېشقەدەم شائىرلار يېڭى شېئىرىيەتچىلەرنى «ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە ئەسىرلىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە ئاسىيلىق قىلدى» دەپ ئەيىبلىسە، يېڭى شېئىرىيەتچىلەر «ئەلىشىر نەۋايىدىن ھازىرغىچە بولغان 500 يىلدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بولغان ئەمەس» دەپ ئەنئەنىچىلەرنى كەسكىن رەت قىلدى. شۇ چاغلاردا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئەل رايى بويىچە «مەشھۇر 13 شائىر»نى تاللاپ چىقتى. ئاتاقلىق خەلق شائىرى روزى سايىت «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا «ھەسەتنامە» تېمىسىدا شېئىرىي چاقچاق ئېلان قىلىپ، 13 شائىرنىڭ بىرى بولۇپ تاللانغان ئەخمەتجان ئوسمان ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان «ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى»گە مۇنداق چاقچاق قىلدى:

«خەق سېنى گۇڭگا دېسە گۇڭگا دېدىم،
گۇڭگىنى سۈرتەر بىزنىڭ لوڭگا دېدىم......»

پەرھات تۇرسۇن، تاھىر ھامۇت قاتارلىق ياش شائىرلار شەكىل جەھەتتە ئەنئەنىۋى شېئىرلارغا قارىغاندا زور دەرىجىدە ئەركىن، ئىپادىلەش جەھەتتە تۇيغۇنى رەڭ ــ بوياقلاردىن خالىي، دەل ئىپادىلەپ بەرگەن بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بىلەن ناھايىتى تېزلا «گۇڭگا شېئىر»چىلاردىن ئايرىلىپ چىقتى ۋە «يامغۇردا قالغان تاۋۇس ئەللەيىن» ماۋزۇلۇق سۆھبەت خاتىرىسى شەكلىدىكى ماقالە ئېلان قىلىپ، «گۇڭگا شېئىر»چىلارنى تەنقىدلىدى. ئۇلار يازغان شېئىرلار غەرب كېيىنكى مودېرنىزم شېئىرىيىتىدىكى «ئۆزىنى ئاشكارىلىغۇچىلار ئېقىمى»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئىنسان پىسخىكىسىدىكى يوشۇرۇن ئىستەكلەرنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلغان ئىدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت بىلەن يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يازىدىغان بىر تۈركۈم ياش شائىرلار مەيدانغا كەلدى ۋە شېئىرىي تۇيغۇلىرىنى ئەركىن ئىپادىلەش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇرەككەپ مەنىۋى قاتلاملىرىنى سەنئەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۇئەييەن ئۇتۇق قازىنىپ، «ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد ۋەكىللىرى» دەپ ئاتالدى. (شېئىرىيەت تەنقىدچىلىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا. مۇتەللىپتىن باشلاپ بوغدا ئابدۇللا، ئوسمانجان ساۋۇتقىچە بولغان شائىرلارنى «1 ـ ئەۋلاد»، ئەخمەتجان ئوسماندىن باشلاپ ئادىل تۇنىيازغىچە بولغان شائىرلارنى «2 ـ ئەۋلاد»، ئادىل تۇنىيازنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېيىنكى شائىرلارنى «3 ـ ئەۋلاد» ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى دەپ ئاتىدى.)

ئۆتمۈشنى سۆزلىشىم هازىرنى چۈشىنىش ئۈچۈندۇر. شۇنداق، ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ هازىرغا ئۇلاشتى. سىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى كىرىزىسى دەپ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان شېئىرلار ۋە نەشر قىلىنىۋاتقان شېئىر توپلاملىرىنى ۋە بۇ شېئىر ۋە توپلاملارنىڭ كىتابخانلارنىڭ ئاچقان يېرىگە بارالمايۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىڭىز ماڭا ئايان. دەرۋەقە شۇنداق، «3 ـ ئەۋلاد شائىرلار»دىن كېيىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىر ئىزدا توختاپ قالدى. تېما، مەزمۇن ۋە شەكىل تەكرارلىقى ئوقۇرمەنلەرگە هەركۈنى بىرلا خىل تاماق يېگەندەك مەززىسىز تۇيغۇ بەردى. قارىغۇلارچە ئەگىشىش ۋە تەكرار تەقلىدچىلىك نەتىجىسىدە «يېڭى شېئىرىيەت هەرىكىتى»نىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى ۋە ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت بىلەن يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرىنى بىرلەشتۈرگەن كېيىنكى ئاۋانگارت شائىرلارنىڭ خاسلىقى بارا ـ بارا سۇسلاپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. پۈتكۈل ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە ئۆزىنى تەكرارلاشقا باشلىدى. يېزىقچىلىق، بولۇپمۇ شېئىر يېزىقچىلىقى ئۈزۈكسىز ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدىبلەردە زور دەرىجىدە تەۋەككۇلچىلىك روهى بولۇشى كېرەك. ئىجادىيەتتىكى يېڭىلىق ــ ئىلگىرىكى هەرقانداق نەتىجە ۋە شان ـ شەرەپلەرنى ئىنكار قىلىش بەدىلىگە مەيدانغا كېلىدۇ...... ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بۇ جىمجىتلىق ئىچىدە تىنىمسىز قىمىرلاۋاتقان بىر روهنى بايقىغاندەك قىلدىم، بۇ قىمىرلاش تور ئەدەبىياتىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ۋە روشەندۇر. مەسىلەن: ئوسمانجان مۇهەممەد پاسىئاننىڭ «هېچنېمىزم» دەپ بىلجىرلاشلىرى، شاهىب ئابدۇسالام نۇربەگنىڭ سۆزلەرنىڭ تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ شېئىرىي جۈملە تۈزۈشلىرى

دىققىتىمىزنى تارتتى. ئۇلارنىڭ شېئىرىي ماھارەتلىرى بىر قەدەر «خام»، ئىلگىرى سۇرمەكچى بولغان قاراشلىرى «مۇجمەل» بولسىمۇ، ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرى بىزنى ئويلاندۇردى. ئۇلار مەتبۇئاتلارغا يۈزلىنىپ ئاۋامنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشەلمىگەن «ئاتاقسىز شائىر»لار بولسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتىكى سۇكۇتلۇك كەيپىياتنى مەلۇم دەرىجىدە تەۋرەتتى. ئۇلار بۇ يولدا ئاخىرىغىچە ماڭالىشى ناتايىن، چۈنكى ئۇلار ساپ شېئىرىيەتنى تەرغىب قىلغۇچىلار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەرقانداق ئەقىدە، ئەخلاق، مىزان قاتارلىق ئەقلىي ئىنسانلىق چەكلىمىلىرىنى كېرەك قىلمىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تېگىشكە بولمايدىغان نازۇك تۇيغۇلىرىغا چېقىلدى. ئەلۋەتتە، ئەقىدە، ئەخلاقنى چوڭ بىلىدىغان خەلقىمىز ئۇلارنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز. مېنىڭچە، ئۇلارمۇ بۇنى بىلىدۇ، ئۇلار بۇ يولدا غەلىبە قىلسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، بەرىبىر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «بىھۇدە» ئۇرۇنۇشلىرى ئارقىلىق ھەۋەسكارلارنى زەرەتلەپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يېڭى بىر جانلىنىش ئېلىپ كەلسە ئەجەب ئەمەس. بۇ جانلىنىش نەتىجىسىدە يېڭى بىر ئەۋلاد مۇنەۋۋەر شائىردىن بىرنەچچىسى مەيدانغا كېلەمدۇ تېخى؟!

مەن ئۆزۈمنى بۇرۇندىنلا ھېچقانداق ئىزمىغا تەۋە ئەمەس دەپ قارايمەن ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنى ئەركىن ـ ئازادە ئىپادىلەشكە تىرىشىمەن. لېكىن ئۆزۈم چوڭ بىلگەن شائىرلارنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى ۋە چەت ئەلنىڭ نادىر تەرجىمە شېئىرلىرىنى ئوقۇش جەريانىدا ئىجادىيىتىمگە ئۇلاردىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئوزۇق ئالمىدىم دېيەلمەيمەن. دەرۋەقە، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ــ تەسىر كۆرسىتىش، زەرەتلەش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. بۈگۈنكىلەرنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەسىرى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ساقلىنىدۇ. نەسرىي ئەسەرلەردىكى تەسىرلىك

ئابزاسلار ياكى شېئىرلاردىكى گۈزەل مىسرالار ئېسىمىزدە ئۈزۈنغىچە ساقلىنىدۇ ۋە ئىجادىيىتىمىز جەريانىدا تۇيغۇلىرىمىز بىلەن ئارىلىشىپ ئۆزگىچە سىياقتا ئاشكارىلىنىدۇ. بىر يازغۇچى ياكى بىر شائىر بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يارىتالمايدۇ. ئەكسىچە، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار ۋە شائىرلارنىڭ ئۈزۈكسىز ئىجادىيەت قىلىشى ۋە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بىز تەنقىدلەۋاتقان «ناباب» ئەسەرلەردىمۇ مەلۇم ئىلغار تەرەپلەر بار، ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇۋاتقان «نادىر» ئەسەرلەر ماختالغىنىدەك تاكامۇللۇقتا يەتكەن بولۇشى ناتايىن. ۋاھالەنكى، بىز تولىمۇ كەسكىن. دىتىمىزغا ياقمىسىلا قىلچە سۈكۈت قىلماستىن، ئۇ ئەسەرنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىمىز ۋە نەپرىتىمىزنى جامائەت پىكرىگە ئايلاندۇرۇپ بىچارە ئاپتورنى چالما - كېسەك قىلىمىز (بۇ قۇرلاردا كۆز ئالدىمغا پەرھات تۇرسۇن ۋە ئۇنىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» ناملىق رومانى كېلىۋاتىدۇ)، ئوقۇغان ئەسەر ئانچىكى ھاياجانلاندۇرسا «ئۇششاق - چۈشەك» كەمچىلىكلىرىنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلىۋېتىپ ئۇنى كۆككە كۆتۈرىمىز. كىشىلەر تەنقىدلەنگەن ئەسەردىكى ئۇتۇقلار ھەققىدە ئېغىز ئېچىشتىن قورقىدۇ، ئېغىز ئېچىپلا قالسا ئېنىقكى، ئۇ جامائەتتىن ئايرىلىپ، يېتىم قالىدۇ. ماختالغان ئەسەرلەردىكى كەمچىلىكلەر ھەققىدە ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ قىيىن، بۇ چاغدا «مەشھۇرلارغا چېقىلىپ نام چىقارماقچى بولغان» دېگەن قالپاقنى كىيىۋالىدۇ.

تۇيۇقسىزلا شېئىرىيىتىمىزنى نۆۋەتتىكى كىرزىستىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئىجادىي يوللىرى ھەققىدىكى سوئالىڭىز ئېسىمدىن كەچتى. بۇ ھەقتە سۆزلەشتىن ئىلگىرى ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى ئامانلىقىم ئۈچۈن ئىككى ئېغىز ئىزاھات تەرىقىسىدە گەپ قىلىشىم كېرەك. بىز كىشىلىك تۇرمۇشتا ۋە ئىجادىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

جەريانىدا باشقىلارنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا دۇچ كېلىمىز، ھۆرمەت قىلغانغا ئىززەت كۆرسىتىش بۇرچىمىز بار، شۇ سەۋەبتىن بىز خۇشاللىق بىلەن ئۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىمىز. جاۋاب بېرىش جەريانىدا سۆزىمىزنىڭ قايىل قىلىش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ھۆكۈم خاراكتېرلىك سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنالمايمىز. لېكىن بىزنىڭ جاۋابلىرىمىزنىڭ ئاشۇ سوئاللارنىڭ بىردىنبىر جاۋابى بولۇشى ناتايىن. ھازىر مەن بەرمەكچى بولغان جاۋابمۇ سىز سورىغان سوئاللارنىڭ بىردىنبىر جاۋابى بولماسلىقى مۇمكىن، بىراق كۆڭلۈمدىن كەچكەنلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلاي. كىتابخانلىرىمىنىڭ ئىنكاسلىرىغا قارىغاندا، نۆۋەتتىكى شېئىر ئىجادىيىتىم چوڭقۇر كىرىزىسقا پېتىپتۇ، بۇ شېئىرلىرىمنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىتىغا ياقمىغانلىقى، شۇنداقلا مېنىڭ كەلمىگەن ئىلھامنى ساقلىماي جاھىللىق بىلەن توختىماي شېئىر يازغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى. كىرىزىس مېنى ئويلاندۇردى، بىراق قۇتۇلۇش ھەققىدە ئويلانمىدىم. نېمىشقا؟ چۈنكى، قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر مەزگىل ياكى ئۇزاققىچە شېئىر يازماسلىقىم كېرەك. ئۇزاق داۋاملاشقان شېئىر يېزىش ئادەتلىرىمدىن زېرىكتىم، شېئىرلىرىمدىكى تەكرار سۆزلەر، جۈملىلەر، رەڭلەر، پۇراقلار قەلبىمنىڭ كونا دۇنيانىڭ ئاسارەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاۋۋال قەلبىمنى قۇرۇقدىشىم كېرەك...... شائىر ئۈچۈن شېئىر يېزىشتىنمۇ مۇۋاپىقراق بولغان ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋاسىتىسى يوق. بۇ جەرياندا ئىلان قىلىنغان شېئىرلىرىمدىن كىتابخانلىرىم ئۆزى تونۇيدىغان «غوجىمۇھەممەد»نى تاپالمىدى ۋە «شېئىر بىلەن غوجىمۇھەممەد» ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى ئۆلچەپ چۆچۈپ كەتتى، نەقەدەر يىراق، نەقەدەر يىراق...... بىلىشىمچە، بۇ دەۋردە مەن بىلىدىغان بىر تۈركۈم ياش شائىرلار بۇ خىل كىرىزىسقا دۇچ

كەلدى، بىراق ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى ئېرىشكەن شان ـ شۆھرەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر مەزگىل سۈكۈت قىلىشنى لايىق تاپتى. زور كۆپچىلىك كىشىلەر شېئىرىيەتنى كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولى — ئوقۇرمەنلەرنىڭ رايىنى بىلىش، يەنى ئەسەر يازغاندا زور كۆپچىلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوبۇل قىلىش ـ قىلالماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك، دەپ قارىشىدۇ. مېنىڭ قارىشىم ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنداق بولغاندا كىتابخانلارنى ئاسانلا زېرىكتۇرۇپ قويىمىز، ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلەش رولىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇپ قالىمىز ياكى ئارقىدا قالىمىز، بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر پاجىئە! ئۇ چاغدا دائىم باشقىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش قىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىمىز. ئۆزىمىزگە خاس بولغان تەنها قەلبىمىز، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىمىز ۋە شاد تەنتەنىلىرىمىز ئاستا ـ ئاستا توزۇپ كېتىدۇ، بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇدھىش تىراگېدىيە! پەقەت ئۆزىمىزگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەتلا باشقىلارنى تەسىرلەندۇرەلەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا قىلچە ساختىلىق ۋە زورۇقۇش يوق. ئاخىرىدا دېمەكچى بولغىنىم، يالغان شېئىرلار بىزنى ھالاك قىلىدۇ، مۇھەببەت — كىرىزىستىن قۇتۇلۇشىمىزنىڭ بىردىنبىر يولى.

**سوئال:** شېئىرىيەتنىڭ كىشىلەردە ئادىمىيلىك پەزىلەت يېتىلدۈرۈش رولىغا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** سەنئەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، شېئىرىيەتنىڭ ھېچقانداق بۇرچ ياكى مەجبۇرىيىتى يوق. لېكىن ئۇ يېزىق ۋاستىسى ئارقىلىق ئاما بىلەن ئۇچرىشىشتەك تارقىلىش شەكلىگە ئاساسەن تەبىئىي ھالدا جەمئىيەتكە ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شېئىردىكى ئىدىيەنىڭ سىڭىشى ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئۆزگەرتىشى مائارىپ ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

باشقا ساھەلەرگە قارىغاندا ئاستا، لېكىن چوڭقۇر بولىدۇ. ھەقىقىي شېئىر دىداكتىكا ئەمەس، ئۇ بىۋاسىتە پەند ـ نەسىھەت ئارقىلىق ياخشى ـ ياماندىن ئۇگۇت قىلمايدۇ. لېكىن كىشىلەرگە گۈزەل تۇيغۇلارنى بېغىشلاپ، يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھاياتقا، ئىنسانغا ۋە تەبىئەتكە نىسبەتەن مۇھەببەت ئويغىتىدۇ. مۇھەببەتلىك قەلب — ئىزگۈلۈكنىڭ بۆشۈكىدۇر. شائىر — يۈرىكى ئىزگۈ مۇھەببەتكە تولغان ئادەمدۇر. شائىر — ئىزگۈلۈك ۋە مۇھەببەت تارقاتقۇچىدۇر. ئىنسانىي تاكامۇللۇقنىڭ تۇنجى قەدىمى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى تونۇش بىلەن باشلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى تونۇغان كىشى ئاستا ـ ئاستا ئىنسانىي تاكامۇللۇققا قاراپ يۈزلەنگۈسىدۇر. ئىنسانىي تاكامۇللۇققا يېتىشنىڭ يوللىرى خىلمۇخىل ۋە مۇشكۈلاتلارغا تولغان بولىدۇ، دىندار ئۆمۈرلۈك ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى، جەڭچى جەڭگاھلاردىكى مىسلىسىز قەھرىمانلىقلىرى، ئالىم جاھانشۇمۇل كەشپىياتلىرى بىلەن بۇ پەللىگە يېتەلمەسلىكى مۇمكىنكى، دېھقان تۇپراققا بولغان چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتى، ھۈنەرۋەن كەسپىگە بولغان چوڭقۇر ئىشتىياقى، ئانا پەرزەنتىگە بولغان كىرسىز كۆڭلى بىلەن يېتىشى مۇمكىن. ئادىمىيلىك — سانسىزلىغان گۈزەل پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە يار قىلغان، گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى سەمىمىي ۋاپادارلىقتۇر. شەكسىزكى، ئۆزىگە ۋاپا قىلمىغان كىشى ھېچكىمگە ۋاپا قىلماس.

ئېنىقكى، بىر دەۋردە شېئىرىيەتنىڭ سۇسلاپ كېتىشى ياكى قويۇق شېئىرىي ھاۋانىڭ بولماسلىقى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ماددىيەتكە بولغان چوقۇنۇشىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ. قەلبتىكى نازۇك تۇيغۇلار ۋە گۈزەل ئەستىلىكلەر ماددىي مەنپەئەتنىڭ رەھىمسىزلەرچە ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا ئۇچرايدۇ. شېئىرىي تۇيغۇ بولمىغان قەلبتە ئىزگۈلۈككە ئورۇن يوق، بۇنداق

قەلب ئىگىسى ياخشىلىق ۋە مۆرۋۋەتتىن تېخىمۇ يىراقتۇر. بۈگۈنكىدەك يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان، ئادەملەر بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىۋاتقان، ھەر بىر مۇناسىۋەت مەلۇم مەنپەئەت ئاساسىدا قۇرۇلۇۋاتقان دەۋردە شېئىر خۇددى تۈزدەك مۇھىمدۇر. ئىنسان ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغۇدەك بىر ئارمان، تايانغۇدەك بىر رەھنەما بولۇشى كېرەك. ۋاھالەنكى، بۇلار ئاشۇ ئىنساننىڭ ئۆزىدىدۇر. ئۆزىگە ھاجەتمەن بولمىغان، ئىلتىجا قىلمىغان كىشى شەكسىزكى باشقىلارغا ھاجەتمەن بولىدۇ، ئىلتىجا قىلىدۇ...... مەن باشتىن ـ ئاخىر مۇھەببەتنى تەرغىب قىلىمەن. مۇھەببەت ــ مۇھەببەتسىزلىك ئاپىرىدە قىلغان ئەينى بالادىكى نوھنىڭ كېمىسىدۇر.

مەن شېئىرلىرىم ئارقىلىق باشقىلارنى تەربىيەلەشنى، ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلمايمەن، مېنىڭ خەلقىمگە شېئىر يېزىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىممۇ يوق، مەن پەقەت مۇھەببەت سەۋەبىدىن شېئىر يازىمەن، ئوقۇرمەنلىرىمنىڭمۇ شېئىرلىرىمنى مۇھەببەت سەۋەبىدىن ئوقۇيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مېنىڭچە، شېئىر سىياسىي ئەمەس، شۇڭا ئۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ؛ دىنىي تەرغىبات ئەمەس، كىشىلەرنى مەلۇم بىر ئىدىيەگە باش ئۇرۇشقا چاقىرمايدۇ؛ شېئىر ــ بۈيۈكلۈك ئەمەس، شۇڭا ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا؛ شېئىر بىزگە ناتونۇش ئەمەس، شۇڭا يۈرىكىمىز ئۇنىڭ تىۋىشلىرىنى تونۇيدۇ. مېنىڭچە، شېئىر ئىزگۈلۈكتۇر، شېئىر مۇھەببەتتۇر!

2011 ـ يىلى 15 ـ ئاپرېل، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitabi

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار مەمتىمىن
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: رىزۋانگۈل قاھار
مەسئۇل كوررېكتورى: رىزۋانگۈل ئابلەت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

# ياشلىق بېغى

(نەسرىي ئەسەرلەر)

---

ئاپتورى: غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد
نەشرىيات: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2653927
ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 844000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1230×880 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 9.25
نەشرى: 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
باھاسى: 40.00 يۇەن

---